ISSN: 2602-389X
ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بېغىشلانغان ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال



# ئىزدىنىش

2019 ـ يىللىق 2 ـ سان
ئومۇمىي 6 ـ سان























تونۇلغان ئۇيغۇر يازغۇچى جالالىدىن بەھرام ۋە ئۇنىڭ ۋە ئۇنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك بىر قىسىم ئەسەرلىرى

# ژۇرنىلىمىز ھەققىدە

مەزكۇر ژۇرنال ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى كىلاسسىك ۋە نادىر ئەسەرلەرنى ئوقۇرمەنلەرگە تەقدىم قىلىش، ئۇيغۇر تىلىدا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كەسىپ ئىگىلىرى ۋە ھەۋەسكارلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىش، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ۋە ئەدەبىي تىلىنى باشقا تۈركىي مىللەتلەرگە تونۇشتۇرۇش، شۇنداقلا ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر ژۇرنالنى مەزمۇن ۋە سۈپەت جەھەتتىن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، خەلقئارادىكى سۈپەتلىك ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ سەۋىيەسىگە يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلىدىغان پەسىللىك ئەدەبىي ژۇرنال.

مەزكۇر ژۇرنالدا پەقەت ئەدەبىي ئەسەرلەرلا ئېلان قىلىنىدىغان بولۇپ، بىۋاسىتە ئۇيغۇرچە يېزىلغان ياكى باشقا تىللاردىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەلەر قوبۇل قىلىنىدۇ.

### ژۇرنالغا قوبۇل قىلىنىدىغان ئەدەبىي ئەسەرلەر:

1. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى كىلاسسىك ۋە نادىر ئەسەرلەر
2. ئىجادىي ئەسەرلەر
3. باشقا تىللاردىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەر
4. خەلق ئارىسىغا تارقالغان ئەقلىيە سۆز، ماقال-تەمسىل، چۆچەك، قوشاق، يۇمۇر قاتارلىقلار
5. ئۇيغۇرلار تەسۋىرلەنگەن رەسىملەر، فوتو-سۈرەت، ھەجۋىي رەسىملەر
6. مەلۇم رايونلاردىكى ئۇيغۇر ئارىسىدىلا قوللىنىلىدىغان سۆزلەر (لۇغەت)

### ئەسەر ئەۋەتىش ھەققىدە:

1. ئەسەرلەر uyjurnal@gmail.com ئادرېسى ئارقىلىق قوبۇل قىلىنىدۇ.
2. كىلاسسىك ۋە نادىر ئەسەرلەر ھەققىدىكى ئۇچۇرلار (ئاپتورى، ژانىرى، ئېلان قىلىنغان ژۇرنال، كىتاب، يىلنامە قاتارلىقلار) ئېنىق ئەسكەرتىلىشى كېرەك.
3. مە قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئەسلى تىلى ھەققىدىكى ئىزاھات ۋە ئەسلى تېكىستى تەمىنلىنىشى كېرەك.
4. ئىجادىي ئەسەرلەرنىڭ ژانىرى ئەسكەرتىلىشى كېرەك.
5. ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەردە ئەۋەتكۈچىلەرنىڭ (ئاپتورلار ۋە نەشرگە تەييارلىغانلار) ئىسمى يېزىلماسلىقى كېرەك.

### ئەسەرنىڭ باھالىنىشى ۋە قوبۇل قىلىنىشى:

1. ژۇرنالغا ئەۋەتىلگەن بارلىق ئەسەرلەر ژانىرىغا قاراپ ئۈچ باھالاش ھەيئىتىگە ئەۋەتىلىدۇ.
2. قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن ئەسەر ئاز دېگەندە ئىككى باھالاش ھەيئىتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتۈشى كېرەك.
   ئەسەرلەرنىڭ ئادىل باھالىنىشى ئۈچۈن، ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەردە ئاپتورلارنىڭ ئىسمى ياكى كىملىكى ھەققىدىكى ئۇچۇرلار بىلدۈرۈلمەيدۇ.
3. ئەسەرلەر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن، تىل-يېزىق ئىملا قائىدىسىگە رىئايە قىلىنغان ئاساستا يېزىلىشى كېرەك.
4. مەزمۇن جەھەتتىن ژۇرنالنىڭ قوبۇل قىلىش دائىرىسى ئىچىدە بولۇش كېرەك.
5. ئەسەر قوبۇل قىلىنسا، ئەسەر ئاپتورىدىن ئىسىم، تەخەللۇس (ئەگەر ئىشلىتىدىغان بولسا) ۋە قىسقىچە تونۇشتۇرۇش (ئەگەر ئاپتور تەمىنلەشنى خالىسا) تەلەپ قىلىنىدۇ.
6. ئەسەر قوبۇل قىلىنمىسا، قوبۇل قىلىنمىغانلىق ئۇچۇرى تەكلىپ ۋە پىكىرلەر بىلەن ئەۋەتىلىدۇ.
7. ئەسەرلەرنىڭ قوبۇل قىلىنىشى پۈتۈنلەي باھالاش ھەيئىتىنىڭ قارارى بىلەن بولىدۇ.

### ژۇرنالنىڭ ئېلان قىلىنىش شەكلى:

ژۇرنال پەسىللىك تور ژۇرنىلى بولۇپ، ئەرەب ھەرپلىرى، لاتىن ھەرپلىرى، سلاۋيان ھەرپلىرى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا ۋە (باشقا تۈرك مىللەتلىرىنىڭمۇ ژۇرنىلىمىزدىن پايدىلىنالىشى ئۈچۈن) بىرلىككە كەلگەن تۈرك ئېلىپبەسىدە بولۇپ جەمئىي تۆت نۇسخا ئېلان قىلىنىدۇ. يىلدا بىر قېتىم تۆت سان بىرلەشتۈرۈلۈپ يىللىق توپلام شەكلىدە نەشر قىلىنىپ، ئۇنىۋېرسىتېت ۋە ئاممىۋى كۇتۇپخانىلارغا ھەقسىز تارقىتىلىدۇ.

ھۆرمەت بىلەن: «ئىزدىنىش ژۇرنىلى» تەھرىرلىك ھەيئىتى

www.uyghuredebiyati.net

/izdinish /izdinish

# ئىزدىنىش ژۇرنىلى

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا بېغىشلانغان ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

Уйғур Әдәбиятиға Беғишланған Универсал Әдәбий Журнал

Uyghur Edebiyatigha Béghishlanghan Uniwérsal Edebiy Jurnal

www.uyghuredebiyati.net


## ئىجاتكارلىرىمىز


يازغۇچى، جامائەت ئەربابى جالالىدىن بەھرام .................................... جالالىدىن بەھرام 7


## نەسرىي ئەسەرلەر


ھارۋىكەش ............................................................... جالالىدىن بەھرام 9

خوجىلارنىڭ ۋەزىپىلىرى ........................... خەمىت ھەمرايېۋ (قازاقىستان) 13

رۇسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: مالىك مەھمەتوۋ (قازاقىستان)

تاتۇق ........................................................... لۇئىس بورخېس (ئارگېنتىنا) 19

ختايچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: تاھىر ھامۇت (ئامېرىكا)

بۆيۈك قوي ئىمپېرىيەسى .............................................. ئەزىز نەسىن (تۈركىيە) 24

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: مەمەتتۇرسۇن ئۇيغۇر (تۈركىيە)

يـاردەم ...................................................ئايشە بۇلۇت (تۈركىيە) 35

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئەسما ئىلھام (تۈركىيە)

ئائىلىگە خەت ..............................................................................

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: دىلمۇرات ئابدۇقەييۇم (تۈركىيە) 56

بىر مۆجىزىدۇر ياشىماق ..........................................مۇپاسسان (فرانسىيە)

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ھەبىبۇللا ئابلىمىت (گېرمانىيە) 75

ئوغلىمىز .............................................................. تارىك بۇغرا (تۈركىيە)

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: مەغپىرەت كامال يۇنۇسئوغلۇ (تۈركىيە) 80

گۈلدۈرماما ئاۋازى ........................................... رەي بىرەدبېرى (ئامېرىكا) 90

ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: سەرۋى (ئامېرىكا)


## ئويلىنىش ۋە ئىزدىنىش


ساختا مىللىيلىككە قارشى ھەقىقىي مىللىيلىك ............................. يۈجەل ئۇغۇرلۇ (تۈركىيە) 38

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئالىمجان ئابدۇلقادىر

چىلتەن مازىرى تەزكىرىسى .............................................. گۇستاۋ راكۇيت (شۋېتسىيە) 41

شۋېتچىدىن زۇلھايات ئۆتكۈر تەرجىمىسى

ئۇچار ئۇنىۋېرسىتېت ــ بىر پولشا ئەنئەنىسى ............................ئۈمىت شىمشەك (تۈركىيە) 45

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇلئەزىز ئاقھۇن

مەن نېمىشقا يازىمەن؟ .................................................. جورج ئورۋېل (ئەنگلىيە) 51

ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇرېھىم دۆلەت (تۈركىيە)

19 ـ ھېكمەت ........................................................ ئەخمەت يەسەۋى (قازاقىستان) 62

تۈركچىدىن نۇرزۇگۇم قۇتلۇق تەرجىمىسى



**2019 ـ يىللىق 2 ـ سان**

ئومۇمىي 6 ـ سان

ISSN: 2602–389X

**ژۇرنال مەسئۇلى، مۇھەررىرى**

مۇرات ئورخۇن



**باش تەھرىر**

زۇلھايات ئۆتكۈر (شۋېتسىيە)

**تەھرىر ھەيئىتى**

ئالىمجان ئىنايەت (تۈركىيە)

ئادەم ئۆگەر (تۈركىيە)

مەمەتتۇرسۇن زۇنۇن ئوقيا (ئەنگلىيە)

رىدۋان ئۆزتۈرك (تۈركىيە)

ئەكبەرجان باۋۇدۇن (قىرغىزىستان)

مەغفىرەت كامال (تۈركىيە)

راھىلە قەشقەرى (تۈركىيە)

دىل رەيھان (فرانسىيە)

مولوتجان توختاخىنوۋ (قازاقىستان)

سابىرەم ئەنۋەروۋا (قازاقىستان)

زۇلھايات ئۆتكۈر (شۋېتسىيە)

دىلدۇز تېلمان (ئامېرىكا)

**خەتتات**

نۇر ئەفۋان

**بەتچىك**

ئالىمجان ئىبراھىم

چىڭگىز ئايتماتوف ھېكمەتلىرى ........ چىڭگىز ئايتماتوف (قىرغىزىستان) 63
ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: پاتىمە مەمەت (تۈركىيە)
ئەقلىيە سۆزلەر ........ مەجھۇل (گېرمانىيە) تەييارلىغان 65
ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسى ........ ھەبىبۇللا ئابلىمىت (گېرمانىيە) تەييارلىغان 82

## شېئىرىيەت گۈلزارى

قوش جىنازا ........ نىيازئەلى ئادىل 8
ئەلۋىدا ........ ئابلىز ئوبۇل فونتان 9
يېڭىلمەس ........ ۋىليام ئېرنىست خېنلى 12
ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: فاتىمە ئابدۇلغەفۇر سەيياھ (ئاۋستىرالىيە)
غېرىبلىق ........ زېلىمخان ياقۇپ (ئەزەربەيجان) 27
ئەزەربەيجانچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: نۇرزۇگۇم قۇتلۇق (تۈركىيە)
ئىككى شېئىر ........ ئېلىزابېت باررېت بىرووۋنىڭ (ئەنگلىيە) 28
ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: خەندان (تۈركىيە)
بىر شېئىر ........ ۋىليام سادىقوۋ (رۇسىيە، ئۇيغۇر) 29
رۇسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ۋ. مولوتوۋ (ئۇيغۇر، قازاقىستان)
ئىككى شېئىر ........ چولپان (ئۆزبېكىستان) 30
ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: مۇرات ئورخۇن (تۈركىيە)
ئاي كەبى ........ ئۇنسى ئەلھاج (لىۋان) 31
ئەرەبچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئەركان (تۈركىيە)
ئىككى شېئىر ........ ئېلىزابېت.س.روناي (ۋېنگرىيە) 32
ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: پەرىدە ئەخەت (كانادا)
جانان يايلاقتا چىققاندا ........ ئاشىق مۇرادى (تۈركىيە) 32
تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئالىمجان مەتقاسىم غەمناكى (تۈركىيە)
ھەسرىتىڭدىن كىشەنلەر ئۈپراتتىم ........ ئەھمەد ئارىف (تۈركىيە) 33
تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئالىمجان مەتقاسىم غەمناكى (تۈركىيە)
مەن ئەمەس ئىدىم ........ ئۆزدەمىر ئاساف (تۈركىيە) 33
تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئالىمجان مەتقاسىم غەمناكى (تۈركىيە)
ئۆلۈم ناخشىسى ........ ئورخان ۋەلى كانىك (تۈركىيە) 33
تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئالىمجان مەتقاسىم غەمناكى (تۈركىيە)
خۇشاللىقتا مەرھەمەت ........ خەلىن ستەينېر رايس (ئامېرىكا) 34
ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: دىلدۇز تېلمان (ئامېرىكا)
جىنايەت ........ گۈلنازا ئادىلوۋا (ئۆزبېكىستان) 34
ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن (ئەنگلىيە)
سۆيگۈ ........ ئەھمەت سەلچۇك ئىلكان (تۈركىيە) 50
تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئەركان (تۈركىيە)
كېرەمگە ئوخشاش ........ نازىم ھېكمەت (تۈركىيە) 58
تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئالىمجان ئىنايەت (تۈركىيە)
شېئىرلار ........ توماس ترانستروْمېر (شىۋېتسىيە) 60
شىۋېتچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت (شىۋېتسىيە)
قايسى كۈندەسەن، تۈركىستان ........ تىمۇر كوجائوغلۇ (ئامېرىكا) 67
ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: مۇرات ئورخۇن (تۈركىيە)
بۇ دۇنيانىڭ سەھنىسىدە ........ ۋىلىئام شېكسپىر (ئەنگلىيە) 69
ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن (ئەنگلىيە)
ئارزۇسى ئىچىدە ........ ئارسلان بايىر (تۈركىيە) 71
تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: پاتىمە سەمەت (تۈركىيە)

بىر قارا بوران ..................... ئاتائول بەھرام ئوغلى (تۈركىيە) 72
تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئىلمىنۇر ئەفۋان (تۈركىيە)
راككا ..................... خىلىل ئىبراھىم ئۆزجان (تۈركىيە) 73
تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: مۇرات ئورخۇن (تۈركىيە)
دەرمانسىز مۇشۇكلەر غەزىلى ..................... ھەيدەر ئەرگۈلەن (تۈركىيە) 74
تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئەركان (تۈركىيە)
ئىككى شېئىر ..................... مۇقەددەس نۇر (ياپونىيە) 84
ياپونچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: مۇقەددەس نۇر (ياپونىيە)
ئاخىسكا داستانى ..................... ئاشىق گۈلئالى (تۈركىيە) 85
ئاخىسكاچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: نۇرزۇگۇم قۇتلۇق (تۈركىيە)
ئەي گۈزەل قىرىم ..................... ئاشىق گۈلئالى (تۈركىيە) 86
قىرىمچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: نۇرزۇگۇم قۇتلۇق (تۈركىيە)
سەۋەبكارىم ..................... فاتىمە ئابدۇلغەفۇر سەيياھ (ئاۋستىرالىيە) 87
ئېنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: دىلمۇرات ئابدۇقەييۇم (تۈركىيە)
شېئىرلىرىم ..................... مۇتەللىپ ئىقبال (ئامېرىكا) 88

## كىتاب ئۇچۇرلىرى ۋە خەۋەرلەر

خوجىلارنىڭ ۋەزىپىسى ..................... ئابدۇرېشىتھاجى كېرىمى 99
بوستانۇل ئارىفىن ..................... ئابدۇجېلىل تۇران (تۈركىيە) 100
ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسى ..................... ئايشەم ئۇيغۇر قىزى (تۈركىيە) 101
1984 ..................... ئالىمجان ئابدۇلقادىر (تۈركىيە) 102
ئۇچار ئۇنىۋېرسىتېت ..................... مۇھەممەد يۇسۇپ (تۈركىيە) 103
تۇنجى قېتىملىق «مەن ـ ناتىق» ئۇيغۇر غۇنچىلىرى نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزۈلدى ..................... خەندان (تۈركىيە) 104



مۇقاۋىدا: ئىپارخان ، «ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەت قامۇسى»دىن ئېلىندى



# يازغۇچى، جامائەت ئەربابى جالالىدىن بەھرام

جالالىدىن بەھرام 1942ـ يىل 8ـ ئاينىڭ 16ـ كۈنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ غۇلجا شەھرىدىكى بىر تىككۈچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ ئاتىسى بەھرام ئەپەندى ئۇستا ھۈنەرۋەن بولۇپلا قالماي، بەلكى ئىلى ناخشىلىرىنى ھەقىدادىغا يەتكۈزۈپ ئېيتىدىغان خەلق ناخشىچىسى، يازغۇچى ھەم رەسسام ئىدى. ئۇ مەرىپەتپەرۋەر ئادەم بولۇپ، خۇش ـ پېئىللىق ۋە چاقچاقچىلىق بىلەن ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇ زېرەك ھەم تېتىك چوڭ بولۇۋاتقان ئوغلىغا خەلق ـ چۆچەكلىرى ۋە داستانلىرىنى چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن سۆزلەپ بېرەتتى. شۇنداقلا ئۇنىڭغا ھەرخىل رەسىملەرنى كۆرسىتىپ، رەسساملىقنىڭ سېھرى ـ كۈچىنى تەرىپلەيتتى. شۇڭا، جالالىدىن بەھرام: «مېنىڭ يۇمران قەلبىمگە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئۇرۇقلىرىنى چېچىپ، رەسساملىق ۋە ئەدەبىيات بىخلىرىنى يېتىشتۈرگەن ئاتامنى ھەر دائىم مەمنۇنىيەت بىلەن ئەسلەيمەن...» دەيدۇ.

جالالىدىن بەھرام 1950ـ يىلدىن 1954ـ يىلغىچە غۇلجا شەھرىدىكى «روشەن» باشلانغۇچ مەكتەپتە، 1954ـ يىلدىن 1957ـ يىلغىچە ئىلى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان. رەسىم كۇرژوكى، ئەدەبىيات كۇرژوكى قاتارلىقلارغا قاتنىشىپ، مەكتەپنىڭ تەشۋىقات تاختىلىرىدا تۇنجى قېتىم بالىلىق ھېسسىياتى بىلەن يازغان شېئىرلىرىنى ئېلان قىلغان. 1957ـ يىلى ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا كېلىپ، 1958ـ يىلغىچە مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ رەسىم سىنىپىدا ئوقۇغان. 1958ـ يىلى سەنئەت ئىنستىتۇتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، 1958ـ يىلدىن 1961ـ يىلغىچە سەنئەت ئىنستىتۇتىنىڭ رەسىم كەسپى سىنىپىدا ئوقۇغان.

جالالىدىن بەھرام خىزمەتكە قاتناشقاندىن كېيىن، 1961ـ يىلدىن 1976ـ يىلغىچە خوتەن ناھىيىسىنىڭ سەيشەنبە بازار ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. 1976ـ يىلدىن 1981ـ يىلغىچە خوتەن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدا خىزمەت قىلغان. 1981ـ يىلدىن باشلاپ خەلق نەشرىياتىنىڭ گۈزەل ـ سەنئەت بۆلۈمىدە مۇدىر مۇھەررىرلىك خىزمىتىنى ئۆتىگەن.

جالالىدىن بەھرامنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتى 1963ـ يىلدىن باشلانغان. ئۇ دەسلەپتە كىچىك تىپتىكى سەھنە ئەسەرلىرىنى يازغان. لېكىن، 1966ـ يىلى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» باشلىنىش بىلەنلا، ئۇنىڭ «ئۆمۈر خاتىرىلىرى» قاتارلىق پوۋېستلىرى ھەمدە ساقلاپ كەلگەن ئەتىۋارلىق كىتاپلىرى بۇلاپ كېتىلگەن ۋە ناھىيىنىڭ گۈلباغ رەستىسىدە كۆيدۈرۈلگەن. «مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى» دەپ ئاتالغان ئاپەتلىك يىللارنىڭ بورانلىرىدا، «ئۈششۈك تەگكەن» ۋە «قوشكۆل»لەردە ئىشلەشكە سۈرگۈن قىلىنغان.

---

بۇ ماقالە ئۇيغۇر ئاگېنتلىقى ۋە باشقا تورلاردىن ئېلىندى.

جالالىدىن بەھرام ئەدەبىيات ئىجادىيىتى ھەم گۈزەل ـ سەنئەتتىن ئىبارەت ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قوش تۈرىدە مول ـ ھوسۇل بېرىۋاتقان ئىقتىدارلىق يازغۇچى، تالانتلىق رەسسامدۇر. ئۇ ھازىر كاندىدات ئالىي مۇھەررىر، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

جالالىدىن بەھرام ئۇيغۇر يازغۇچىلار ئىچىدە ئەڭ كۆپ رومان يازغان ۋە ئۇيغۇر رومانچىلىقىنىڭ تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشقان يازغۇچىلاردىن بىرى. جالالىدىن بەھرامنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتى 1963 ـ يىلى، ئۇ 21 ياش ۋاقتىدا رەسمىي باشلانغان. شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۇ ئون پارچە ھېكايە، پوۋېستلار توپلىمى (10كىتاب)، 14 رومان (21 پارچە كىتاب)، 16 تېلېۋىزىيە فىلمى (ھەممىسى فىلىم قىلىپ ئىشلەنگەن)، جەمئىي 29 كىتاب، تېلېۋىزىيە سىنارىيەسى يازغان. بۇلاردىن باشقا ئۇ يەنە، «قەدىمكى ئۇيغۇر ئۇۋچىلىرى»، «موللا مۇسا سايرامى»، «فارابى»...قاتارلىق نەچچە ئون پارچە نادىر رەسىملەرنى سىزغان. «ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە، موڭغۇلچە، شىبەچە 500 پارچىدىن ئارتۇق كىتابنىڭ مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگەن ۋە مىڭلىغان قىستۇرما سۈرەت، كۆنچەك، نەقىشلىرىنى ئىشلىگەن» (يازغۇچىلار مەجمۇئەسى 2006 ـ يىللىق 1 ـ سان). ئۇنىڭ «ماناس»داستانىنىڭ مۇقاۋىسى قاتارلىق بىر قانچە رەسىم ئەسىرى مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن، «ئانا مېھرى» ناملىق ھېكايىسى 11 ـ نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن، بىرقانچە پارچە ئەسىرى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىگە كىرگۈزۈلگەن.

# قوش جىنازا

(ئاتاقلىق يازغۇچى، رەسسام جالالىدىن بەھرام ۋاپاتىغا مەرسىيە)

نىيازئەلى ئادىل

بىر خەۋەرلەر ئاڭلىدىم ئەلدىن،
يۈرىكىمنى كۆيدۈردى ئەلەم.
توختىتىغاندا ئوتلۇق بىر يۈرەك،
توختىدىمۇ بىر نادىر قەلەم.

ھازىردۇر «كۆمۈرچى بالا»،
ھازىردۇر «سەلىمە» قىزچاق.
«قوش جىنازا» كۆتۈرگەندە ئەل،
ئۆكسۈمەكتە «لېيىغان بۇلاق».

«ناتىۋانلار» قالدى مۇڭسىراپ،
شۇ بولدىمۇ «ھايات قىسمىتى»؟
ھەممىگە بار «ئامەت ۋە ئاپەت»،
تۆكۈلمەكتە «تىمساھنىڭ يېشى».

«كونا قاپقان» قالدى قۇملۇقتا،
«تەكلىماكان ئوغلى» نى ساقلاپ.
«قاباھەتلىك چۈش» دۇر بۇ گويا،
«دانىيور تاغا» قالسا گەر ئاڭلاپ.

«قاچقۇن» ئىكەن ئۆمۈر ئاشۇنداق،
«قامغاق» كەبى قىساركەن جاننى.
بۇ ئۆمۈرگە بىزلەر «ھارۋىكەش»،
شۇڭا «بۇلبۇل بوستاننى تاپتى».

يىغلا خەلقىم، يىغلا «ئايگۈزەل»،
ئەلنىڭ ئوغلى «ئۇ سىپنىڭ ئاتاك».
«ئۆتنە ئالەم» ئايرىدى بىزدىن،
«قۇملۇقتىكى ئاتەش» دۇر يارالك.

تىلەكلىرىم يەتسۇن يېنىڭغا،
ئۇنتۇلمايدۇ قەلىمىڭ ئىزى.
يادلىنىدۇ ئاشۇ «جاپالىق
ئەجرىڭنىڭ شىرىن مېۋىسى».

2019 ـ يىلى 17 ـ ماي جۈمە
غۇلجا موڭغۇلكۈرە شوتا يېزىسى

# ئەلۋىدا

(ئۇستاز، يازغۇچى جالالىدىن بەھرامغا مەرسىيە)

ئابلىز ئوبۇل فونتان

بۈگۈن سەھەر خەۋەرنى ئاڭلاپ
راستلىقىغا ئىشەنمەي قالدىم.
«مېھرىگىياھ»نى باغرىمغا بېسىپ
كۆزلىرىمگە يۇم-يۇم ياش ئالدىم.

«ناتىۋانلار» كۆڭلۈمدە قالغان،
كۆزيېشىمدۇر نازۇك قىسمەتلەر.
«سۇرمازار» ۋە ئاي خېنىملارنىڭ
ئەستىن چىقماس ئاچچىق كۈلپەتلەر.

ئېھ... ئۇستازىم ئەلۋىدا، كەتتىڭ،
كۆك ئاسمانمۇ تۆكتى يېشىنى.
پۈتۈن خەلق قايغۇ ئەلەمدە،
ھەتتا فونتان ئۇردى بېشىنى.

«لېيىغان بۇلاق» پۈتتى قولۇڭدا
ئالالمىدى ئورنۇڭنى ھېچكىم.
قەشقەر، خوتەن، ئىلى، تۇرپانلار
ياش تۆككەندۇر يامغۇردەك بەلكىم.

خەير ئۇستاز، يېتىڭ خاتىرجەم
مەدەنلەرنى مەڭگۈ ساقلايمىز.
قەلبىمىزدە ياساپ ئابىدە،
غايىڭىزنى ھامان ئاقلايمىز

# ھارۋىكەش

(ھېكايە)

جالالىدىن بەھرام

ئابدۇۋەلى چاققانغىنا يۈك - تاقىسىنى كۆتۈرۈپ، قىسقا يوللۇق ئاپتوبۇس بېكىتىگە كەلگەندە، «يالغۇز تېرەك» گۇڭشېسىغا قاتنايدىغان ئاخىرقى ئاپتوبۇسمۇ مېڭىپ كەتكەنىدى.

ئابدۇۋېلى ھاممال ۋە ھارۋىكەشلەرنىڭ: «ئاكا، نەگە بارىسىز؟ قېنى ھارۋىغا چىقىڭ، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلا ئاپىرىپ قويىمەن» دېگەن تەكلىپلىرىنىمۇ ئاڭلىمىدى. چۈنكى، ئۇ بېكەت ئالدىدىكى يوغان بىر تۈپ كارداڭ سېدە بىلەن ئاسمانغا بوي تارتقان سۇۋادان تېرەكلەرگە قارىغىنىچە ئۇزۇن يىللار مۇقەددەم بولۇپ ئۆتكەن بىر ئىشنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

ئۇ چاغدا بۇ بېكەت ئورنىدا بىر خارابە دەڭ بولىدىغان. مانا مۇشۇ بىر تۈپ سېدە تۈۋىدە، كەنت باشلىقى ئىبراھىم تۆگىنىڭ ئون تۆت ياشلىق ئوغلى غۇلام ئۇنى ئۇزىتىپ قويغانىدى. ئابدۇۋەلىنىڭ ھېلىمۇ ئېسىدە تۇرۇپتۇ، غۇلام بىر قولىدا دوپپىسىنى، بىر قولىدا ئېشەكنىڭ چۇلۋۇرىنى سىقىمداپ، كۆزلىرىدىن مونچاق - مونچاق ياش تۆكۈپ: « مىرزا ئاكا، يالغۇز تېرەكنى ئۇنتۇپ قالماڭ» دېگەنىدى. چارەك ئەسىر ئەلۋەتتە ئاز ۋاقىت ئەمەس ــ دە! ئۇ بۇنىڭدىن يىگىرمە سەككىز يىل ئىلگىرى، يەر ئىسلاھاتى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ «بالا كاتىپى» بولۇپ «يالغۇز تېرەك» تە يەتتە ئاي تۇرغان. ئىسلاھات مېۋىلىرىنى تارقىتىپ، يەرلەرگە قوزۇق قېقىپ، دىلكەش دېھقانلارنىڭ خۇشاللىقىغا ئورتاقلاشقان! شۇ چاغدا «بالا مىرزا» دېگەن نامغا ئىگە بولغان. بۈگۈنكى

بۇ ھېكايە 2000 - يىلى نەشر قىلىنغان «جالالىدىن بەھرام ھېكايىلىرىدىن تاللانما» ناملىق توپلامدىن ئېلىندى.

كۆندە ئۇ پارتىيەنىڭ يېزىلارغا قاراتقان «بەشنى بىكىتىپ، بىرنى مۇكاپاتلاش» سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن ۋىلايەتتىن بۇ ناھىيەگە يەنە كېلىپ قالدى.

ئابدۇۋەلىنىڭ تەكلىپى بويىچە تۆنۈگۈن ناھىيەلىك پارتكوم ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ ئۇلاردىن پىكىر ئالدى. كادىرلار: بۇ سىياسەتنىڭ كەڭ دېھقانلار ئاممىسىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپلىقىنى بىردەك قوزغىغانلىقى ھەتتا مەشغۇلات گورۇپپىلىرى ئۆزئارا «ۋەزىپىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنداپ گورۇپپا ئەزالىرىنىڭ يىللىق كىرىمىنى كۆپەيتىش»نى شەرت قىلىپ، مۇسابىقە ئېلان قىلغانلىقى ھەققىدە قىزغىن پىكىر بايان قىلىشتى. لېكىن، «يالغۇز تېرەك» تىن كەلگەن ياش شۇجى ئايۇپ تاماكىسىنى پۇرقىرىتىپ، ئايىغى ئاستىغا تۆكۈلۈپ بىشىنى ئېچىگە تىقىپ ئولتۇراتتى.

— قېنى ئايۇپ، سىزمۇ سۆزلەپ باقامسىز؟ — ناھىيەلىك پارتكوم شۇجىسىنىڭ تۇيۇقسىز سوئالى ئايۇپنى گاڭگىرىتىپ قويدىمۇ نېمە، ئۇ دەماللىققا بىر نەرسە دېيەلمەي دۇدۇقلاپ قالدى.

— مەن...مەن...ھىم...ماقۇل، سۆزلەي، — ئايۇپ قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى، — بىزنىڭ گۇڭشېنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى باشقا جايلارغا ئانچە ئوخشىمايدۇ، ئادەملىرى سەل گەدەنكەش، «بەشنى بىكىتىپ، بىرنى مۇكاپاتلاش» نى يولغا قويغان ئىككى يىل ئىچىدە بۇ خەق ھارامزادىلىشىپ، يەرلەرنى تاشلاپ، گورۇپپىلارنى چۇۋۇپ، بىرسى ھارۋىكەش، بىرسى ناۋاي، بىرسى قاسساپ بولۇۋالدى. شۇڭا...

ئايۇپ ئۆزىنى ئاقلاپ قانچە قىلىپ باققان بىلەنمۇ ھامان سۆزلىرى قولاشمىدى. ئۇنىڭ سۆزىنى ئاخىرىغىچە ئاڭلاشقا تاقەت قىلالمىغان كادىرلار تەرەپ ـ تەرەپتىن پىكىر بايان قىلىشتى. قىسقىسى، ئايۇپ مۆلدۈردەك يېغىۋاتقان تاپا ـ تەنىلەر ئاستىغا كۆمۈلۈپ كەتتى.

— كۆپچىلىك يولداشلار توغرا ئېيتتى، — دېدى پارتكوم شۇجىسى ئايۇپقا قاراپ، — «يالغۇز تېرەك» ھەققىدىكى ئىنكاسلار ۋە كەلگەن خەت ـ چەكلەر مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، «بەشنى بىكىتىپ، بىرنى مۇكاپاتلاش» خىزمىتىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە تەكشۈرۈش ئۈچۈن ناھىيەلىك پارتكوم تەرىپىدىن جايلارغا ئادەم بارىدۇ. ۋىلايەتلىك پارتكومدىن كەلگەن يولداش ئابدۇۋەلى «يالغۇز تېرەك» نى ئۆزى تۇتۇپ ئىشلىمەكچى.

يىغىندىن كېيىن پارتكوم شۇجىسى ئابدۇۋەلىنى ئەتە ئەتىگەندە ماشىنا بىلەن ئاپىرىپ قويۇشنى ئېيتقان بولسىمۇ لېكىن ئابدۇۋەلى بۈگۈن كەچتىلا يېتىپ بېرىشنى ئويلىغانىدى...

— كادىر ئەپەندىم، نەگە بارىسىز؟ — ئابدۇۋەلى ئالدىدا تۇرغان كەكە ساقال، پاكار بويلۇق، كونا چىبەرقۇت چاپىنى ئۈستىدىن قارا پوتا باغلىغان ھارۋىكەشكە قارىدى.

— «يالغۇز تېرەك»كە.

— قېنى، ھارۋىغا چىقىڭ. ناماز شام بولۇپ قالدى. مەنمۇ شۇ ياققا كېتىمەن، — ھارۋىكەش ئابدۇۋەلىنىڭ يۈك ـ تاقىسىنى ھارۋىغا باستى.

ئۇلار چوڭ يولغا چىققاندىن كېيىن ھارۋىكەش «يولنى قىسقارتىش» ئۈچۈن بولسا كېرەك، تاغدىن ـ باغدىن گەپ سوراپ ماڭدى. ئابدۇۋەلىنىڭ قىسقا جاۋابلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇ ئېچىلىپلا سۆزلەپ كەتتى.

— ئوھوي، ۋىلايەتتىن كەلدىم دەڭ! قانداق، ئۇ تەرەپلەردىكى ناھىيەلەردىمۇ مەھسۇلاتنى كۆتۈرە بېرىپ، مەشغۇلات گورۇپپىلىرى قۇرۇلغاندۇ؟

— شۇنداق، دېھقانلار ھەر ھالدا قەد كۆتۈرۈۋاتىدۇ، — دېدى ئابدۇۋەلى ھارۋىدا جايلىشىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، — بۇرۇنقىدەك «ئىش ـ ئىشچاننىڭ، نومۇر گەپداننىڭ» بولىدىغان ۋاقىتلار ئۆتۈپ كەتتى، ئىشقىلىپ ئىشلەيدىغاننىڭ كۆنى تۇغدى.

— توغرا ئېيتتىڭىز، قۇلاق ئاڭلاپ، كۆز كۆرۈپ تۇرۇپتۇ، ھەممىلا يەردە كۆڭۈل يايراپ، گۈلقەقەلىرىنىڭ ئېچىلغاندەك ئىشلار بولۇۋاتىدۇ، لېكىن، بىزنىڭ «يالغۇز تېرەك»زە...

— ھە، «يالغۇز تېرەك» قانداق، ئوخشىمامدۇ؟

— ھەي ...— دېدى ھارۋىكەش بېشىنى ئىرغىتىپ، — مانا مەن ئەسلىدە دېھقان. ھۆكۈمەت دېھقاننى «بېيىۋالسۇن» دەپ مىڭبىر چارىلەرنى كۆرۈۋاتىدۇ. لېكىن، بەزى باشلىقلىرىمىز: «بۇ خەقنىڭ قوۋۇرغىسىغا كىچىككىنە ماي قوندىمۇ بولدى، سالام ـ سائەتنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدۇ» دەپ، ئەلمىساقتىن تارتىپ ئاللىمىغان مو بېشى مەھسۇلاتنى ئارتىپ قويسا دېھقاننىڭ ھال ـ كۈنى يەنىلا شۇ «ئاتام ئېيتقان بايىقى» بولمامدۇ؟ خۇددى « خۇدا بەرسە، خۇدا بەردىنىڭ قورسىقى كۆپتى» دېگەن شۇ ـ دە.

ئابدۇۋەلى ھارۋىكەشنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاۋېتىپ، ئايۇپ شۇجىنىڭ «بۇ خەق ھارامزادىلىشىپ كەتتى» دېگەن سۆزىنى دەرھال ئېسىگە ئالدى. ئايۇپ شۇجىنىڭ ئەلپازىدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، تېخى ئاز ساندىكى كادىرلار ئۆز ئالدىغا يەرلىك سىياسەت چىقىرىپ، پارتىيەنىڭ نۆۋەتتىكى يېزا ئىگىلىك سىياسىتىگە پۇتلىكاشاڭ بولۇۋاتقانلىقى ناھايىتى ئېنىق ئىدى.

ھارۋىكەش ئەلەم بىلەن مىيىقىدا كۈلۈپ قويىدى ـ دە ، يوغان قاداق ئالقانلىرىدا ساقىلىنى سىلاپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى.

ــ دۆيىمىز نەچچە يىلدىن بېرى تېرىيالماي زېرىكىپ تاشلىۋەتكەن قىيپاش يارلىقتىكى ئاتمىش مو يەرنى گۇرۇپپىمىزدىكى بەش ئائىلىگە بۆلۈپ بەردى،ــ دېدى تايىقىدا ئېشىكىنىڭ دۈمبىسىنى نوقۇپ،ــ بىز ئېسىمىزنى بىلگەندىن بېرى، بۇ يەرنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى ئىككى يۈز جىڭغا يەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان ئەمەسمىز، بەزى پەسىل ياخشى كەلمىگەن يىللىرى ئۇرۇقلۇق دېگەن ئاقتىمۇ، كۆكتىمۇ يوق، ھېچنېمە ئالالمايسەن. تېخى سۇغىرىش ۋاقتىدا باشقا يەرلەردەك ناخشاڭنى دۈك قويۇپ بېرىپ سۇغىرىدىغان گەپ يوق، بىر كۈزۈك ئارقاڭدا، بىر كۈزۈك ئالدىدا بولمىسا، سۇ دېگەن توسۇن ئاتتەك يۈگۈرۈپ مايسىلارنى ئېقىتىپ كېتىۋېرىدۇ. مانا مۇشۇنداق ئەپلەشمىگەن يەردىن «تۆتيۈز جىڭ ئالىسەن» دېسە، سىزمۇ ۋاك دەيسىز.

ــ ئۇنداقتا سىز دېھقانچىلىقنى تاشلاپ، ھارۋىكەشلىك قىلىۋېتىپسىز ـ دە؟

ــ ھەئە،ــ دېدى ھارۋىكەش ئېشىكىنى تايىقىدا نوقۇپ قويۇپ،ــ «ئالە يېرىڭنى چېكەڭگە تېڭىۋال، بوينۇڭغا تۇمار قىلىپ ئېسىۋال» دېدۇق. ھېسابلاپ كۆرسەڭ، يىل ئاخىرىدا ئۆزىمىزگە قالدۇرۇلغان يەرنىڭ ھوسۇلىنى قوشۇپ بەرسەكمۇ ئورۇنداپ كېتەلمەيدىغانلىقىمىزغا كۆزىمىز يەتتى، بۇنداق قىلغان گۇرۇپپىلار بىزلا ئەمەس،ــ ھارۋىكەش خۇددى ئېشىكىنىڭ قەدىمىنى ساناۋاتقاندەك ئۇزۇن جىمىپ كەتتى ـ دە، بىردىنلا قولىنى شىلتىپ سۆز باشلىدى،ــ بىر كۈنى ئەزالار يىغىنىدا ئەترەت باشلىقى: «كىم قوشۇمچە كىرىمگە چىقىدۇ؟» دېدى، «مەن» دېدىم. «يىلىغا ئۈچيۈز ئاتمىش كوي تاپشۇرىسەن» دېدى، «ماقۇل» دېدىم. «دۆيدە ئۇن ئىككى ھارۋىغا باشلىق بولۇپ ئىشقا سالىسەن، ئۇن پىرسەنتىنى ئۆزۈڭگە، قالغىنىنى ھارۋىكەشلەرگە بېرىسەن» دېدى، « بولىدۇ» دېدىم . ئاردىن بىر ئاي ئۆتۈپ :«سەن پايدا ئېلىپ كېتىدىكەنسەن، بەش پىرسەنتىنى ئالساڭ، شەتەتتە ـ پەتەتتە» دەپ تىلىنى چايناپدۇ، «كۆتۈر قاسقىنىڭنى، نېمە دېسەڭ ماقۇل دەيدىغان ھېلىم بوزەك ئەمەسمەن، بەش پىرسەنتلىك بىلەن ئۆيدىكى بەشۋەتەك جاننى قانداق باقىمەن مېنىڭ باللىرىم ھاك بىلەن زاك يەمدۇ» دېسەم، «ھەي، بۇ بىر سىياسەت، گۇڭشې پارتكومى تەستىقلىغان سىياسەت بىلەمسەن، سىياسەت دېگەن تاش، سەن بولساڭ بىر تۇخۇم ... » دېمەمدۇ، ئاچچىقىمدا : «كۈنىگە ئۇن ياڭزا سىياسەت چىقىرىدىكەنسەن، سىياسىتىڭگە ئىگە بولالمايدىكەنسەن، يەنە نېمە پالان ـ پوكۇن دەيدىغان ھەققىڭ بار ئىشلىمەيمەنغۇ قانداق قىلىسەن» دەپ پېشىمنى قېقىپ چىقىپ ھارۋىكەشلىك قىلىۋاتىمەن.

ئابدۇۋەلى ھارۋىكەشنىڭ سۆزلىرىگە نە كۈلۈشنى، نە ئېچىنىشنى بىلمەي قالدى. دەرۋەقە، ئۇ ناھىيەلىك پارتكوم شۇجىسى ئېيتقاندەك «يالغۇز تېرەك»تە مەسىلىنىڭ خېلىلا ئېغىرلىقىنى پەملىۋالدى.

ــ بۇ ئىشلار چوقۇم ئىزىغا چۈشىدۇ، مەركەزنىڭ بۇ توغرىلىق بىرلىككە كەلگەن چارە ـ تەدبىرلىرى بار، «يالغۇز تېرەك» مۇ ئۆڭشىلىدۇ،ــ دېدى ئابدۇۋەلى ھارۋىكەشكە تەسەللى بېرىپ.

ــ شۇ، شۇ، بىزنىڭ «يالغۇز تېرەك» تىن باشقا يەرلەرنى مۇشۇ ئىككى قارا كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپتىمىز،ــ دېدى ھارۋىكەش جىددىي قىلىپ ،ــ ئالايلى، بېقىنىمىزدىكى «رۇشەنباغ» كەنتىدە سەككىز ئائىلىگە يۈزمو يەر بېرىپ، «مو بېشىغا ئىككى يۈز توقسان جىڭ مەھسۇلات تاپشۇرىسەن» دەپ بەش يىللىق مۇقىملىدى. بۇلتۇر ئۇلار يېمەك ـ ئىچمەك يەم ـ خەشەكلىرىنى غەملەپ، ھەر بىر ئائىلە يەنە نەق ئىككى مىڭ تەڭگە ئارقىسىغا سېلىۋالدى، بىز كالپۇكلىرىمىزنى يالىشىپ قالدۇق. تېخى نېمە دەيدۇ دېمەمسىز، «بۇلتۇر پىلانلىق باشقۇرالماپتىمىز، بۇ يىل دۆلەتنىڭ ۋەزىپىسىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنداشتىن سىرت، ئۈچ مىڭدىن ئاشۇرىمىز» دەيدۇ.

ــ ھەقىقەتەن «روشەنباغ» ياخشى باشقۇرۇلۇپتۇ،ــ دېدى ئابدۇۋەلى.

ــ شۇنداق، ئەترەت باشلىقى ياشىنىپ قالغىنى بىلەن كونا دېھقان، ئىشنىڭ ئېپىنى بىلىدۇ، دۆلەتنىڭ ۋەزىپىسىنىمۇ مىختەك قادىلىپ تۇرۇپ ئالىدۇ. قالغىنىغا تاغارلاپ ئالتۇن ئۇسسۇۋالساڭمۇ قىيا كۆزىنى سالمايدۇ، كۆكسى ـ قارنى توق

سىياسەتنى جانلىق ئىشلىتىدىغان ئادەم - دە !

— هارۋىكەش بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە ئۆزىگە - ئۆزى سۆزلەپ كېتىپ باراتتى، — دەريادا سۇنىڭ ئۇلۇغ ئىكەنلىكىنى بىلمىز. لېكىن، كىچىك ئېرىق مىرابلىرىنىڭ ئاچ كۆزلۈك قىلىۋاتقانلىقى «مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرمامدۇ! ئامىزە، بىر قىسىم قارا تورۇك ئادەملەر ھۆكۈمەتتىنلا كۆرىدۇ - دە! ۋۇي، — دېدى هارۋىكەش كەنت ئۆيلىرىنىڭ قارىسى كۆرۈنۈشكە باشلىغاندا، — گەپ بىلەن كېلىپمۇ قاپتىمىز، ئۇدۇل گۇگۇشىغا ئاپىرايمۇ ؟

ئابدۇۋەلى بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن هارۋىكەشتىن سورىدى:

— ئىبراھىم تۆگىنىڭ ئۆيىنى بىلەمسىز؟—

— بىلىمەن... قانداق؟

— ئۇ ھازىرمۇ بارمۇ؟

— بار ... نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟

— مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە چۈشمەكچى ... ھەي...

— دېدى ئابدۇۋەلى نېمىنىدۇر ئەسلەپ، — مەن 1952 - يىللىرى ئۇنىڭ ئۆيىدە...

— ھە؟... ئېتىڭىز نېمە؟ — هارۋىكەش چۆچۈپ سورىدى.

— ئابدۇۋەلى.

— ئابدۇۋەلى؟ — شۇۋرلىدى هارۋىكەش ۋە بىردىنلا ۋارقىرىۋەتتى، — ئاھ «مىرزا ئاكا» ... مەن... غۇلام ئەمەسمۇ ؟

— غۇلام ... — ئۇلار ھەر ئىككىسى ھاۋادىلا قۇچاقلىشىپ كەتتى.

— مىرزا ئاكا، — دېدى هارۋىكەش مەھەللىگە كىرىپ كېلىۋېتىپ، — ئېسىڭىزدىمۇ؟ بىر چاغلاردا كېچە - كۈندۈز تىنماي كەتمەن چاپساقمۇ ھارمايدىغان زامانلار ئىدى - ھە ؟ ھەر بىر سۆزىڭىز زومىگەرلەرنىڭ يۈرىكىگە مىخ ، دېھقانلارغا بولسا ئۈسسۇزلۇق ئىدى.

— شۇنداق، — دېدى ئابدۇۋەلى ئىشەنچ بىلەن، — ئۆزۈم قېرىپ قالغان بولسامۇ يەنە شۇنداق ئىشلىگىلى كەلدىم. ئەمدى سەنمۇ ياردەملىشەرسەن ياكى هارۋىكەشلىك قىلامسەن؟

— راستمۇ؟— غۇلام ئابدۇۋەلىنىڭ قولىنى تۇتتى، — بولدى، بۇنداق هارۋىكەشلىكنى قويۇۋېتىمەن. ئەمدى سىز كەلدىڭىز ئىشلار چوقۇم يۈرۈشۈپ كېتىدۇ، قېنى ئەمسە قەسەم ئىچەيلى ... — غۇلام ھېلىغىچە ئۇنتۇيالمىغان بۇ سۆزنى يەنە بىر قېتىم دەۋالدى.

— ئەزبىرايى... — ئىككى دوست قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ، قايتىدىن قۇچاقلىشىپ كەتتى.

# يېڭىلمەس

ۋىليام ئېرنىست خېنلى

يېڭىمەن كېچىنىڭ قاراڭغۇسىنى،
يېڭىمەن قاتمۇ-قات قارا زۇلمەتنى.
قۇتقازغۇچ ئىلاھلارغا مىڭچە تەشەككۇر،
چۈنكى ماڭا ئاتا قىلدى يېڭىلمەس روھنى.

تەقدىرنىڭ رەھىمسىز بورانلىرىدا،
مۆكچىيىپ كەتمىدىم، قىلمايمەن نىدا.
تەلۋىلە چاپماقچى بولار بېشىمنى،
مەغرۇرمەن بويۇنمنى ئېگەلمەس ئەمما.

پۇت-قوللار باغلاقتا، كۆزلەردە قان-ياش،
كېسەلمەس يولۇمنى ۋولقان ۋە ئالماس.
ئات ئورۇق، سەپەردە كەم گەرچە ئوزۇق،
كارۋانمەن چۆللەردە يېڭىلمەس، قورقماس.

«پىلسىرات كۆۋرۈكلەر» توسسا يولۇمنى،
دۇشمەنلەر «دوزاخ» تا ئويسا كۆزۈمنى.
تەقدىرىم رولچىسى، روھى كاپىتان،
سانايمەن يېڭىلمەس پەقەت ئۆزۈمنى.

ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: فاتىمە ئابدۇلغەفۇر سەيياھ (ئاۋستىرالىيە)



# خوجىلارنىڭ ۋەزىپىلىرى

تارىخىي رومان

خەمىت ھەمرايېۋ (قازاقىستان)

*خەمىت كېرىم ئوغلى ھەمرايېۋ تونۇلغان ئالىم، مان ۋە يازغۇچى. ئۇ، 1958-يىلى ئالمۇتا شەھىرىدە تۇغۇلغان بولۇپ ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملاپ، تاشكەنت دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ يەنە ئەدەبىياتشۇناس، سىياسەتشۇناس پەنلەر دوكتورىدۇر. قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى پەن ئاكادېمىيەسىنىڭ يىپەندىكى ئۇيغۇرشۇناس ئىنستىتۇتىدا بىر نەچچە يىل ئىلمىي خادىم بولۇپ ئىشلىگەن. فىرانسىيە ۋە بېلگىيەدە ئىلمىي ستاژىروۋكىلارغا قاتناشقان. فىرانسىيە، ياپونىيە، ھىندىستان، ئا.ق.ش لاردا ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمىي كونفېرېنسىيەلەرگە قاتناشقان.*

*خەمىت ھەمرايېۋ 1997-يىلى تۈركىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن «XX ئەسىردىكى ئۇيغۇرلار» خەلقئارالىق مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ تەشەببۇسكارلىرىنىڭ بىرىدۇر. ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ دىپلومىنىڭ ئىگىسى ۋە ئۇيغۇر مىسىپناتلىرى تەشكىل قىلغان «ئىلھام» مۇكاپاتىنىڭ ئىلىم بويىچە ساھىبىدۇر. شۇنداقلا بىر نەچچە ئىلمىي مونوگرافىيالەرنىڭ ۋە «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»، «ئۇيغۇر نەسرىي ئەسەرلىرىنىڭ بەزىبىر تەرجىمە مەسىلىلىرى» نىڭ مۇئەللىپىدۇر.*

*خەمىت ھەمرايېۋ تارىخىي ۋە بەدىئىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىپ كۆپچىلىككە تونۇلغان بولۇپ ئۇ رۇس تىلىغا نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر كىلاسسىك شائىرلىرى بىلەن ھازىرقى زامان شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلغان. جۈملىدىن خىرقىتىي، موللا شاكىر، سېيىت مۇھەممەت قاشىي، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ئابدۇلھەي مۇھەممەدىي، دولقۇن ياسىنىنىڭ شېئىرلىرىنى تەرجىمە قىلغان.*

---

«خوجىلارنىڭ ۋەزىپىسى» ناملىق چوڭ ھەجىملىك تارىخىي رومان رۇس تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، ئالمۇتادا مالىك مەھمەتوۋ تەرىپىدىن سىلاۋىيان يېزىقىدا ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئارقىدىنلا شۇ يىلى نەشرىدىن چىقىپ «تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى» تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئاپتور ھەققىدىكى تونۇشتۇرۇش ۋە روماندىن بېرىلگەن بىرىنچى باپ، «خوجىلارنىڭ ۋەزىپىسى» ناملىق روماندىن بىۋاستە ئېلىندى.

*خەمىت ھەمرايېۋ ئۇيغۇر پروزىسىنى (نەسرىي ئەسەرلىرىنى) تەرجىمە قىلىشقا كۆپ ۋاقتىنى ئاجراتقان بولۇپ تۇرغان توختىمۇۋ، ئەخمەتجان ھاشىرى، سوۋيۇنگۈل چانىشېۋالارنىڭ ئەسەرلىرىنى رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلغان. ئۇ يىگىرمە يىل بۇرۇن تۇرغۇن ئالماسنىڭ «ئۇيغۇرلار» ناملىق كىتابىنى رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلغان بولۇپ بۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئېيتىشقا ئەرزىيدۇ. «مەدەنىي مىراس» لايىھە بويىچە خەمىت ھەمرايېۋ ئاتاقلىق فرانسۇز شەرقشۇناسى رېنې گرۇسسېنىڭ «دالا ئىمپېرىيەسى» ناملىق تارىخىي ئەسىرىنى رۇس تىلىغا تەرجىمە قىلغان.*

*ئاخىرقى ۋاقىتلاردا خەمىت ھەمرايېۋ يازغۇچى سۈپىتىدە تونۇلماقتا. «غۇلجا يولى» رومان-دىلوگىيا (ئىككى كىتابتىن ئىبارەت) 1918 ـ يىلى يۈز بەرگەن «ئاتۇ» پاجىئەلەر ھەققىدە يېزىلغان بولسا، «خوجىلار ۋەزىپىلىرى» ناملىق رومان-تېترولوگىيە (تۆت كىتابتىن ئىبارەت)، XVI ـ XVIII ئەسىرلىرىدىكى تارىخ توغرىسىدا يېزىلغان.*

*خەمىت ھەمرايېۋ ـ ھازىر خەلقئارا قەلەمكەشلىرى ئۇيغۇر پەن (قەلەمكەشلىرى) مەركىزىنىڭ پرېزىدېنتى.*

*ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدا ئەسەرنىڭ بىرىنچى كىتابىدىن بىرىنچى بابىنى سىلەرگە تەقدىم قىلىمىز.*

# بىرىنچى كىتاب

## شادى غوجا

### بىرىنچى قىسىم

### III مۇھەممەت خان

### 1 ـ باب

### تۇرپاندىن تەشۋىشلىك ئۇچۇر

1594 ـ يىلىنىڭ سەۋر ئېيى. ياركەنتنىڭ جىمى مەسجىدلىرىدىن مەزىنلەرنىڭ نامازخانلارنى شام نامىزىغا دەۋەت قىلغان ئاۋازلىرى ياڭرىماقتا. دەل شۇ چاغدا كۆل رەڭ ساۋۇت كىيگەن رەزگى بىرى ئېتىنى چاڭ-توزان توزۇتقان پېتى، شەھەر دەرۋازىسىدىن شىددەتلىك كىرىپ كەلدى.

ياساۋۇل چاپارمەننى توختىتىش ئۈچۈن دەرۋازىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ، ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇشقا قولىنى ئۇزارتتى-يۇ، بىردىنلا كەسكىن كەينىگە چېكىندى. ئۇ چاپارمەننىڭ ئوڭ مۈرىسىدىن ئارتىلدۇرۇپ تاشلانغان قارا دۇخاۋىلىق لېنتىنى كۆرۈپ قالغانىدى. بۇنداق لېنتىلار پەقەت مۇھەممەت خاننىڭ ئۇلانلىرىغا-گۋاردىيىسىگە (لەشكەرلەر) تەۋە كىشىلەرگىلا بېرىلەتتى.

ياساۋۇل بارغانسېرى ئۆزىدىن يىراقلىشىۋاتقان چاپارمەننىڭ كەينىدىن پەرىشان ھالدا بىرنەچچە دەقىقە قاراپ قالدى. چاپارمەن ئېتىنىڭ ساغرىسىغا ھامان قامچا ئۇرماقتا ئىدى. ناماز ۋاقتىدا شەھەر دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا ئادەملەرنىڭ ئاز بولىدىغانلىقىغا ياساۋۇل شۈكرى كەلتۈرۈۋاتاتتى. ئەكسىچە بولغاندا، بىرەر كېلىشمەسلىكنىڭ يۈز بېرىشى مۇقەررەر ئىدى.

كېلىشمەسلىك، ھەقىقەتەنمۇ، سادىر بولۇشى مۇمكىن ئىدى. بەختكە يارىشا، قارا تەرگە چۆمكەن تورۇق ئات ھېچكىمنى زەخىملەندۈرمەي، ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كەتتى.

ئەزان داۋاملىق ياڭرىماقتا. بىر مەسچىتنىڭ پەشتىقىدىن مەزىن ئەزاننى تاماملىشىغا، خېلى يىراقتىكى ئىككىنچى مەسچىتتىن چىققان مەزىننىڭ بىسىق ئاۋازى ئاڭلىناتتى. مەزىنلەرنىڭ بىرنەچچە مەسجىدتىن چىققان ئاۋازلىرى بىر - بىرىگە جور بولۇپ، يېقىملىق ئاھاڭلار گويا بىر خورغا ئايلىناتتى.

ياركەنت پۇقرالىرى بىلەن شەھەر مېھمانلىرى ئىشلىرىنى توختىتىپ، مەسچىتلەرگە ئالدىراشماقتا. كۇلالچىلار، موزدۇزلار، ناۋايلار، تۆمۈرچىلەر ۋە باشقا كاسىپلار ئىشخانا ـ دۇكانلىرىنىڭ ئالدىدىلا نامازغا تۇتۇش قىلماقتا.

كوچىلار بىلەن مەسچىتلەرنىڭ ئەتراپى ئات ـ ئۇلاغلارغا توشۇپ كەتكەن. ئېشەك ھارۋىلار، ئاتلار، تۆگىلەر سوقما تاملارنى بويلاپ تىكىلگەن چىنار، قارىياغاچلارغا باغلانغان.

خىزمىتىنى ئادا قىلىۋاتقان شەھەر ياساۋۇللىرىمۇ نۆۋەت بىلەن ناماز ئۆتەشكە تەرەددۇت قىلىۋاتاتتى. كەمىرىگە قىلىچ ئاسقان يىگىت ھېلىلا يۈز بەرگەن ۋاقىئەدىن ئەمدىلا ئەسلىگە كېلىپ، شەھەر سېپىلىنىڭ ئىچكى تەرىپىگە ئورۇنلاشقان دەرۋازىدىن بەش قەدەم نېرىدىكى خانىغا كىرىپ، ئۆزىدىن خېلى چوڭ شېرىكىنىڭ سىڭارىيان بېقىشىغا كۆز تاشلاپ، سۆز ئاچتى:

— ئاۋۇ غەلىتە ئاتلىق كىشى نامازغا ئالدىرىمايدىغۇ، نېمە ئۈچۈندۇر؟

— ئەرۋايىنىڭ قىرىق گەز ئۇچۇپ، كەينىگە داجىپ ـ داجىپ قانداقتۇر بىرەر نېمىدىن ھودۇقۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. خەيرىيەت، ئەمدى تاھارىتىڭنى ئال. مەن نامىزىمنى ئۆتۈۋەرمەي، — دېدى شېرىكى كۈلۈمسىرەپ ئۇنىڭغا پىسەنت قىلماي.

ياساۋۇل بىلىگە چىڭ تارتىلغان كۆندىن ئىشلەنگەن كەمىرىنى يېشىپ، قىلىچى بىلەن سۇپىغا قويدى. ئانچە چوڭ ئەمەس مەزكۇر سۇپىدا ياساۋۇللار نۆۋەت بىلەن ئارام ئالاتتى، قورال ـ ياراغنى قويۇشاتتى. جاينامازلارمۇ مۇشۇ يەردە ئىدى.

شۇ ئەسنادا چاپارمەن موغۇلىستان دۆلىتىنىڭ ۋارىسى بولغان ياركەنت خانلىقىنىڭ تۆتىنچى ھۆكۈمدارى III مۇھەممەت خاننىڭ ئوردىسىغا يېقىنلاشتى. خانلىقنىڭ ھۆكۈمران گۇرۇھى ئەجدادلىرى I مۇھەممەت بىلەن II مۇھەممەتنى بەك ھۆرمەتلەيتتى.

شەھەر مەركىزى بىلەن ئۇنىڭغا ئاپىرىدىغان كوچىلار ئادەملەردىن خالى ئىدى. نامازنى سەۋەبسىز قازا قىلىشقا ھەرگىزمۇ بولمايتتى. ئەمما، چاپارمەن شام نامىزىنى قازا قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. ئۇنىڭ ئالاھىدە سەۋەبى بولسىمۇ، ياساۋۇل يەنىلا ئاللاھنى مەدھىيەلەيدىغان سۆزلەرنى ئىچىدە تەكرارلايتتى.

يېرىم سائەتتىن كېيىن چاپارمەن پايتەختنىڭ شىمالىغا جايلاشقان «شامال باغ»قا ـ خانلىق ئوردىغا يېتىپ كەلدى.

ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئاجايىپ مەنزىرە نامايان بولدى. گۈگۈم چۈشۈپ، ئەتراپ ئاستا قاراڭغۇلۇققا پېتىۋاتسىمۇ، خان ئوردىسىنىڭ پىششىق خىشتىن تۇرغۇزۇلۇپ، مەرمەر بىلەن قاپلانغان بىناسى، ئالامەت گۈزەل، گۈمبەزلىرى چاپارمەننى ھەيران قالدۇردى. ھەركىمنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان بۇ بىنانىڭ كەينى تەرىپىدە غايەت زور باغ بار ئىدى. چاپارمەنگە، خۇسۇسەن، مىڭلىغان ئادەم سىغىدىغان «ئالتۇن» مەسچىت قاتتىق تەسىر قىلدى. رەزگى، كۆل رەڭ ساۋۇت كىيگەن يىگىت بۇ كارامەتلەرنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقىنى يوق. بىراق بۈگۈن بۇلار ئۇنىڭغا قانداقتۇر رەمزىلىك بەلگىدەك بىلىنىۋاتاتتى. «خانلىقنىڭ ماھىيىتىنى نامايان قىلىدىغان گۈزەل بىنا ـ ئىمارەتلەر، مەسچىتلەر خەلققە، دۆلەت پۇقرالىرىغا لازىم بولغاچقا، خانلار ئۇلارنى ئاسراپ، ھىمايە قىلىدۇ». مۇشۇ ئويلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن چاپارمەن «ئالتۇن» مەسچىت تەرەپكە كۆز تىكتى. مەسچىت ئالدىدىكى مەيدان نامازخانلارغا لىق تولغان بولۇپ، ئادەملەر جايناماز لىرىنى داق يەرگە سېلىپلا، ناماز ئۆتەۋاتاتتى.

ئۇ ئېتىنى توختىتىپ، يەرگە چۈشتى ـ دە، چۇلۋۇرنى تۇتقان ھالدا مەسچىتنىڭ قارشىسىدىكى III مۇھەممەت خان ئوردىسىغا يول ئالدى. چاپارمەن ياساۋۇللارنىڭ قوش قاتارىدىن ئۆتۈپ، ئوردا دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

رەزگى يىگىتنىڭ قولىدىكى چۇلۋۇرنى ئالغان ياساۋۇللار، گەرچە ئۇنى تونۇسىمۇ، ئۇنىڭغا دىققەت

بىلەن قاراپ چىققاندىن كېيىن، دەرۋازىنىڭ ئۇدۇل تەرىپىدىكى بۆلۈمگە كىرگۈزۈپ، خالىي قالدۇردى.

چاپارمەن بۆلمە ئىچىگە كۆز تاشلىغاچ، بۇلۇڭلۇكتىكى ئاق داستىخان سېلىنغان شىرەنىڭ يېنىدىكى ئەتلەس كۆرپىگە كېلىپ ئولتۇردى.

شىرەدە مۇتەپەككۇرلار بىلەن شائىرلارنىڭ نەقىشلىرى ئويۇپ يېزىلغان كۈمۈشتىن ياسالغان نەپىس كومزەكلەر بىلەن پىيالىلەر، سەدەپ نەقىش چېكىلىپ، مېۋىلەر سېلىنغان ساپال قاچىلار تۇراتتى.

نەشپۈت، ئالما، ئۈزۈملەر شۇ قەدەر كىشىنىڭ ئىشتىھاسىنى ئاچاتتى. چاپارمەن بۇ نېمەتلەرگە قولىنى ئۇزىتاي دەپ تۇرغاندا ئىشىك ئېچىلىپ، بۆلۈمگە ئۇچىسىغا ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن چاپان كىيگەن، بېشىغا ئاق سەللە ئورىغان قىرىق ياشلار چامىسىدىكى بىر ئادەم كىرىپ كەلدى.چاپارمەن ئورنىدىن ئىرغىپ تۇردى.

— ئۇلۇغ ئەمىرىمىز سىزنى بىرئاز ۋاقىتتىن كېيىن قوبۇل قىلىدۇ، — دېدى ئۇ رەزگى يىگىتنى بېشىدىن ئايىغىغىچە كۆزدىن كەچۈرۈپ،— بىز تۇرپاندىن تەشۋىشلىك ئۇچۇر ئېلىپ بولدۇق. ئەپسۇس، سىزنىڭ بۇ قەدەم تەشرىپىڭىز ئۇلارنى تەستىقلايدۇ، خالاس.

سەل سۈكۈتتىن كېيىن، گويا بىرنەرسە يادىغا كەلگەندەك، قوشۇمچە قىلدى:

— ئولتۇرۇڭ، مەرھەمەت. قىسلماڭ. ئىسمىڭىز كىم؟ ئۇسساپ قالغان بولسىڭىز كېرەك؟

مۇشۇ سۆزلەرنى ئېيتقاچ، ئۇ كومزەكتىكى سۈنى كۈمۈش پىيالىگە قۇيۇپ، تارتىنىپ تۇرغان يىگىتكە سۇندى.

— يۈسۈپ. ئىسمىم يۈسۈپ. قەشقەرلىكمەن،
— ئالدىراپ جاۋاب بەردى چاپارمەن.

يۈسۈپنىڭ قېشىدا ئولتۇرغان ئاۋۇ كىشى، چاپارمەن بىرنەچچە يۇتۇم سۇنى سۈمۈرگەندىن كېيىن، تەشۋىش ئىچرە سورىدى:

— مەكتۇپ سىزنىڭ يېنىڭىزدا يېزىلدىمۇ؟ ياكى ئۇنى سىزگە كېيىنرەك تاپشۇردىمۇ؟

— مەكتۇپنىڭ قانداق يېزىلغانلىقىنى كۆرمىدىم. لېكىن تۇرپاننىڭ ھاكىمى مەكتۇپنى لېپاپىغا سېلىپ، چاپلىغاندا، مەن ئۇنىڭ قېشىدا ئىدىم.

مۇشۇ سۆزلەردىن كېيىن رەزگى يىگىت پەشمىتىنىڭ سول ئېتىكىنى قايرىپ، كەمىرىدە قەشقەر خەنجىرىنىڭ يېنىدا ئېسىقلىق تېرە جىلتىنى قولىغا ئالدى. ئۇ سۆھبەتدىشىغا جىلتىنى ئۇزاتماقچى ئىدى، ئەمما ئاۋۇ كىشى ئۇلۇك قولىنى يېنىك كۆتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ مەكتۇپ مەزمۇنى بىلەن تونۇش ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

— ئىگىسىگە بېرىۋېتەرسىز.

ۋەزىيەت مۇرەككەپ بولسىمۇ، ئۇنىڭ چېھرىسىدە كۈلۈمسىرەش ئالامەتلىرى پەيدا بولدى.

— مەكتۇپ بىزنىڭ خانىمىزغا يوللانغاندۇ؟ شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— شۇنداق، تەقسىر!

— مانا، ناماز ۋاقتىمۇ ئاخىرلىشىپتۇ. كىشىلەر مەسچىتتىن چىقىشىۋاتىدۇ. ئۇلۇغ خانىمىز سىزنى ھازىر قوبۇل قىلسا كېرەك، — دېدى-دە، بۆلمىدىن چىقتى. سول قولىغا تېرە جىلتا تۇتقان يۈسۈپ ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

ئۇلار ئوردا ساراي بىلەن سېپىل تاملىرىنىڭ ئارىسىدىكى خېلى كەڭ ھويلىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئىككى قاناتلىق چوڭ ئىشىككە يېقىنلاشتى. باش ۋەزىرنى يىراقتىن كۆزىتىپ تۇرغان خىزمەتكار ئىشىكنى ئۇلۇغ ئېچىپ، بېشىنى سەل ئەگدى.

ئوردىنىڭ سىرتىلا ئەمەس، ئىچىمۇ كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇراتتى. شام چىراغلار، دەھلىزنىڭ ئىككى قاسنىقىغا ئورنىتىلغان ۋاللىداپ تۇرغان سانسىز لامپىلار، مېھمانسارايغا سېلىنغان يۇمشاق-ماموق، قېلىن تۈكلۈك گىلەم-پاياندازلار بىلەن بېزەلگەن غايەت زور بۆلمىلەر تولىمۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى.

ئىشىكى يېپىق ھەربىر بۆلمىنىڭ ئالدىدا ئەگىر قىلىچ ئاسقان ياساۋۇللار تۇراتتى.

ئىككى ياكى ئۈچ بۆلمىدىن ئۆتۈپ، كەڭ مەرمەر پەلەمپەيلەر بىلەن ئىككىنچى قەۋەتكە كۆتۈرۈلگەن ھېلىقى قىرىق ياشلار چامىسىدىكى باش ۋەزىر قوش قاناتلىق چوڭ ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئۇنىڭ قېشىدا چاپارمەنمۇ بار ئىدى.

ئۇ ھەمراھىغا كۈتۈپ تۇرۇشنى بۇيرۇپ، خان ھەزرەتلىرى ئوردىسى ئىشىكىنىڭ ئالدىدا تۇرغان زور بويلۇق ياساۋۇللارغا قاراپمۇ قويماي، يېنىك

يۆتەلدى-دە، ئىشىكنىڭ ئۇلۇق قانىتىنى ئېچىپ، بېشىنى ئەگكەن ھالدا ئىچكىرىگە قەدەم تاشلىدى.

يالغۇز قالغان يۈسۈپ ئەسەبىيلەشتى. ئۇنىڭ ئەسەبىيلىشىۋاتقىنى بىرەر دەقىقىدىن كېيىن خان ھەزرەتلىرى بىلەن ئۇچرىشىشى ئەمەس. بۇغۇسى، ئۇنى خاۋاتىر قىلىۋاتقان تۇرپاندىن ئۆزى ئېلىپ كەلگەن شۇم خەۋەردىن خاننى ۋاقىپ قىلىش ئىدى.

يىگىت مەكتۇپتىكى ئۇچۇردىن باشقا ئۆزىنىڭ قانداقتۇر پەۋقۇلئاددە، ئادەتتىن تاشقىرى بىر خەۋەر يەتكۈزمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئاغزاكى دەيدىغان سۆزلىرىنىڭ بىھۇدە قان تۆكۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىغا بىئارام بولۇۋاتاتتى. ھەقىقەتەنمۇ، تۇرپان تەۋەسىدىكى ۋەزىيەت تەشۋىشلىك ئىدى.

كۆڭلىدىكى ئەندىشىنى بېسىش ئۈچۈن، ئۇ دىققىتىنى مەزمۇت ئىشىككە ئويۇلغان نەقىشكە جەلپ قىلدى. پۈتكۈل زېھنىنى ئويما ئۆرنەككە قادىغان يىگىت، نامەلۇم ئۇستىنىڭ قولىدىن پۈتۈلگەن نەقىشنىڭ مەزمۇن - ماھىيىتىگە چۆكۈشكە تىرىشىپ، نەققاشنىڭ نېمىنى ئىپادىلىمەكچى بولغانلىقىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقاندا، ئىشىك ئېچىلىپ، باش ۋەزىرنىڭ دۈمبىسى كۆرۈندى.

ئىشىكنى ياپقاچ، باش ۋەزىر تەشۋىش ئىچرە پىچىرلىدى:

— كەينىمدىن مېڭىڭ. ئالىي ھەزرەتلىرىنىڭ ئىجازىتىسىز بېشىڭىزنى كۆتۈرمەڭ.

گىېپىنىڭ ئاخىرى چىقمايلا، ئۇ III مۇھەممەت خاننىڭ كىچىك قوبۇلخانىسىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلىدى.

ئۆتۈكىنىڭ ئۇچىغا قاراپ، بېشىنى ساڭگىلاتقان رەزگى يىگىتنىڭ قۇلىقىغا كىمدۇر - بىرىنىڭ:

— تۇرپاننى بىزنىڭ نامىمىزدىن باشقۇرۇشقا قويۇلغان ئەزىز جىيەنىمىز نېمىنى خالايدىكىن؟ — دېگەن سۆزلىرى كىردى.

يۈسۈپ سوئالغا جاۋاب بېرىپ-بەرمەسلىكنى بىلمەي تېڭىرقىدى. ئۇ مۇشۇلار ھەققىدە خىيال سۈرۈۋاتقاندا، باش ۋەزىرنىڭ ئۆزىگە تونۇش تىترەك ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئالىي ھەزرەتلىرى، ئون يىلدىن ئوشۇق ۋاقىت داۋامىدا سىزنىڭ جىيەنىڭىز ۋە كۈيئوغلىڭىز خۇدابەندى سۇلتان سىزگە ۋاكالىتەن تۇرپان، قۇمۇل، قاراشەھەرنى باشقۇرۇۋاتىدۇ. ئەمما-لېكىن كېيىنكى ئايلاردا بىز خۇدابەندى سۇلتاننىڭ بويسۇنمايۋاتقانلىقى خۇسۇسىدا سىز ئالىيلىرىنى بىرنەچچە مەرتە ۋاقىپ قىلغانىدۇق. بۈگۈنگىدىن بىرنەچچە كۈن مۇقەددەم ۋەزىيەتنىڭ كەسكىنلەشكەنلىكى توغرىلىق تەشۋىشلىك ئۇچۇر ئالدۇق. ھە بۈگۈنزە، سىزنىڭ سادىق خىزمەتكارلىرىڭىز ئەۋەتكەن مۇنۇ يىگىت ھۇزۇرىڭىزغا قەدەم تەشرىپ قىلىۋاتىدۇ.

مۇشۇ سۆزلەردىن كېيىن، چاپارمەن بېشىنى كۆتۈرۈپ، گەرچە تېخى مۇھەممەت خاننى كۆرۈپ ئۈلگۈرمىسىمۇ، كۆن قۇتىدىن مەكتۇپنى چىقىرىپ، ئۇنى ئىككى قولى بىلەن ئاۋايلاپ ئالىيلىرىغا سۇندى.

مۇھەممەت خان كىچىك قوبۇلخانىنىڭ تورۇسىغا تىرەلگەن تۆت ياغاچ تۈۋرۈكنىڭ بىرىنىڭ يېنىدا تۇراتتى. ئەللىك يەتتە ياشلىق ئوتتۇرا بويلۇق بۇ كىشى بىر قارىغاندا خاتىرجەم كۆرۈنەتتى.

ئەمما خاننىڭ كۆڭلىنى بىئاراملىق چۇلغىۋالغانىدى. رەزگى يىگىتنىڭ ئوردىدا ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇشى خانلىقتا جىددىي مۇئەممانىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن دالالەت بېرەتتى. ئەگەر ئۇشبۇ مۇئەممانى ئىمكانقەدەر تېز يەشمىسە، III مۇھەممەت خاننىڭ ئاكىسى، ئاتىسى ۋە بوۋىسىنىڭ ئەستايىدىل ھەرىكەت - پائالىيىتى، تىرىشچانلىقى تۈپەيلى قۇرۇلغان مەملىكەت نابۇت بولۇشى ئېھتىماللىقى يېقىن ئىدى.

گەپنىڭ لىللاسىنى قىلغاندا، خۇدابەندىنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ۋەيران بولۇشىغا ئېلىپ كېلەتتى.

— ئوقۇڭ! — دېدى مۇھەممەت خان.

باش ۋەزىر يۈسۈپنىڭ قولىدىكى مەكتۇپنى ئېلىپ، ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى.

«بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم ياركەنت خانلىقىنىڭ خانى ئالىي ھەزرەتلىرىگە ئۇلۇغ ئاللاھتىن مېھىر-شەپقەتلەر ياققاي! خان ئالىيلىرىغا شۇنى مەلۇم قىلىمىزكى، خان ھەزرەتلىرىنىڭ نامىدىن تۇرپان تەۋەسىنى باشقۇرۇۋاتقان خۇدابەندى سۇلتان جاھىللىق قىلىپ، نارازىلىق كۆرسىتىپ، ياركەنت خانلىقىغا قارشى ئىسيان كۆتۈرمەكتە.

خۇدابەندى سۇلتان غەرەزلىك ئەھدى بىلەنلا

ئەمەس، بەلكى ھەركىتى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بويسۇنمايدىغانلىقىنى نامايان قىلماقتا. ئۇرۇشقا تەييارلىنىۋاتقان ئۇ تۇرپان تەۋەسىگە چېگرىداش شەھەرلەر بىلەن يېزا ـ كەنتلەرگە ھۇجۇم قىلماقچى ئىكەنلىكىنى يوشۇرماي تەكىتلىمەكتە.

ئاللاھ ئۆز پاناھىغا ئالغان III مۇھەممەت خاننىڭ سادىق خىزمەتكارلىرى: تۇرپاننىڭ ھاكىمى، شەھەرنىڭ باش قازىسى، بەگلەر ۋە مەسجىد قەۋمىگە ۋاكالەتەن ئىماملار.

1594 ـ يىل، سەۋر، تۇرپان

مەكتۇپ ئوقۇلۇپ بولۇپ خېلى ۋاقىتقىچە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى خان قوبۇلخانىسىدا.

يۈسۈپ چوڭقۇر خىيالغا پاتقان. ئۇ ھازىر ئۆزىنى خاننىڭ قاتتىق غەزىپىگە ئۇچراپ، بۇندىن كېيىن ئالىي ھەزرەتلىرىگە خىزمەت قىلالمايدىغانلىقى ھەققىدە ئويلىماقتا ئىدى. ئۇ غەزىپى تاشقان خاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن بېشىنىڭ تېنىدىن جۇدا بولىدىغانلىقىدىن ھەرگىزمۇ قورقمايتتى. ياق! ئۇنىڭ كۆڭلىنى ھەلەيكۆمگە سېلىۋاتقان باشقا نەرسە ـ رەزگى يىگىت ئەمدى ھېچقاچان ئانا يۇرتى ـ ئەزىزانە قەشقەرنى، ئاپىسى بىلەن ئىنىسىنى يېنىپ كۆرەلمەيدىغانلىقىغا، بىغىنى پەرۋىش قىلالمايدىغانلىقىغا ھەسرەت چېكىۋاتاتتى. ئاز ۋاقىتتىن كېيىن باشلىنىدىغان ئۇرۇش ھەققىدە ھېچنېمە بىلمەيدىغانلىقىمۇ ئۇنى پەرىشان قىلىۋاتاتتى. داڭلىق «ھېيتكا» مەسچىتىنىڭ ئارقىسىدىكى كوچىدا تۇرىدىغان سۆيۈملۈك يارى مېھرىنىسا بىلەن دىدارلىشالمايدىغانلىقى ئۇنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلماقتا ئىدى.

باش ۋەزىر يات ئارىدا ئۆتىدىغان دۆلەت كېڭەشنىڭ مەجلىسىدە مۇھەممەت خانغا قانداق رىجە تەكلىپ قىلىش توغرىلىق ئويلاۋاتاتتى.

مۇھەممەت خان ـ زە، خۇدابەندى سۇلتان ھەققىدە باش قاتۇرۇۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ رەزگى يىگىتنىڭ قوبۇلخانىدا بار ئىكەنلىكىنى پۈتۈنلەي يادىدىن چىقىرىپ قويغانىدى.

ناھايەت، بەئەينى ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك، مۇھەممەت خان قولىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس ھەرىكەتلەندۈردى.

شۇ مەھەل باش ۋەزىر ئاستا كەينىگە شوخشۇدى. يۈسۈپ ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ئۇلار كىچىك قوبۇلخانىدىن چىقىشى بىلەنلا، باش ۋەزىر دەررۇ ئۆزگىرىپ، ئۆزىنىڭ ئادەتتىكى قىياپىتىگە كىردى ـ دە، زۇۋان سۈردى:

— سىزنىڭ ئىككى كۈنچە ۋاقتىڭىز بار. ئارام ئېلىڭ، ئاندىن مەن سىزگە كۆرسەتمە بېرىمەن. سىز قەيەرگە چۈشسىز؟

— ياركەنتتە تونۇشلىرىم بار.

باش ۋەزىر خىزمەتكارلارنىڭ بىرىگە يۈسۈپنى ئوردىدىن چىقىرىپ قويۇشنى تاپىلاپ، دەھلىزنى بويلاپ، ئىشخانىسىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ يۇرۇشكە ئاتلىنىش خۇسۇسىدىكى ھۆججەتنى ھازىرلاپ، ئىمزا چەكتۈرۈشكە تەييارلاپ قويۇشى كېرەك. ئۇرۇشنىڭ مۇقەررەرلىكىگە ئۇ كامىل ئىشىنەتتى.

مۇھەممەت خان چاپارمەن بىلەن باش ۋەزىرنىڭ كىچىك قوبۇلخانىدىن چىقىپ كېتىشىگە پەرۋامۇ قىلمىدى.

ئۇنىڭ پۈتكۈل ئوي ـ خىيالى خۇدابەندىدە ئىدى.

رۇسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: مالىك مەھمەتوۋ (قازاقىستان)



# تاتۇق

(ھېكايە)

لۇئىس بورخېس (ئارگېنتىنا)

بورخېس (Jorge Luis Borges, 1899-1986) ئارگېنتىنالىق شائىر، يازغۇچى ۋە مان. بۇيىنېس-ئايرېستا ئەنگلىيە قان سىستېمىسىدىن بولغان بىر ئادۋوكات ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. جەنۋەدە ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگىتىپ، كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇغان. ئىنگلىز، فرانسۇز، نېمىس تىللىرىنى ئۆگەنگەن. ئوتتۇرا مەكتەپتە شېئىر يېزىشقا باشلىغان. 1919-يىلى ئىسپانىيەگە بېرىپ، رادىكاللار ۋە ئاۋانگارت يازغۇچىلار بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولغان ھەمدە بىللە ژۇرنال چىقارغان. 1923-يىلى تۇنجى شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنغان. 1935-يىلى تۇنجى ھېكايىلەر توپلىمى نەشر قىلىنىپ، ئۇنىڭ ئارگېنتىنا ئەدەبىياتىدىكى ئورنى تىكلەنگەن. ئۇ 1950-يىلدىن 1953-يىلغىچە ئارگېنتىنا يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، 1955-يىلى دۆلەتلىك كۇتۇپخانىنىڭ باشلىقى، بۇيىنېس-ئايرېس ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پەلسەپە پروفېسسورى بولغان. ئۇنىڭ «بۇيىنېس-ئايرېس ھاياجانلىرى» (1923)، «ئالدىمدىكى ئاي» (1925)، «سايىنت مارتىن ماركىلىق مەشىق دەپتىرى» (1929)، «سايىگە مەدھىيە» (1969)، «يولۋاسنىڭ ئالتۇنى» (1972)، «ئېغىر ئەتىرگۈل» (1975) قاتارلىق شېئىر توپلاملىرى؛ «قۇلاقكەستىلەر تەزكىرىسى» (1937)، «ئاچا يول تۇتاشقان گۈللۈك» (1941)، «ئالېف» (1949)، «ئۆلۈم ۋە كومپاس» (1951)، «بلۇيوئېرنىڭ دوكلاتى» (1970)قاتارلىق بىرمۇنچە ھېكايە توپلاملىرى بار. ئۇ يەنە كافكا، فولكنېر قاتارلىق مۇھىم يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلغان.

بورخېس ئۆز ھاياتىدا ناھايىتى كۆپ شان-شەرەپلەرگە، جۈملىدىن بىرمۇنچە مۇكاپات، ئوردېن ۋە پەخرىي ناملارغا ئېرىشكەن. لېكىن ئۇ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشەلمىگەن. ئۇ بۇ ھەقتە: «مۇكاپاتقا ئېرىشىش پەقەتلا شۆھرەت تاماسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈندۇر، شۆھرەت تاماسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن بولغان ئىكەن، نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشەلمىسەممۇ ھېچقىسى يوق» دېگەن. بورخېسنىڭ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشەلمىگەنلىكى دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى بىر ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولۇپ قالدى، لېكىن بۇ ئەپسۇسلۇق بورخېسقا ئەمەس، بەلكى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا مەنسۇپ.

بەزىلەر بورخېسنى ھازىرقى زاماندىكى بىردىنبىر دۇنياۋى يازغۇچى دەپ تەرىپلىشىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تېكىستى پۇختا، تىلى ئىخچام، قۇرۇلمىسى ئەپچىل، تەسەۋۋۇرى ئۆزگىچە. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۆز تۇيۇقىنىڭ جانلىق ھاياتىنى ۋە شەرق ئەللىرىنىڭ باشقىچە مۇھىتىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بولۇپ، بىمەنىلىك ۋە خامخىيالغا تولغان، ناھايىتى كۈچلۈك سېھىرلىك تۈسكە ئىگە.

ئۇنىڭ يۈزىدە قورقۇنچلۇق بىر تاتۇق بار ئىدى: ئاقۇش كۆلرەڭ، ياي شەكلىدىكى بۇ تاتۇق ئۇنىڭ بىر تەرەپتىكى چېكىسىدىن يەنە بىر تەرەپتىكى ئېڭىكىگىچە سوزۇلغان ئىدى. ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىسمى مۇھىم ئەمەس، تاكارۇنبودىكى كىشىلەر ئۇنى لاكرولادالىق ئىنگلىز دەپ ئاتىشاتتى. بۇ ئەتراپتىكى يەرلەرنىڭ خوجايىنى كادوسو دەسلەپتە لاكرولادانى سېتىشقا ئۇنىمىغان ئىكەن. مەن ئۇ ئېنگلىزنىڭ ئادەم ئويلاپ باقمىغان بىر چارىنى ئىشقا سالغانلىقىنى ئاڭلىدىم: ئۇ يۈزىدىكى تاتۇقنىڭ سىرىنى كاسودوغا ئېيتىپ بېرىپتۇ!

ئۇ ئىنگلىز رىئوگران چېگرا رايونىدىن كەلگەن بولۇپ، بىرمۇنچە ئادەم ئۇنى برازىلىيىدە ئەتكەسچىلىك قىپتىكەن دېيىشەتتى. لاكرولادا چۆل ئۆسۈملۈكلىرى بېسىپ كەتكەن، سۈيى تۇزلۇق يەر بولۇپ، بۇ ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئۇ ئىنگلىز كۆندە مەدىكارلىرى بىلەن بىللە ئىشلەيدىكەن. دېيىلىشىچە، ئۇ رەھىمسىزلىكتە ئۈچىغا چىققان ئادەم بولسىمۇ، لېكىن ئىشنى ناھايىتى ئادىل بىر تەرەپ قىلىدىكەن. ھاراققا ناھايىتى ئامراق بولۇپ، يىلدا ئىككى ـ ئۈچ قېتىم ئاشۇ دېرىزىسى سىرتقا چىقىپ تۇرىدىغان ئۆيىگە مۆكۈنۈۋېلىپ، ئىككى ـ ئۈچ كۈن توختىماي يالغۇز ھاراق ئىچىدىكەن، ئاندىن تالاغا چىققاندا خۇددى ئۇرۇشقا قاتناشقاندەك ياكى ئۇزۇن مۇددەت ھوشسىز يېتىپ ھوشىغا كەلگەن ئادەمدەك چىرايى تاتىرىپ، قوللىرى تىترەپ، مىجەزى ئوساللىشىپ كېتىدىكەن، لېكىن يەنىلا سۈر ـ ھەيۋىسىنى يوقاتمايدىكەن. ئۇنىڭ سوغۇق نەزەر بىلەن قاراشلىرى، ئورۇق ھەم چىڭ گەۋدىسى ۋە كۆلرەڭ بۇرۇتلىرى تا ھازىرغىچە ئېسىمدە. ئۇ ھېچكىم بىلەن باردى ـ كەلدى قىلمايدىكەن، ئۇنىڭ ئىسپانچىسى بەكلا ناچار بولۇپ، برازىلىيىلىكلەردەك سۆزلەيدىكەن①. ئارىلاپ كېلىپ قالىدىغان سودا ئالاقىسى ياكى كىتابچىلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇنىڭغا بىرەرسىدىن خەت ـ پەتمۇ كەلمەيدىكەن.

مەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم شىمالدىكى بىرنەچچە ئۆلكىنى ساياھەت قىلغاندا، كاراگۇئاتا دەرياسىغا سەل كېلىپ كېتىپ، لاكرولادادا قونۇشقا مەجبۇر بولغانىدىم. بۇ يەرگە كېلىپ بىر نەچچە مىنۇت ئۆتمەيلا، ئەمەس بىر ۋاقىتتا كېلىپ قالغىنىمنى ھېس قىلدىم؛ مەن ئۇ ئېنگلىزغا ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن، گەپنى ئادەمنى ئانچە ھاياجانلاندۇرمايدىغان تېمىغا، يەنى ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىغا يۆتكىدىم.

مەن:

ــ ئېنگلاند روھىغا ئىگە بىر دۆلەت يېڭىلمەيدۇ، ــ دېدىم.

خوجايىن گېپىمگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، لېكىن يەنە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئەنگلىيەلىك ئەمەس ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ ئىرېلاندىيىنىڭ دىنكاۋون دېگەن يېرىدىن ئىكەن. ئۇ بۇ گەپنى دەپ بولۇپلا، خۇددى بىر مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ قويغاندەك دەرھال توختىۋالدى.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن، بىز ھاۋانى كۆزەتكىلى تالاغا چىقتۇق. ھاۋا ئېچىلىپ كەتكەنىدى، لېكىن جەنۇب تەرەپتىكى پىچاق بىسىدەك چوققىلارنىڭ كەينىدىكى ئاسماندا تۇرۇپ ـ تۇرۇپ چاقماق چېقىپ، يەنە بىر قېتىملىق بوران ـ چاپقۇندىن شەپە بېرەتتى. بىز ھېلىقى ئەبگار ئاشخانىغا قايتىپ كىردۇق، بايا بىزنى كۈتكەن مالاي بىر بوتۇلكا لوم ھارىقى ئەكىردى. ئىككىيلەن ئۇزۇنغىچە ئۈن ـ تىنسىز ھاراق ئىچتۇق.

بىر ھازادىن كېيىن، ئۆزۈمنىڭ ئازراق مەست بولۇپ قالغىنىمنى ھېس قىلدىم؛ خۇشاللىقتىنمۇ ياكى زېرىكىشتىنمۇ، ئەيتاۋۇر، تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ يۈزىدىكى تاتۇقنى تىلغا ئالدىم. ئۇ ئېنگلىزنىڭ تەرى تۈرۈلدى، بىرنەچچە سېكۇنت جىمىپ كەتتۇق. مەن ئەمدى ئۇ مېنى دۇمبالىغانچە قوغلاپ چىقىرىدىغان بولدى دەپ ئويلىدىم. ئاخىر، ئۇ سۆز ئۇدارىنى قىلچە ئۆزگەرتمەيلا:

ــ بوپتۇ، بۇ تاتۇقنىڭ ھېكايىسىنى سىزگە سۆزلەپ بېرەي، لېكىن مۇنداق بىر شەرتىم بار: بۇ ئىشنىڭ قانچىلىك نومۇسلۇق، قانچىلىك شەرمەندە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەن ئۆز ئەيىنى بويىچە سۆزلەيمەن، ھەرگىزمۇ يالغاننى قاتمايمەن،ــ دېدى.

مەن ئەلۋەتتە قوشۇلدۇم. تۆۋەندىكىسى ئۇ ماڭا سۆزلەپ بەرگەن ھېكايە. ئۇ بۇ ھېكايىنى سۆزلىگەندە، ئېنگلىزچىغا ئىسپانچىنى، بەزىدە ھەتتا پورتۇگالچىنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلىدى:

1922 ـ يىلنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، كاننوت رايونىدىكى بىر شەھەردە ئىرېلاندىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشنى پىلانلاۋاتقان بىرمۇنچە ئادەم بار ئىدى، مەنمۇ شۇلارنىڭ بىرى

ئىدىم. مېنىڭ شۇ چاغدىكى سەپداشلىرىمدىن بەزىلەر ھېلىمۇ ھايات، ئۇلار ھازىر تىنىچ خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ؛ بەزىلەرنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ قىزىق، ئۇلار ھازىر دېڭىزلاردا ياكى قۇملۇقلاردا ئەنگلىيەنىڭ دۆلەت بايرىقى ئۈچۈن كۆرەش قىلىۋاتىدۇ؛ ئەڭ قەيسەر بىرسىنى سۈبھى مەزگىلىدە بىر ھەربىي گازارمىدىكى يېرىم ئۈيقۇلۇق ئەسكەرلەر ئېتىۋەتتى؛ يەنە بەزىلىرى ( تەلىيى ئانچە كاج ئەمەسلىرى) ئىچكى ئۇرۇشتىكى ئون- تىنسىز ھەتتا مەخپىي دېگۈدەك كۆرەشلەردە ئۆز ماكانىنى تاپتى. بىز بىر توپلار جۇمھۇرىيەتنى ھىمايە قىلاتتۇق، كاتولىك دىنىنىڭ مۇرىتلىرى ئىدۇق، مېنىڭچە بىز يەنە رومانتىزمچىلاردىن ئىدۇق. بىزنىڭ قارىشىمىزچە،ئىرېلاندىيىنىڭ تاقەت قىلغىلى بولمايدىغان بۆگۈنى ۋە ئۇتوپىيىچە كەلگۈسى بولۇپلا قالماي، ئۇ يەنە قىرتاق ھەم سۆيۈملۈك ئەپسانە ئىدى؛ ئۇنىڭدا يۇمىلاق مۇنارلار بار ئىدى، يېشىل رەڭلىك ساسلىقلار بار ئىدى؛ ئۇ پارنېل[2]نىڭ قارشىلىقى ئىدى؛ ئۇ كالا ئوغرىلىرىنى مەدھىيەلەيدىغان ئېپوس ئىدىكى، ئاشۇ كالىلار بەزىدە قەھرىمانلارنىڭ سىيماسى بولسا، بەزىدە بېلىق ۋە تاغلارنىڭ سىيماسى ئىدى. بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، ناھايىتى ئېنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، بىزنىڭ جون ۋىنسېنت مۇئېن دېگەن بىر ئەزايىمىز مانستىتىن بىزنىڭ يېنىمىزغا كەلدى.

ئۇ تېخى 20 ياشقىمۇ كىرمىگەن بولۇپ، ۋىجىك ھەم يارىماس بىر نېمە ئىدى، ئادەمنى خۇددى مەددە قۇرتتەك بىئارام قىلاتتى. ئۇ قاتتىق ئەسەبىيلىك ۋە ساختا شۆھرەت تۇيغۇسى بىلەن كومۇنىزمغا ئائىت قانداقتۇر بىر كىتابچىنى پىششىق ئوقۇۋالغانىكەن، مەيلى قانداق مەسىلە توغرىلىق سۆزلىشەيلى، ئۇ ھامان دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم بويىچە خۇلاسە چىقىراتتى. بىر ئادەمنىڭ يەنە بىر ئادەمنى ياقتۇرۇش ياكى ياقتۇرماسلىقىقا نۇرغۇن ئاساسلىرى بولىدۇ، لېكىن مۇئېن پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىخىنى ئاشۇ ئېپلاس ئىقتىسادى توقۇنۇشقىلا يىغىنچاقلايتتى. ئۇ ئىنقىلاب چوقۇم غەلىبە قىلىدۇ دەپ كېسىپ ئېيتاتتى. مەن بولسام يۈكسەك ئىرادىلىك ھەققانىي كىشىلەر ھەرقانداق ئېھتىماللىقنى نەزەرگە ئېلىشى، ھەتتا مەغلۇبىيەتنىمۇ ئويلاپ قويۇشى كېرەك دەيتتىم ...

ناھايىتى كەچ بوپ كەتكەنىدى، بىز كارىدور ۋە پەلەمپەيدە تالاش-تارتىش قىلغىنىمىزچە كوچىغا چىقتۇق. ماڭا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغىنى مۇئېنىنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ناھايىتى كەسكىن تەلەپپۇزى ئىدى. يېڭى كەلگەن بۇ يولداش مەسىلە مۇزاكىرە قىلمايۋاتاتتى، بەلكى كەمستىش ۋە تەئەددى بىلەن بۇيرۇق چۈشۈرۈۋاتاتتى.

بىز مېڭىپ شەھەرنىڭ چېتىگە چىقتۇق، بۇ يەردە ئۆيلەر تارقاق ئىدى، تۇيۇقسىز ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى، بىز قاتتىق چۆچۈپ كەتتۇق (بۇنىڭدىن بۇرۇن بىز بىر زاۋۇت ياكى ھەربىي گازارمىنىڭ قورۇق تېمى يېنىدىن ئۆتكەنىدۇق). بىز دەرھال بۇرۇلۇپلا بىر توپا يولغا كىردۇق. بىر ئەسكەر ئوت كەتكەن بىر ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقتى، ئوت يورۇقىدا ئۇنىڭ گەۋدىسى ناھايىتى ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. ئۇ بىزگە «توختا!» دەپ قاتتىق ۋارقىرىدى، مەن قەدىمىمنى تېزلەتتىم، مېنىڭ ئۇ سەپدىشىم ماڭا يېتىشەلمىدى. كەينىمگە قارىسام جون ۋىنسېنت مۇئېن قورققىنىدىن مىدىر-سىدىر قىلالماي قېتىپلا قاپتۇ. مەن كەينىمگە يېنىپ يۈگۈرۈپ بېرىپ، ھېلىقى ئەسكەرنى بىر مۇشت بىلەن يىقىتىۋېتىپ، ۋىنسېنت مۇئېننى ئاغزىمنى بۇزۇپ تىللىغىنىمچە «تېز ماڭ!» دەپ كۆچەپ تارتتىم. ئۇ قورققىنىدىن ئۆزىنى تاشلاپلاۋەتكەن ئىدى، مەن ئامالسىز ئۇنىڭ قولتۇقىدىن يۆلىگەنچە يۈگۈردۈم. بىز ئوت يورۇقى قاپلىغان قاراڭغۇ كېچىدىن يول تېپىپ قاچتۇق، كەينىمىزدىن قويۇق ئوق ئاۋازى كۆتۈرۈلدى. مۇئېنىنىڭ ئوڭ بىلىكىنى بىر پاي ئوق سىيپاپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى، بىز كىچىك بىر قارىغايلىققا قېچىپ كىرگىنىمىزدە، ئۇ مىشىلداپ يىغلاشقا باشلىدى.

ئاشۇ يىلى، يەنى 1922 ـ يىلى كۈزدە، مەن گېنېرال بېكلېينىڭ يېزىدىكى داچىسىدا كۆزەتچىلىك قىلىۋاتقان ئىدىم. گېنېرال ئەينى چاغدا بېنگالدا ئاللىقانداقتۇر بىر مەمۇرىي خىزمەتتە بولۇپ، مەن ئۇنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانىدىم. بۇ داچا سېلىنغىلى تېخى يۈز يىلغا يەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى كونىراپ قاراڭغۇلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭدا بىر مۇنچە ئەگرى-بۈگرى كارىدور ۋە كېرەكسىز دەھلىزلەر بار ئىدى. ئاسار- ئەتىقىدەك ئۆي جاھازلىرى ۋە بەك جىق كونا كىتابلار ئاستىنقى قەۋەتكە تولۇپ كەتكەنىدى: بۇ كىتابلارنىڭ مەزمۇنلىرى بىر-بىرىگە زىت ۋە مۇناسىۋەتسىز بولۇپ، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا دەل 19 ـ ئەسىرنىڭ تارىخىنى ئىپادىلىگەنىدى؛ پېرسىيىنىڭ نىشاپوردا سوقۇلغان مىسران قىلىچىنىڭ ئەگرى بىسىدا قەدىمكى ئۇرۇشلارنىڭ شەپىسى ۋە دەھشىتى قېتىپ قالغاندەك ئىدى. قورۇغا

ئارقا ئىشىكتىن كىرگەنلىكىمىز ھېلىمۇ ئېسىمدە. مۇئېبىننىڭ قورۇپ كەتكەن لەۋلىرى تىترەيتتى، ئۇ كىبكەچلەپ تۇرۇپ ئاشۇ كەچتىكى ئىشنىڭ نېمىدېگەن ئاجايىپ ئىكەنلىكىنى دېدى؛ مەن ئۇنىڭغا بىر ئىستاكان چاي قۇيۇپ بەردىم، يارىسىنى تاڭدىم، ئوق ئۇنىڭ ئازراق تېرىسىنى سۈرۈۋەتكەن بولۇپ، سۆڭەككە زەخمە يەتمىگەنىدى.

تۇيۇقسىز، ئۇ قەتئىي چۈشىنەلمىگەن تەرزدە:

— سەن ناھايىتى چوڭ خەتەرگە تەۋەككۈل قىلدىڭا،— دېدى.

مەن ئەنسىرىمىسەڭمۇ بولىدۇ دېدىم (بىزنىڭ ئىچكى ئۇرۇشتا كۆنگىنىمىز بويىچە، بايىقىدەك ئەھۋالدا مەن ئاشۇنداق قىلمىسام بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىر سەپدىشىمىز تۇتۇلسا، بىزنىڭ پۈتكۈل ئىشلىرىمىزغا خەۋپ يېتىشى مۇمكىن ئىدى).

ئەتىسى مۇئېبىن تىنچلاندى. ئۇ مەن بەرگەن بىر تال تاماكىنى ئالدى-دە، ناھايىتى قاتتىق تەلەپپۇز بىلەن «ئىنقىلابىي پارتىيەمىز ئىشلىتىۋاتقان ئىقتىسادنىڭ مەنبەسىنى» ئىگىلىمەن، دەپ مېنى سوراققا تارتقىلى تۇردى. ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلە ناھايىتى يوللۇق ئىدى، مەن راست گەپ قىلىپ، ئۇنىڭغا ئەھۋالنىڭ ناھايىتى ئېغىر ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم. جەنۇب تەرەپتە ئوق ئاۋازى شىددەتلىك ئىدى. مەن مۇئېبىنغا سەپداشلىرىمىزنىڭ بىزنى ساقلاۋاتقانلىقىنى ئېيتتىم. مېنىڭ پەلتويۇم بىلەن تاپانچام ياتقىمدا ئىدى، ئۇلارنى ئېلىپ چىقسام مۇئېبىن كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ ساپادا يېتىپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ قىزىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغانىدى، مۈرەم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ دەپ قاقشايتتى.

مەن ئۇنىڭ قورقۇنچاقلىقتا قۇتقۇزغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى چۈشەندىم، ناھايىتى گاڭگىرىغان ھالەتتە ئۇنىڭغا ئېھتىيات قىلىشنى تاپىلاپ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتىم. گويا ئۇ توخۇ يۈرەك ۋىنسېنت مۇئېبىن ئەمەس، مەن ئۆزۈمدەك، قاتتىق خىجىللىق ھېس قىلدىم. بىر ئادەمنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرى بىلەن باشقا بارلىق ئادەملەرنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرى ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلىقلار بولىدۇ. شۇڭا، بىر ئادەمنىڭ بويۇنتاۋلىقىنى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ يۈزىنى تۆككەنلىك دېيىشنى ئادىللىق ئەمەس دېگىلى بولمايدۇ، بىر يەھۇدىينىڭ كرېستقا مىخلىنىشى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى قۇتقۇزالايدۇ دېيىشنىمۇ ئادىللىق ئەمەس دېگىلى بولمايدۇ. شوپېنخائۇر[3] مۇنداق بىر مەشھۇر گەپنى قىلغان: مەن دېمەك باشقىلار دېمەكتۇر، ئادەم دېمەك بارلىق جانلىق دېمەكتۇر. ئۇنىڭ بۇ گېپىنىڭ بەلكىم زاكونى بولسا كېرەك. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، شېكسپىر دەل ئاشۇ جون ۋىنسېنت مۇئېبىننىڭ ئۆزى شۇ.

بىز گېنېرالنىڭ چوڭ داچىسىدا توققۇز كۈن تۇردۇق. ئۇرۇش ئېلىپ كەلگەن ئازاب-ئوقۇبەت ۋە ئارزۇ-ئارمانلار ھەققىدە مېنىڭ بىر نەرسە دېگۈم يوق، مېنىڭ مەقسىتىم پەقەتلا مېنىڭ چىرايىمنى بۇزغان مۇشۇ تاتۇقنىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىش، خالاس. ئاشۇ توققۇز كۈن مېنىڭ ئېسىمدە گويا بىرلا كۈنگە ئايلانغانىدى، پەقەت ئەڭ ئاخىرقى ئىككىنچى كۈنىلا بۇنىڭ سىرتىدا ئىدى. ئاشۇ كۈنى بىزنىڭكىلەر بىر ھەربىي گازارمىغا بۆسۈپ كىرىپ، 16 ئەسكەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئەلفىندا پىلمۇتتا ئوققا تۇتۇلۇپ ئۆلتۈرۈلگەن 16 سەپدىشىمىز ئۈچۈن ئىنتىقام ئالغانىدۇق. مەن تاڭ سەھەر يورىغاندا غىپپىدە چىقىپ كېتىپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە قايتىپ كەلگەنىدىم. مېنىڭ ھەمرىيىم مېنى ئىككىنچى قەۋەتتە ساقلاۋاتاتتى، ئۇ ئاغرىق تۈپەيلىدىن بىرىنچى قەۋەتكە چۈشەلمەيتتى. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇ ئىستراتېگىيەگە ئائىت بىر كىتابنى كۆتۈرۈۋالغانىدى، ئۇ ماۋدېت ياكى كلاۋسېۋىتز[4] نىڭ ئەسىرى بولسا كېرەك. بىر كۈنى كەچتە، ئۇ ماڭا: «مەن ئەڭ ياقتۇرىدىغان قورال — زەمبىرەك» دېگەنىدى. ئۇ بىزنىڭ پىلانىمىزنى سۈرۈشتۈرۈپ، مەمەدانلارچە تەنقىد قىلاتتى ياكى تۈزىتەتتى. ئۇ يەنە دائىم «ئېچىنىشلىق ئىقتىسادىي ئاساسىمىز»غا ھۇجۇم قىلىپ، جاھىل ۋە شۇم ھالەتتە ئاقىۋېتىمىزنىڭ چوقۇم چاتاق بولىدىغانلىقىنى پەرەز قىلاتتى. ئۇ: «بۇ ئىش تۈگەشتى» دەپ غۇدۇرايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ جىسمانىي جەھەتتىكى ئاجىزلىقىنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن، زېھنىنىڭ ئۆتكۈر ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىشقا كۆچەپ تىرىشاتتى. ھەرھالدا بىز توققۇز كۈننى مانا مۇشۇنداق ئۆتكۈزدۇق.

ئونىنچى كۈنى، ھۆكۈمەت ئارمىيەسى شەھەرنى پۈتۈنلەي كونترول قىلدى. قاۋۇل ئاتلىق ئەسكەرلەر شەھەرنى ئۈن-تىنسىز چارلايتتى، شامال ئىس-تۈتەكلەرنى ئۇچۇرۇپ يۈرەتتى؛ مەن كوچا بۇرجىكىدە تۇرۇپ مەيداندا ئەسكەرلەرنىڭ بىر جەسەتنى ئادەم شەكىللىك قارىغا نىشانى

قىلىپ ئوق ئېتىش مەشقى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم... مەن ئۇ كۈنى سەھەردىلا چىقىپ كېتىپ، چۈشتىن بۇرۇنلا قايتىپ كەلدىم. مۇئېن كۈتۈپخانا ئۆيدە بىرسىگە گەپ قىلىۋاتاتتى، مەن ئۇنىڭ ئاۋازىدىن تېلېفون بېرىۋاتقانلىقىنى ئۇقتۇم. ئۇ مېنىڭ ئىسمىمنى تىلغا ئالدى، ئارقىدىنلا مېنىڭ كەچ سائەت يەتتىدە قايتىپ كېلىدىغانلىقىمنى دېدى، يەنە تېخى مەن گۈللۈكتىن ئۆتكەندە مېنى تۇتسا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ پىلان كۆرسەتتى. مېنىڭ ئۇ ناھايىتى ئەقىللىك دوستۇم ناھايىتى ئەقىللىك ھالدا مېنى دۈشمەنلەرگە سېتىۋاتاتتى. مەن يەنە ئۇنىڭ ئۆز بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش تەلىپىنىمۇ ئاڭلىدىم.

مېنىڭ بۇ ھېكايەم مۇشۇ يەرگە كەلگەندە كالالام ئېلىشىپ كېتىدۇ، ھېكايىمۇ ئۈزۈلۈپ قالىدۇ.پەقەتلا ئۇ مۇناپىقنىڭ قاچقىنى، مېنىڭ ئالۋاستى ئۇۋىسىدەك قاپقاراڭغۇ كارىدوردىن ئۆتۈپ، ئادەمنىڭ بېشىنى قايدۇرىدىغان پەلەمپەيلەردىن چۈشۈپ، تاپ باستۇرۇپ قوغلىغىنىملا ئېسىمدە. مۇئېن بۇ ئۆيلەرنىڭ ئۈجۈر-بۈجۈرىنى مەندىن ئوبدان بىلەتتى، بىرنەچچە مەرتەم ئۇ قېچىپ كەتكىلى تاسلا قالدى. لېكىن ئەسكەرلەر كېلىپ مېنى تۇتۇۋېلىشتىن بۇرۇن، مەن ئۇنى بىر بولۇڭغا قاماۋالدىم. مەن گېنېرالنىڭ تامغا ئېسىقلىق كۆرگەزمە قورال-ياراقلىرى ئارىسىدىن بىر ئەگرى قىلىچنى سۇغۇرۇۋېلىپ، قىلىچنىڭ ھىلال ئاي شەكلىدىكى پولات تىغى بىلەن ئۇنىڭ يۈزىدە ھىلال ئاي شەكلىدىكى يوقالماس قانلىق ئىز قالدۇردۇم. بورخېس، ئىككىمىز گەرچە تونۇشمىساقمۇ، مەن بۇ ئىشنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى سىزگە ئېيتىپ بەردىم. مېنى كۆزگە ئىلمىسىڭىز مەيلى، مېنىڭ كۆڭلۈم يېرىم بولمايدۇ.

ئۇ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە توختاپ قالدى.مەن ئۇنىڭ قولىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى بايقىدىم.

— مۇئېن،كېيىن قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدىم.

— ئۇ يۇداغا[5] بېرىلگەن ئىنئامغا ئېرىشىپ، برازىلىيەگە قېچىپ كەتتى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، مەن بىر نەچچە مەست ئەسكەرنىڭ مەيداندا بىر ئادەمنى قارىغا نىشانى قىلىپ ئېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم.

مەن ئۇنىڭ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇشىنى كۈتۈپ ئولتۇردۇم، لېكىن ئۇ بىر ھازاغىچە ئۈندىمىدى. ئاخىر مەن ئۇنى داۋاملاشتۇرۇشقا دەۋەت قىلدىم.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىرنى ئىڭراپ قويۇپ، يۈزىدىكى ھېلىقى كۆلرەڭ ئەگرى تاتۇقنى ئېچىنىش بىلەن كۆرسەتتى.

— ئەجەبا سىز ئىشەنمىدىڭىزمۇ؟ — دېدى ئۇ پىچىرلاپ تۇرۇپ، — ئەجەبا سىز مېنىڭ يۈزۈمدىكى بۇ ئىپلاس ئىزنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟ مەن سىزنىڭ بۇ ھېكايىنى تولۇق ئاڭلىشىڭىز ئۈچۈن، مۇشۇ ئۇسۇلدا سۆزلەپ بەردىم. مەن ئۆزۈمنى قوغدىغان ئادەمنى پاش قىلدىم، ۋىنسېنت مۇئېن مەن شۇ. ئەمدى مېنى كەمستسىڭىز بولىدۇ.

ئىزاھاتلار:

1. برازىلىيەدە ئىسپان تىلى قوللىنىلىدۇ، پورتۇگال تىلىنى بەزىلەر بۇزۇلغان ئىسپان تىلى دەپ ئاتىشىدۇ.
2. پارنېل - (Charles Stewart Parnell, 1846-1891) ئىرېلاندىيىلىك سىياسىيون، ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇپ، ئىرېلاندىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى تەشەببۇس قىلغۇچى رەھبەرلەرنىڭ بىرى.
3. شوپېنخائۇر (Arthur Schopenhauer, 1788-1860) گېرمانىيەلىك پەيلاسوپ.
4. كلاۋسېۋىز (Karl von Clausewitz, 1780-1831) پرۇسسىيىلىك گېنېرال،بېرلىن ھەربىي مەكتىپىگە مۇدىر بولغان، «ئۇرۇش توغرىسىدا» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.
5. يۇدا (Judas) ئەيسا مەسىھنىڭ ئون ئىككى شاگىرتىنىڭ بىرى،كېيىن ئەيسانى سېتىپ، ئوتتۇز كۈمۈش تەڭگىگە ئېرىشكەن.

خىتايچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: تاھىر ھامۇت (ئامېرىكا)



# بۈيۈك قوي ئىمپېرىيەسى

(ھېكايە)

ئەزىز نەسىن

*ئەزىز نەسىن (Aziz Nesin، 1915-1995). تۈركىيەنىڭ مەشھۇر يازغۇچىلىرىدىن بىرى بولۇپ، 1915-يىلى ئىستانبۇلدا تۇغۇلغان. 1937-يىلى ئەنقەرەدىكى ھەربىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن. 1944-يىلى سۇباي (subay، گېنېرالدىن تۆۋەن دەرىجىلىك ھەربىي ئۇنۋانلاردىن بىرسى)لىقىدىن ۋاز كېچىپ، يازغۇچىلىقنى تاللىغان. ئۇ دەسلەپ «مىللەت» ژۇرنىلىدا ئىشلىگەن.*

*ئەزىز نەسىن ساتىرىك يازغۇچى بولۇپ، ئۇنى ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىدىن مەمتىمىن ھوشۇرغا، ياپونىيە يازغۇچىلىرىدىن شىنىڭ شىنىيگە ئوخشىتىشقا بولىدۇ.*

*ئۇنىڭ «خوتۇن بولغان ئەركەك» قاتارلىق ئوندىن كۆپ رومانى، «قەھرىمانلىق مۇنارى تىكلەنگەن چېۋىن» قاتارلىق كۆپلىگەن ھېكايىلىرى، «بىر سۈرگۈننىڭ خاتىرىلىرى» قاتارلىق ئەسلىمىلىرى، «ئۇخلىغىنا تۇسۇنۇم» قاتارلىق مەسەللىرى بار بولۇپ، ئۆمرىدە «ئالتۇن پالما مۇكاپاتى» (Altın Palmiye Ödülleri) قاتارلىق يىگىرمىگە يېقىن مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.*

بىر زامانلاردا بۆرىلەرنىڭ ئوۋ ئوۋلايدىغان يېرى قالمىغان ئىدى. چۈنكى ھايۋانلارنىڭ پادىشاھلىرى ھېسابلىنىدىغان شىر، يولۋاس، ئېيىق قاتارلىق كۈچلۈك ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلار دۇنيادىكى ئوۋ ئوۋلايدىغان زېمىنلارنى ئۆز ئىچىدە بۆلۈشىۋالغان ئىدى. بۆرىلەرگە بولسا ئوۋ ئوۋلايدىغان زېمىن قويمىغان ئىدى. بۆرىلەرمۇ ئوۋ ئوۋلايدىغان يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن بولسىمۇ، شىر، يولۋاس ۋە ئېيىقلاردەك كۈچلۈك ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ تېررىتورىيەسىگە كىرەلمەيتتى، ئۇ زېمىنلاردا ئوۋ ئوۋلىيالمايتتى. بۇ سەۋەبتىن ھايات كەچۈرۈشتە قىينىلاتتى ھەتتا بەزىدە ئاچ قالاتتى. بۆرىلەر بۇ قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆز ئىچىدە ناھايىتى چوڭ بىر قۇرۇلتاي ئاچتى. بۇ قۇرۇلتايدا «قانداق قىلغاندا بۇ ئېغىر ئەھۋالدىن قۇتۇلالايمىز؟» دېگەن تېمىدا پىكىرلەشتى، مۇزاكىرە قىلدى. ئاخىرى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئەقىللىك دانىشمىنىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئەھۋالنى چۈشەندۈردى. قېرى دانىشمەن بۆرە بۆرىلەرنىڭ قۇرۇلتىيىغا كېلىپ شۇنداق دېدى:

— ناھايىتى ھۆرمەتلىك بۆرە قېرىنداشلىرىم! شىر، يولۋاس، ئېيىق قاتارلىق يىرتقۇچ ھايۋانلار

ئىشغالچىلاردۇر. بۇ كۆچلۈك ئىشغالچى كۆچلەر دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى ياشىغىلى بولىدىغان، مۇنبەت زېمىنلارنى ئۆزىگە بۆلۈۋالدى، ئىشغال قىلىۋالدى. بىز بۆرىلەرگە زېمىن قويمىدى. بىزمۇ ئاشۇنداق مۇنبەت زېمىنغا ئىگە بولۇشنى ئۈمىد قىلىمىز. ئەمما ئۇلار بىزگە ياشاشقا مۇۋاپىق زېمىن قويمىدى. ئەسلىدە بىز بۆرىلەرمۇ يىرتقۇچ، كۈچلۈك، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەقىللىك ھايۋانلارمىز.

دانىشمەن قېرى بۆرە سۆزلەپ بۇ يەرگە كەلگەندە بىر ئاز توختىدى. يۆتىلىپ ئاۋازىنى تەڭشىۋالغاندىن كېيىن شۇنداق تەكلىپ بەردى:

— قىممەتلىك بۆرە قېرىنداشلىرىم، سۆيۈملۈك تۇرداشلىرىم! ھەممىڭلارنىڭ بىرلىكتە «بۆرىلەر ھەممىدىن ئۈستۈندۇر!» دەپ توۋلىشىڭلارنى تەلەپ قىلىمەن.

بۇ تەكلىپ قۇرۇلتايدىكى بۆرىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقتى. يالغۇز ئۇ كۈنىلا ئەمەس، كېيىن ھەر ۋاقىت ۋە ھەرقانداق يەردە ھەممىسى بىر ئېغىزدىن توختىماي ۋارقىراشقا باشلىدى:

— بۆرىلەر، بۆرىلەر ھەممىسىدىن ئۈستۈن!

— بۆرىلەر، بۆرىلەر ھەممىسىدىن ئۈستۈن!

— بۆرىلەر، بۆرىلەر ھەممىسىدىن ئۈستۈن!»

بۇ سۆز بۆرىلەر ئىچىدە بىر شوئار بولۇپ قالدى.

قېرى دانىشمەن بۆرە كېيىن سۆزىنى شۇنداق داۋام قىلدى:

— بىزنىڭمۇ ئىشغال قىلىۋالغان زېمىنىمىز بولۇشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن تەكلىپىم مۇنداق:

قويلارنى ئالداپ، «بۆيۈك قوي ئىمپېرىيەسى» قۇرۇپ چىقىشقا ماقۇل قىلايلى. قويلار بۆيۈك قوي ئىمپېرىيەسى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن بىر يەرگە يىغىلغاندا، ئۇ زېمىننىڭ ئەتراپىنى چۆرىدەپ، ئۇلارنى مۇھاسىرىگە ئالىمىز. قورسىقىمىز ئاچقان ۋاقىتلاردا ئۇلاردىن تويغۇچە يەيمىز.

بۇ تەكلىپ بۆرىلەر قۇرۇلتىيىدا تەستىقتىن ئۆتتى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ پىكىرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بۆرە دانىشمەنلەردىن بىر ھەيئەت ھازىرلاندى. بۇ ھەيئەتتە ئۇ تەكلىپنىڭ قانداق قىلىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى كېرەكلىكى توغرىلىق مۇزاكىرىلەر ئۆتكۈزۈلدى. بىر دانىشمەن بۆرە شۇنداق دېدى:

— ھەممىدىن بۇرۇن ئۇلارنى خالىغان ۋاقىتتا خاتىرجەم يېيەلىشىمىز ئۈچۈن، ئۇلارنى بىر يەرگە توپلىشىمىز كېرەك.

باشقا دانىشمەن بىر بۆرىمۇ:

— ناھايىتى توغرا پىكىر، بارلىق جانلىقلارغا ئوخشاش قويلارمۇ بىر خەتەرگە دۇچ كەلگەندە بىر يەرگە كېلىپ يىغىلىشىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز يالغاندىن بىر تەھدىت ئويدۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك. قويلارنى ئۆزىنىڭ خەتەرلىك ئەھۋالدا ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرۈشىمىز كېرەك. مىسال قىلىپ ئېيتسام، بۇ خەتەر گالاپىنتوپ (Galapintop) بولۇشى مۇمكىن، — دېدى. بۇنى ئاڭلىغان بۆرىلەر گالاپىنتوپنىڭ قانداق خەتەر ئىكەنلىكىنى سوراشتى. ئۇ دانىشمەن

بۆرە:

— بۇنداق بىر نەرسە يوق، ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان، — دېدى. ھەقىقەتەن يالغان، ئويدۇرۇلغان نەرسىنىڭ خەتىرى بار بولغان خەتەردىنمۇ بەكرەك قورقۇنچلۇق بىلىنىدۇ. چۈنكى بار بولغان بىر نەرسە ئاز ياكى كۆپ كىشىلەر تەرىپىدىن بىلىنىدۇ. ئەمما بولمىغان بىر نەرسىنى ھەرگىز بىلگىلى بولمايدۇ.

دانىشمەن بۆرىنىڭ پىكرىچە، بۆرىلەر قويلارغا گالاپىنتوپ خەتىرىگە دۇچ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ، بۆرىلەرنىڭ بۇ دەھشەتلىك خەتەرگە قارشى ھەرقانداق ۋاقىتتا ۋە ھەرقانداق جايدا قويلارغا ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلاتتى.

بۇ تەكلىپ ھەممە دانىشمەنلەرنىڭ بىردەك تەستىقىدىن ئۆتتى. كېيىن باشقا بىر دانىشمەن بۆرە شۇنداق دېدى:

— قويلارنى بىرلەشتۈرۈپ، بىر يەرگە يىغىش ئۈچۈن، ناھايىتى چوڭ بىر خەتەرنىڭ يېتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، قويلارنى ئالداش بەكمۇ جايىدا بىر ئىش، ئەمما يېتەرلىك ئەمەس. بۇنىڭدىن باشقا ئۇلارنى ناھايىتى چوڭ نىشان ۋە غايىسى بولغان بىر دۆلەتكە ئىشەندۈرۈش لازىم. بۇ دۆلەت قۇرۇش پىلانى بولسا ھېچقاچان ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئۇزاق بىر خىيال، تاتلىق بىر چۈش بولۇشى كېرەك.

بۆرىلەر بۇ دانىشمەندىن سوراشتى:

— ئۇ قويلارنى قانداق بىر دۆلەتنىڭ خىيالىنى سۆزلەپ ئىشەندۈرەلەيمىز؟ قانداق قىلىپ قويلارنى دۆلەت قۇرۇش خىيالىنىڭ ئارقىسىدىن توپ-توپ بولۇپ ماڭدۇرالايمىز؟

دانىشمەن بۆرە بۇ سوئالغا مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

— بىز ئۇ قويلارغا بۈيۈك قوي ئىمپېرىيەسى قۇرۇش كېرەكلىكىنى ئېيتىمىز. بۇ دۆلەتنىڭ ئىسمى «قويچىلىق دۆلىتى» بولىدۇ.

شۇنداق قىلىپ بىر توپ بۆرىلەرنىڭ مۇزاكىرىسىدە چىقىرىلغان قاراردىن كېيىن، بۇ پىلاننىڭ ئەمەلىي ئىجرا قىلىنىشى باشلاندى. بۆرىلەر قويلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ مەنپەئەتپەرەسلەرنى، ئەڭ پىخسىقلارنى ۋە ئەڭ دۆتلىرىنى تېپىشتى، ئۇلارنى ئۆزلىرىگە يانداش قىلىشتى. بۆرىلەر بۆرە تەرەپدارى بولغان قويلارغا ئارقا ئىشىك قىلىپ، ئەڭ ياخشى يايلاقلارنى، كەڭرى كەتكەن زېمىنلارنى ۋەدە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن قويلارنىڭ ئارىسىدا «قويچىلىق» ئېقىمى شەكىللىنىشكە باشلىدى. قويچىلىق ئېقىمىنىڭ كىتابلىرى يېزىلىشقا باشلىدى. ئۇ كىتابتا شۇنداق نەرسىلەر يېزىلغان ئىدى:

— بىز قويلار باشقا بارلىق ھايۋانلاردىن ئۈستۈنمىز. شىرنىڭ، يولۋاسنىڭ تۈكلىرىدىن يىپ ئېگىرىشكە بولمايدۇ، ئەمما بىزنىڭ يۇڭلىرىمىزدا يىپ ئېگىرگىلى بولىدۇ. ھەتتا بىزنىڭ ماياقلىرىمىزمۇ پايدىلىقتۇر، ئوغۇت بولۇپ ئىشلەتكىلى بولىدۇ. ئەمما شىر، يولۋاسلارنىڭ نىجاسەتلىرى بۇ گۈزەل دۇنيانىڭ مۇھىتىنى بۇلغاشتىن باشقا نېمە ئىشقا يارايدۇ؟ بىز قويلار ھەممىدىن ئۈستۈنمىز. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، بىز بۈيۈك قوي دۆلىتى قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك. بۇ بۈيۈك قوي ئىمپېرىيەسىنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن قويچىلىق دۆلىتى نامىدا بىرلىشىشىمىز كېرەك، دۈشمەنلىرىمىزگە قارشى بىرلىشىشىمىز كېرەك. يوقالسۇن گالاپىنتوپ! بۈيۈك قوي ئىمپېرىيەسى قۇرىمىز! بارلىق ئورمانلار، كەڭرى كەتكەن زېمىنلار، كۆز يەتكۈسىز چىمەنلەر بىز قويلارغا مەنسۇپ بولىدۇ. گالاپىنتوپنىڭ بېشىنى يەنجىيمىز!

بۆرىلەر مۇشۇ خىل كۆز قاراشتىكى قويلارنى قوللاپ، ياردەم قىلاتتى. بۇ خىل ياردەم ۋە قوللاش ئالدىدا بەزى قويلار شۇنداق ئويلاشقا باشلىغان ئىدى: «بىز بۆرىلەرنى خاتا چۈشىنىۋاپتۇق. ئەسلىدە بۆرىلەر بەكمۇ ياردەمسۆيەر ھايۋانلار ئىكەن. بۆرىلەر بىزنىڭ دوستلىرىمىزدۇر».

بۆرىلەر ناھايىتى تەجرىبىلىك، سۆز قىلىشقا تولىمۇ ئۇستا، ناھايىتى ئەقىللىك ۋە

تەشكىلاتچى بولغانلىقى ئۈچۈن، قويلارغا تەتقىقاتچىلارنى، ئالىملارنى ئەۋەتەتتى. بۇ بۆرە ئالىملار قويلارنى ماختىشاتتى، ۋەز-نەسىھەت قىلىشاتتى ۋە يول كۆرسىتىشەتتى.

بۆرىلەر ئۇ ئالىملىرىدىن باشقا قويلارنىڭ ئارىسىغا ئۆزىنىڭ ئىشپىيونلىرىنىمۇ ئەۋەتىشكە باشلىغان ئىدى. بۇ ئىشپىيونلار قوي تېرىسىگە ئورىنىۋالغان بۆرىلەر ئىدى. بەكمۇ ياخشى تەربىيەلەنگەنلىكى ئۈچۈن خۇددى قويلارغا ئوخشاش مەرىيەلەيتتى. قويلار بۇ ئىشپىيونلارنى ئۆزلىرىگە ئوخشاش قوي ھېسابلاشتى. بۇ جاسۇسلار ھەر بىر سۆزىنى: «بىز ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ بەكرەك ئىتتىپاقلىققا، بىرلىك ۋە باراۋەرلىككە ئېھتىياجلىق بولغان بۇ يىللاردا» دەپ باشلاپ، قويلارنى بىر يەرگە توپلىنىشقا چاقىراتتى.

قويلارنىڭ ئىچىدە كېڭەيگەن بۈيۈك قوي دۆلىتى قۇرۇش پىكرى بىر قوي توپىدىن يەنە بىر قوي توپىغا تېزلىك بىلەن تارقىلىشقا باشلىدى. بارلىق قوي توپىدىكى قويلار باشقا قويلارنى دۈشمەنلىرى گالاپىنتوپقا قارشى بىرلىشىشكە چاقىرىق قىلىشاتتى ۋە چەكسىز كەتكەن چىمەنلەرنى، يايلاقلارنى، مۇنبەت زېمىننى ئۆز قوينىغا ئالغان ئۇ بۈيۈك قوي ئىمپېرىيەسىنىڭ خىيالىنى قىلىشاتتى. خىيالىدا بارلىق قوي توپلىرى ئۇ زېمىنغا ئېقىپ كېلىشەتتى ۋە ئۆزلىرىگە قارشى دۈشمەن بولغان گالاپىنتوپلارنى يوق قىلىشاتتى.

بارلىق قويلارنى بۆرىلەرنىڭ بۇ ئويدۇرما ھېكايىسىگە ئىشىنىدىغان دۆتلەر دېيىش خاتا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەقىللىك قويلارمۇ بار ئىدى. بۇلار گالاپىنتوپ دەپ بىر دۈشمەننىڭ يوق ئىكەنلىكىنى، بۇ دۈشمەن تەھدىتىنى بۆرىلەرنىڭ ئويدۇرۇپ چىقارغانلىقىنى، مەقسەتلىرىنىڭ بولسا مۇشۇنداق ئويدۇرما دۈشمەن ياساپ چىقىپ، ھەقىقىي دۈشمەننىڭ ئۆزلىرى ئىكەنلىكىنى يوشۇرۇش ئىكەنلىكىنى سۆزلەش ئارقىلىق قانداشلىرىنى ئاگاھلاندۇرماقچى بولۇشتى. ئۇلار بۇنىڭلىق بىلەنلا توختاپ قالمىدى. بۈيۈك قويلار ئىمپېرىيەسىنىڭ قۇرۇق خىيالدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنىمۇ ئېيتىشتى. ئۇ خىيالى ئىمپېرىيەدە چەكسىز كەتكەن چىمەنزارلىق، بىپايان يايلاق ۋە كەڭرى زېمىننىڭ چۈشىنى كۆرۈپ يۈرۈۋەرسە، پوستىدىنمۇ ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىنى، ئاچ بۆرىلەرگە يەم بولىدىغانلىقلىرىنىمۇ چۈشەندۈردى. ئەمما يىراقنى كۆرەلەيدىغان بۇ ئەقىللىك قويلارنىڭ بۇنداق ئۇرۇنۇشلىرى ھېچقانداق كارغا كەلمىدى. چۈنكى دۈشمەن گالاپىنتوپقا قارشى بىرلىشىش، بىر يەردە بولۇش، توپلىنىش، بۈيۈك قوي دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقىش خىيالى دولقۇنى ئەۋج ئالغان ئىدى. ئەكسىچە چۈشەنگەنلەرگە بولسا خائىن ۋە قويلارنىڭ دۈشمىنى نەزىرىدە قارىشاتتى.

بۈيۈك قوي دۆلىتىدىكى يايلاقلار، بوستانلىقلار، زېمىنلار كۆز يەتكۈسىز چىمەنلىەر قىشنىڭ سوغۇق كۈنلىرى قار ئاستىدا قالسىمۇ، قۇرۇپ قالماستىن، يېشىللىق ئىچىدە تۇرۇشاتتى. ئۇ يەر بىر جەننەت ئىدى، قويلارنىڭ جەننىتى ئىدى.

يېڭى قوي دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقىش خىزمىتى كۈندىن ـ كۈنگە تېزلەشتى. دۈشمەن گالاپىنتوپنى يېڭىش ئۈچۈن قويلاردىن ھەربىي قوشۇن تەييارلاندى. ئەمدىلىكتە بولسا قويلار بۇرۇنقىدەك ياشىمايتتى. ئۆزلىرىنى بۆرە دەپ ئويلاپ، بۆرىدەك ياشايتتى. بۇرۇنقى ۋاقىتتىكىدەك مەرىمەي، بۆرىدەك ھۇۋلاشنى ئارزۇ قىلىشاتتى.

بۇ خىزمەتلەردىن كېيىن ئۇ تارىخىي كۈن يېتىپ كەلدى. خەۋەرلەر توپتىن توپقا يېتىپ باردى ۋە ھەممە جايدىكى قوي پادىلىرى دۈشمىنى گالاپىنتوپنى يوقىتىش ۋە قويلارنىڭ يېڭى دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتتۈشتى. بۇ جەريان بەكمۇ جاپالىق ئۆتتى. بارلىق قويلار ئۆزلىرىگە بۆرە ئالىملار كۆرسىتىپ بەرگەن ئۇزۇن ۋە ناھايىتى كەڭرى بىر زېمىنغا يىغىلىشتى. ئۇلار بۇ يەردە ھەممىسى بىر ئېغىزدىن ۋاقىرىشاتتى:

— يوقالسۇن گالاپىنتوپ!

— بىز ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ بەكرەك بىرلىك ۋە باراۋەرلىككە موھتاج بولغان مۇشۇنداق بىر كۈندە قويلارنىڭ يېڭى بۈيۈك دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقىمىز!

بۇ ۋاقىتتا بارلىق ئاچ بۆرىلەر ئۇ زېمىنغا توپلانغان قويلارنىڭ ئەتراپىنى چۆرىدەپ، ئۇلارنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ بولغان ئىدى. ئەمدىلىكتە بولسا بۆرىلەر قويلارنى ناھايىتى ئاسانلا بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ، خالىغانچە يېيەلەيتتى. چۈنكى بۇ قويلارنىڭ نە پادىچىسى، نە ئۇلارنى قوغدايدىغان ئىتلىرى يوق ئىدى. قويلار ھەقىقىي خەتەرنىڭ نەدىن كېلىدىغانلىقىنى، ھەقىقىي دۈشمەننىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، قانداق بولۇپ ئالدانغانلىقىنى بىلىشتى. ئەمما ئۇلار كېچىككەن ئىدى. قويلارنىڭ دۆتلۈكى سەۋەبىدىن ئەمدىلىكتە بۆرىلەرنىڭمۇ ياشىيالىغۇدەك بىر يېرى، ئىشغال قىلىنغان بىر زېمىنى بولغان ئىدى.

«بۇ يالغانچىلارغا ئىشەنمەڭ! بۇ تۇزاققا چۈشمەڭ!» دەپ ئۆز قېرىنداشلىرىنى قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان نى، نى ئەقىللىك قويلار ئۇيەر ـ بۇيەرلەردە ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىپ، يوشۇرۇنۇشقا مەجبۇر بولغان ئىدى. ئۇلار قويلارنىڭ نەسلىنى يېڭىدىن يېتىشتۈرۈپ چىقىشتى. ئەگەر ئۇلار بولمىغان بولسا ئىدى، بارلىق قويلارنىڭ نەسلى قۇرۇپ كەتكەن بولاتتى.

قويلارنىڭ تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن بۇ ۋەقەلەر تارىخ كىتابلىرىدا يېزىقلىق بولسىمۇ، بۆرىلەرنىڭ بۇ ئالدامچىلىق ئويۇنى دۇنيادا يەنىلا داۋام قىلماقتا. چۈنكى دۇنيادا بۈگۈنكى كۈندىمۇ قويلارنىڭ ئىچىدە بولسۇن ياكى باشقا مەخلۇقاتلارنىڭ ئىچىدە بولسۇن، تولىمۇ ئەپسۇسكى، شەخسىيەتچىلەر، نەپسانىيەتچىلەر، دۆتلەر ۋە پەسەندىلەر ھازىرمۇ بار.

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: مەمەتتۇرسۇن ئۇيغۇر (تۈركىيە)

# غېرىبلىق

زېلىمخان ياقۇپ (ئەزەربەيجان)

ئەي غېرىب مەملىكەت، ئەي غۇربەت دىيار،
دېسەڭچۇ يوللىرىمنى ئېزىپ كەلگەنمەن.
پىشانىگە پۈتۈلگەننى ئاللاھىم بىلۇر،
مەن ئۆز داستانىمى يېزىپ كەلگەنمەن.

يىلتىزىم، چېچەكىم، تېغىم ئۇ يەردە،
مەن بۇيەردە بىتاپمەن ساقلىق ئۇ يەردە.

قىيالىق، بۇلاقلىق تېغىم ئۇ يەردە،
تامچىلاپ، قىيادىن ئېقىپ كەلگەنمەن.

ئۆزۈڭ بىل، ئۆزگىگە بىلدۈرمە مېنى،
يېغلىتىپ ـ يېغلىتىپ، كۈلدۈرمە مېنى.
سەن ئاللاھ، غۇربەتتە ئۆلتۈرمە مېنى،
ۋەتەندە قەبرەمنى قېزىپ كەلگەنمەن.

ئەزەربەيجەندىن تەرجىمە قىلغۇچى: نۇرۇگۈم قۇتلۇق (تۈركىيە)



# ئىككى شېئىر

(شېئىر)

ئېلىزابېت بارېت برووۋنىڭ (ئەنگلىيە)

*ئېلىزابېت بارېت برووۋنىڭ (1806 — 1861) ئەنگلىيەنىڭ ۋىكتورىيە دەۋرىدىكى شائىرى، ھاياتلىقىدا ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىدا داڭق چىقارغان. ئېلىزابېت 12 بالىنىڭ ئەڭ چوڭى بولۇپ، 11 يېشىدا شېئىر يېزىشقا باشلىغان. ئانىسى ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى توپلىغان، بۇ توپلام ھازىر ئۆسمۈر شائىرلارنىڭ شېئىرلار توپلىمى ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ توپلاملارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئېلىزابېت 15 يېشىدا كېسەل بولۇپ، ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە باش ۋە ئومۇرتقا ئاغرىقىنىڭ ئازابىنى تارتقان. 1844-يىلى «شېئىرلار» ناملىق توپلىمى بىلەن يازغۇچى روبېرت برووۋنىڭنىڭ دىققىتىنى تارتقان. 1945 - يىلى ئىككىيلەن توي قىلىپ ئىتالىيەگە كۆچۈپ كەتكەن. 1861-يىلى ئېلىزابېت ئىتالىيەنىڭ فلورېنس شەھىرىدە ۋاپات بولغاندىن كېيىن، يولدىشى روبېرت برووۋنىڭ ئۇنىڭ ئاخىرقى شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلدۇرغان. ئېلىزابېتنىڭ ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەرلىرىدىن «قانداق سۆيىمەن سېنى؟» ناملىق شېئىرى ۋە «ئاۋرى لەي» ناملىق ئېپىك رومانى بار.*

## دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى نەرسە

نېمدۇر دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى نەرسە؟
باھاردا شەبنەم كۆرگەن ياز ئەتىرگۈلى،
يامغۇرسىز كەلگەن تاتلىق جەنۇب شامىلى.
دوستىغا قارا ساناپ يۈرمىگەن چىنلىق،
كېتىشكە ئالدىراپ يەڭ تۈرمىگەن ھۇزۇر.
پەردازدىن ئۆتمىگەن ساپ گۈزەللىكتۇر ئۇ،
ئاددىيلىق ئىچىدە تىك تۇرغانچە غۇرۇر.
نۇردۇر ئۇ كۆزلىرىڭنى قىستۇرمايدىغان،
ئەسلەش ئۇ ھەسرەتلەردىن يىگۈزمەيدىغان.
ئۇ ياخشى كۆرگىنىڭدۇر ھەم كۆرۈلگىنىڭ.
نېمدۇر دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى نەرسە؟
شۇلارنىڭ ئىچىدىنلا ئىزلە مېنىڭچە.

## قانداق سۆيىمەن سېنى؟ (43 ـ سونېت)

قانداق سۆيىمەن سېنى؟ ساناپ بېرەيچۇ قېنى:
روھىم يەتكەن چوڭقۇرلۇق، كەڭلىك، ئېگىزلىككىچە
سۆيىمەن سېنى كۆزدىن يىراق تۇيۇلغىنىمدا
غايىۋى شەپقەت ۋە ئەڭ ئاخىرقى بارلىققىچە.
سۆيىمەن سېنى قۇياش نۇرى، شام يورۇقىدا
ھەربىر كۈنۈمدىكى ئەڭ جىمجىت يارلىققىچە.
سۆيىمەن ئازادە، ھەققىمىز دەپ ئېلىشقاندەك،
سۆيىمەن پاكىزە، ماختاشلاردىن يېلىققاندەك.
سۆيىمەن سېنى كونا پىغانلىرىمغا بەرگەن
قايناق ئىشقىم، باللىقتىكى ئەقىدەم بىلەن.
سۆيىمەن يوقاتقان قەھرىمانلىرىم يېنىدا
چۈشۈرۈپ قويغاندەك قىلغان پارچە سۆيگۈم بىلەن.
سۆيىمەن ئۆمرۈمنىڭ نەپەس، كۈلكە، ياشلىرىدا،
خالىسا تەڭرى سۆيىدۈرەر بەكرەك ئۆلۈم دېگەن.

ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: خەندان (تۈركىيە)

## بىر شېئىر

ۋىليام سادىقوۋ (رۇسىيە، ئۇيغۇر)

چارچىدىم كۈرەشتىن، ئەمەس بۇ يالغان،
مۈمكىنبا ئۆلۈرمەن ـ تەلىيىم بولسا.
بۇ شېئىر گۇۋاھچى بولغۇسى ھامان،
ئازابلار ئىلكىدىن كۆڭۈل قۇتۇلسا.

راست، يازغان شېئىرىم نازۇك ئىدى بەك،
ھە، ھازىر ھېچ كىمگە كېرىكى يوقمىش...
ھەقىقەت ـ يۈرەككە سالغان پىچاقتەك،
ناھەقلىق ھەر جايدا كۈندىلىك بىر ئىش...

ناھەقلىق پايدىمۇ، قولايلىقمۇ يە؟
مەنغۇ ھېچ بىرسىگە بولمىدىم دۈشمەن.

يامانلىق تىلىمەي ئۆتتۈم ئادەمگە،
بىراۋنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماي مەن.

ياشاشقا كاشىلا قىلمىسا ماڭا،
ئىزگۈلۈك ياراتسام ئەۋلادلار ئۈچۈن.
ھەممىگە ھاجىتىم بولسا ئۇ چاغدا،
نېمىشقا يوللىرىم توساقلىق، نېچۈن؟

دېمەك مەن، بىر ئەخمەق بولۇپ چىقمىدىم،
دەل شۇنداق غەلىتە بىز خەلق ھازىر.
كەچۈرگىن ھەق ئۈچۈن، سەن مېنىڭ ئىنىم،
ماڭا بۇ يۈكنى كۆتۈرۈش ئېغىر...

رۇسچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ۋ. مولوتوۋ (ئۇيغۇر، قازاقىستان)

# ئىككى شېئىر

چولپان (ئۆزبېكىستان)



داڭلىق ئۆزبېك يازغۇچى ۋە شائىر ئابدۇلھامىد سۇلايمان ئوغلى چولپان، 1897 ـ يىلى ئەنجاندا، مەرىپەتۇەر بىر سودىگەر ئائىلىدە تۇغۇلغان. دادىسى چولپاننى تەربىيەلەش ئۈچۈن ئەنجان ۋە تاشكەنتتىكى مەدرىسلەردە ئوقۇتقان. ئەرەبچە ۋە پارسچىنى پىششىق بىلگەن چولپان، ئەرەب ۋە پارس داڭلىق يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشقان. كېيىنكى كۈنلەردە رۇس ۋە ئىنگلىز تىلىنى ئۆگەنگەن بولۇپ غەرب ۋە شەرق كۈلتۈرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ئەسلى مەنبەسىدىن ئوقۇپ پايدىلانغان. شۇنداقلا تۈركىيە تۈركچىسىنىمۇ ئۆگىنىپ تۈرك ئەدەبىياتىنى يېقىندىن تەقىب قىلغان.

تۈرك جەدىدچىلىكىنىڭ باشلامچىسى ئىسمائىل گاسپىرال، ئۇبەيدۇللاھ سالتى، مۇنەۋۋەر كائارى، ئابداۇللاھ ئەلۋانى قاتارلىق تۈركىستان دۇنياسى جەدىدچىلىرىنىڭ پىكىرلىرىنى قوللاپ قۇۋۋەتلىگەن. چولپاننىڭ ئىجادىيەتلىرىدە ئابدۇرائۇف فىترات، ھاكىمزادە نىيازى، ئابدۇللا قادىرى قاتارلىق تەرەققىيات پەرۋەر يازغۇچىلارنىڭ تەسىرى كۆپ بولغان.

يازغان ئەسەرلىرىدە، مىللەتچىلىكنى تەشۋىق قىلىش، سوۋېت ئىتتىپاقى سىياسىتىگە قارشى تۇرۇش قاتارلىق جىنايەتلەر بىلەن قارىلىنىپ، 1937 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى قولغا ئېلىنىپ، 1938 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تاشكەنتتە مەخپىي ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇرۇق تۇغقانلىرىغا 1962 ـ يىلغىچە ھېچ قانداق خەۋەر بېرىلمىگەن.

چولپان قىسقىغىنا ھاياتىدا « ئويغىنىش» ، « بۇلاقلار» ، تاڭ سىرلىرى» ، «قوشاقلىرىم» ، «ساز» قاتارلىق شېئىرلار توپلىمى ( بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى ئەرەب ئېلىپبەسى بىلەن يېزىلغان) ، 11 سەھنە ئەسىرى، 6 ھېكايىلەر توپلىمى (كۆپىنچىسى ھايات ۋاقتىدا نەشر قىلىنمىغان)، 5 تەر ئەسىرى ۋە نۇرغۇنلىغان ماقالىلەرنى يازغان.

بەھار وە مېن.

بەھار كېلدى. . لېكن، ئۆنىڭ دەۋرىدە
كېتىب قالدى، بەھارلەرنىڭ سۇلتانى.
ئۇمىد ئۆلدى، رەقيبمنىڭ باغرىدا،
ئارتىب كېتدى كېلگۇسىگە ئيمانى.

*
* *

بەھار چاغى. . . رەقيبلەرم كېتەرلەر،
لېكن، مېنم حەسرەتلەرم كېتمەيلەر.
بۇ رەقيبلەر مېنى مەلۇل ئېتەلەر،
فىغانلارم سۇلتانمگە يېتمەيلەر! . .

قوقان، 1924، مارت: 18.

## باھار ۋە مەن

باھار كەلدى، لېكىن ئۇنىڭ دەۋرىدە،
كېتىپ قالدى، باھارلارنىڭ سۇلتانى.
ئۈمىد ئۆلدى، رەقىبىمنىڭ باغرىدا،
ئارتىپ كەتتى كەلگۈسىگە ئىمانى.

باھار چېغى، رەقىبلىرىم كېتىدۇ،
لېكىن، مېنىڭ ھەسرىتىم كەتمەيدۇ.
بۇ رەقىبلەر مېنى بىزار قىلىدۇ،
پىغانلىرىم سۇلتانىمغا يەتمەيدۇ! . . .


حه‌لق

حه‌لق تینگزدر، حه‌لق تولقوندر، حه‌لق کوچدر،
حه‌لق عیسیاندر، حه‌لق ئالاودر، حه‌لق ئوچدر...
حه‌لق قوزغالسا ئوچ یوقدر، کم توحتاتسون؛
قووه‌ت یوق، کم حه‌لق ئستکنی یوق ئیتسون،
حه‌لق عیسیانی سه‌لته‌نه‌تنی یوق قلدی،
حه‌لق ئستدی: تاج وه ته‌حتلر ییقلدی...

حه‌لق ئستسه آزاد بولسون بو ئولکه،
کیتسون ئونک باشیداغی کوله‌نکه،
بر قوزغالور، بر کوپورر، بر قاینار،
بر ئینتیلور، بر هاولیقار، بر ئوینار،
یوقلقیدا، ئاچلقیدا یوق ئیتر،
ئوز یورتینی هر نرسه‌گه توق ایتر...

بوتون کوچنی حه‌لق ئیچیدن ئالایلق،
قوچاق ئاچب حه‌لق ئیچیگه بارایلق!

۱۹۲۱ یل، سینتابر ۷، بوحارا.

## خەلق

خەلق دېڭىزدۇر، خەلق دولقۇندۇر، خەلق كۈچتۇر.
خەلق ئىسياندۇر، خەلق يالقۇندۇر، خەلق ئۆچتۇر...
خەلق قوزغالسا كۈچ يوقتۇر، كىم توختاتسۇن،
قۇۋۋەت يوق كىم خەلق ئىستىكىنى يوق ئېيتسۇن،
خەلق ئىسيانى سەلتەنەتنى يوق قىلدى،
خەلق ئىستىدى، تاج ۋە تەختلەر يىقىلدى...

خەلق ئىستەسە ئازاد بولسۇن بۇ ئۆلكە،
كەتسۇن ئۇنىڭ بېشىدىكى كۆلەڭگە،
بىر قوزغىلار، بىر غەزەپلىنەر، بىر قاينار،
بىر ئىنتىلەر، بىر ھاياجانلىنار، بىر ئوينار،
يوقلۇقنىمۇ، ئاچلىقنىمۇ يوقىتىدۇ،
ئۆز يۇرتىنى ھەر نەرسىگە توق قىلىدۇ

پۈتۈن كۈچنى خەلق ئىچىدىن ئالايلى،
قۇچاق ئېچىپ خەلق ئىچىگە بارايلى!

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: مۇرات ئورخۇن (تۈركىيە)

# ئاي كەبى

ئۇنسى ئەلھاج (لىۋان)

1
كۆك كىيىم كەيمەيسەن
شائىرلار كۆزىدىكى كۆكنى كىيىسەن

2
ئاشۇ كۈنى توپان كەلدى ۋە ئۆلتۈردى. كېمە ئۆزىنى كۆتۈرگىدەك سۇ تاپالمىدى.
تاپالمىدى ئۆزىدىن توپاننى توسقىدەك بىرەرسىمىزنى!

3
مەن ئۆزۈمنىڭ، ئۆزىنىڭدۇر سۆيگىنىمىمۇ ھەم.
بىر بىرلەشكۈچى ئاي كەبى.

ئەرەبچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئەركان (تۈركىيە)

# ئىككى شېئىر

ئېلىزابېت.س. روناي (ۋېنگىرىيە)



## مايانىڭ ئۆمۈچۈك تورى

بىز ھەممىمىز كۆلەڭگە - قۇتا
پاقا - يەيدىغان
ھەسەن ھۈسەن- چۈشەيدىغان
چىرماشقان ھاشاراتلار
ئۆمۈچۈك تورىدا
مايانىڭ

## قەپەس

نىمە ئۈچۈن قەپەسلەنگەن قۇش
قىچىپ كەتمەيدۇ ئىشكى
ئېچىلغاندا؟

تاشقىرىدا توساقلار بار،
ئىچكىرىدىمۇ توساقلار بار

ئىچكىرىدىكى توساقلار كۈچلۈكرەك

ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: پەرىدە ئەخەت (كانادا)

# جانان يايلاقتا چىققاندا

ئاشىق مۇرادى (تۈركىيە)

يارغا كەتكەن يول بولسا ئىدىم،
جانان يايلاقتا چىققاندا.
ئىشىكىدە قۇل بولسا ئىدىم،
يارىم يايلاقتا چىققاندا.

قۇربانىم باغۋەنگە،
قارا باشنىڭ كەمەنگە،
كاۋال بولسام پادىچىغا،
جانان يايلاقتا چىققاندا.

قانات بولسام تۇرناسىغا،
قارا قاشنىڭ سۈرمەسىگە،
پۆپۈك بولسام دوپپىسىغا،
يايىرىم يايلاقتا چىققاندا.

مۇرادى سەن نىمە دەرسەن،
بوشقا كۆڭۈل ئەيلەرسەن،
قىرى كۆڭۈل ياش ئەيلەرسەن،
جانان يايلاقتا چىققاندا.

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: نۇزۇگۇم قۇتلۇق (تۈركىيە)

# شېئىرلار

## ھەسرىتىڭدىن كىشەنلەر ئۈپراتتىم

ئەھمەد ئارىف (تۈركىيە)

سېنى، چۈشەندۈرەلىسەم سېنى.
ياخشى باللارغا، قەھرىمانلارغا.
سېنى،چۈشەندۈرەلىسەم سېنى
نومۇسسىزغا،ھالدىن بىلمەس
ئاچچىق يالغانغا.

ئارقىمۇ-ئارقا قانچە زىمىستان،
بۆرە ئۇخلار،قۇش ئۇخلار،ئۇخلايتتى زىندان
سىرتتا سۈدەك ئاققان بىر دۇنيا...
بىر مەن ئۇخلىيالمىدىم،
قانچە لەيلى باھار
ھەسرىتىڭدىن كىشەنلەر ئۈپىراتتىم.
چاچلىرىڭغا قان گۈللىرى تاقاي،
بىر ئۇ تەرەپكە،
بىر بۇ تەرەپكە...

سېنى،چاقىرالىسام سېنى،
تىگى يوق قۇدۇقلارغا،
ئاققان يۇلتۇزغا،
سەرەڭگە قالدۇقىغا بارغانغا،
دېڭىزنىڭ ئەڭ قۇرۇق دولقۇنىغا
تاشلانغان بىر سەرەڭگە قالدۇقىغا.

يوقاتتى تىلسىمنى تۈنجى سۆيگۈلىرىڭ،
يوقاتتى سۆيۈشلەرنى،
پايدىسى يوق، تۈيۇقسىز چۈشكەن ئاخشامدىن،
بىر قەدەھ، بىر تاماكا، خىيالغا چۆمگەنگە،
سېنى، چۈشەندۈرەلىسەم سېنى...
يوقلىقىڭ، جەھەننەمنىڭ يەنە بىر ئىسمىدۇر
توڭلاۋاتىمەن، يۇممىغىن كۆزلىرىڭنى...

## مەن ئەمەس ئىدىم

ئۆزدەمىر ئاساف (تۈركىيە)

بىر كەچقۇرۇن دېرىزەڭدىن قاراۋاتاتتىڭ
ئاستا-ئاستا يوللارغا چۈشكەن قاراڭغۇلۇققا.
ماڭا ئوخشايدىغان بىرى ئۆتتى ئۆيۈڭ ئالدىدىن
قەلبىڭ تېز سوقۇشقا باشلىدى...
ئۇ ئۆتكەن مەن ئەمەس ئىدىم.

بىر كېچە، ياتىقىڭدا ئۇخلاۋاتاتتىڭ...
تويۇقسىز ئويغاندىڭ جىمجىت دۇنياغا.
بىر چۈشنىڭ پارچىسى ئىدى كۆزلىرىنى ئاچقان،
ۋە زۇلمەت ئىچىدە ئىدى ھۇجراڭ...
سېنى كۆرگەن مەن ئەمەس ئىدىم.

مەن بەك يىراقتا ئىدىم ئۇ چاغ،
كۆزلىرىڭ ئۇچراشتى ياشقا،سەۋەبسىز ياشقا.
ئەمدى مېنى ئويلاشنى باشلىغاچقا
قۇيىۋەتتىڭ ئۆزۈڭنى سۆيگۈ ئىچىدە ياشاشقا.
بۇنى بىلگەن مەن ئەمەس ئىدىم.

بىر كىتاب ئوقۇۋاتاتتىڭ چۆكۈپ...
ئىچىدە ئىنسانلار ئاشىق بولاتتى ياكى ئۆلەتتى.
ياش بىر ئادەمنى ئۆلتۈردى روماندا.
قورقتۇڭ، ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدىڭ
ئۇ ئۆلگەن مەن ئەمەس ئىدىم.

## ئۆلۈم ناخشىسى

ئورخان ۋەلى كانىك (تۈركىيە)

بىر ساھىلغا بارىدىغان كۈنلىرىمىز...
كۈنلەركى ئۇ چەكسىز ئىزتىراپ.
قالمايدۇ بۈگۈنكى كىسەل،خاراپ
يۈزلەردە بەختنىڭ زۇلمىتىدىن بىر ئىز.

پەيدا بولىدۇ روھنى تارتقان قۇتۇپ،
سۆيۈش قەدەر تاتلىق، ھەم ياشاش قەدەر
قىسقا بىر ئەسلىمىنىڭ ئارقىسىدا باھار
دەل شۇ چاغ كىتەرمەن ئۆمۈرنى ئۇنۇتۇپ.
ئاچىمىز نۇرلۇق ئىشىكلىرىنى،
بۈگۈن ۋەدە قىلىنغان جەننىتىمىزنىڭ.
ئەڭ گۈزەل، ئەڭ ئاخىرقى ۋەتىنىمىزنىڭ
تاپىمىز زەردىن ئەزىز بولىقىنى.

كۈن چۈشەر بىز قارىغان ھەر بىر يۈزگە،
ۋە قىزلار قۇچىقىدا چېچەكلەر
ئەبەدىي باھارنى ئېلىپ كېلەر
بۇ يېڭىدىن باشلىغان ئۆمرىمىزگە.

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئالىمجان مەتقاسىم غەمناكى (تۈركىيە)

# خۇشاللىققا مەرھەمەت

خەلېن ستەينېر رايس (ئامېرىكا)

ھەركىم، ھەريەردە ئىزدەر خوشاللىق، بۇ بىر ھەقىقەت،
بەسى مۈشكۈلدۇر، مۈشكۈلات گويا، ئاڭا ئېرىشمەك.

مۈشكۈلدۇر چۈنكى، خىيالىمىزدا، خوشاللىق پەقەت ،
مەۋجۇتتۇر نەردە بولسا يېتەرلىك بايلىق ۋە شۆھرەت.

شۇڭا ئىزدەيمىز، ئۇنى تىنماستىن، ئويۇن بار يەردىن،
نام-ئاتاقلاردىن، پۇل-پۈچەكلەردىن، مال-دۇنيالاردىن.

خەۋەرسىزمىزكى، خوشاللىق ئەسلى، بىر روھى ھالەت،
كۆيۈمچان ھەركىم، يېتەلەيدىغان، بىر ئېسىل خىسلەت.

چۈنكى خوشاللىق بەرگەنلەر ئۆزى ھەم شاتلىق تاپار،
بېغىشلىغىنىڭ، چولپان بوپ تۈندە، ساڭا نۇر چاچار.

ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: دىلدۇز تىلمان (ئامېرىكا)
2019 - يىلى 24 - ئىيۇل

# جىنايەت

گۈلنازا ئادىلىۋا (ئۆزبېكىستان)

سەن لېۋىمگە لەۋلىرىڭنى تەككۈزگەندە
خۇددى ئۆزۈمنى شاراب ئىچكەندەك سېزىمەن.
گەرچە شاراب تەمى بىردەملىك خۇشاللىق ئاتا قىلسىمۇ،
بۇ لەززەتنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىنى ھەم ئۆلچەپ ئولتۇرمايمەن.
ئەگەر سەن ماڭا خۇشاللىق ھەدىيە قىلماقچى بولساڭ، 
بۇ ھاياجانلىق دەقىقىلەرنىڭ ۋاقتىنى ئۇزاققا سوزۇرغىن،
چۈنكى مېنىڭ مۇھەببىتىم ئوت، قەلب ھاياجىنىم دېڭىز،
بىراق مەن بۇ سېزىملىرىمنى ساڭا ۋاقتىدا بىلدۈرۈشتىن مەھرۇممەن....
بىلىمەن، بۇ مېنىڭ خاتالىقىم،
ئەگەر سەن خالىساڭ ئۇنى جىنايەت دەپ ئاتىغىن!

ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن (ئەنگلىيە)

# ياردەم

(ھېكايە)

ئايشە بۇلۇت (تۈركىيە)

قەھرىتان قىشنىڭ بىر كۈنى سىنىپنىڭ ئىشىك قوڭغۇرىقى چېلىندى. خىجىلچان ۋە تارتىنچاق بىر ئايال ئوغلىنىڭ قولىنى تۇتقىنىچە سىنىپقا كىرىپ، ئوغلىنى مۇئەللىمنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى ۋە:

— مۇئەللىم، ئوغلۇم مۇشۇ يەردە ئوقۇيدىغان بوپتۇ، — دېدى.

ئۇ ئايالنىڭ كىيىملىرى باشقا بالىلارنىڭ ئانىلىرىنىڭ كىيىمىگە ئوخشىمايتتى، ئۇزۇن كۆينىكى، كەشتە تىكىلگەن ياغلىقى كونا ئەمما پاكپاكىزە ئىدى. ئوغلىنىڭ بولسا كىيىملىرىنىڭ رەڭگى ئۆچۈپ كەتكەن، يەنە كېلىپ ئۇنىڭغا چوڭ كېلىپ قالغان ئىدى. سىنىپتىكى بالىلار ئاللىقاچان دەرسنى ئۇنتۇپ بۇ كەلگەنلەرنىڭ ئۈستى - بېشىنى كۆزىتىشكە باشلىغانىدى. ھېلىقى ئايال مۇئەللىم بىلەن پاراڭلاشقاندىن كېيىن ئوغلىنى سۆيۈپ قويدى ۋە ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلىغاندىن كېيىن سىنىپتىن چىقىپ كەتتى.

بەزى ئوقۇغۇچىلار ئەخمەت ئىسىملىك بۇ يېڭى ساۋاقدىشى بىلەن بىر پارتىدا ئولتۇرۇشنى خالىمىدى. لېكىن پاتىمە مۇئەللىمدىن قايتا - قايتا تەلەپ قىلىپ ئۇنى يېنىدا ئولتۇرغۇزدى. مۇئەللىم دەرسنى قالغان يەردىن داۋاملاشتۇردى. ئەمما پاتىمەنىڭ دىققىتى دەرستە ئەمەس بەلكى ئەخمەتنىڭ سومكىسى، دەپتىرى، قەلىمى ۋە ئاياغلىرىدا ئىدى. ئۇنىڭ بۇ نەرسىلىرى بەلكى ئاكىسىدىن قالغان بولسا كېرەك، ئۇپراپ كەتكەنىدى، دەپتىرىنىڭ يېرىمىدا باشقا نەرسىلەر يېزىقلىق ئىدى.

تەنەپپۇس ئارىلىقىدا بالىلار ئەخمەتنى ئورىۋېلىپ ئۇنىڭدىن تۈرلۈك سوئاللارنى سوراشتى. ئەخمەتنىڭ بېشى تۆۋەنگە ئېگىلگەن، ھېچكىمنىڭ يۈزىگە قارىمايتتى. بەزى سوئاللارغا قىسقىغىنا جاۋاب بەرگەن بولسىمۇ بۇ جاۋابلار ساۋاقداشلىرىنى مەمنۇن قىلالمايۋاتاتتى. ئەخمەتنىڭ كۆزلىرى مۆلدۈرلەپ ياشقا تولغاندا بولسا ئۇنىڭ يىغلاي دەپ قالغان ھالىغا قاراپ كۈلۈشتى. دەل شۇ ۋاقىتتا دەرسكە كىرىش قوڭغۇرىقى چېلىنىپ ئەخمەت بىردەملىك قۇتۇلغان بولدى. ھەممەيلەن ئۆز جايىغا كېلىپ ئولتۇردى، مۇئەللىم سىنىپقا كىرىپ يېڭى بىر دەرسنى باشلىدى.

يەنە بىر قېتىملىق تەنەپپۇسقا قوڭغۇراق چېلىنغاندا ئەخمەتنى جىددىيچىلىك قاپلىدى. ئانىسىنىڭ ئۇنى ئالغىلى كەلگەن ياكى كەلمىگەنلىكىنى ئۇ تېخى بىلمەيتتى. ئۇ ئانىسىنى ساقلاۋاتقاندا پاتىمە ئۇنى يالغۇز تاشلاپ قويمىدى. بۇ ئارىلىقتا ئۇلار بىرئاز پاراڭلىشىپمۇ ئۈلگۈردى. ئەخمەت يېزىدىن يېڭى كەلگەنىدى، ئۇنىڭ ئىنىسى ئاغرىق بولۇپ، دادىسى بىر بىنادا مۇھاپىزەتچى ئىدى. ئانىسى ئىشلىمەيتتى، چۈنكى ئۇ ئاغرىق ئىنىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمىسا بولمايتتى. ئاكىسى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ پۇلى بولمىغاچقا ناھايىتى تەسلىكتە

ئوقۇۋاتاتتى. شۇڭا ئەخمەتمۇ ئاكىسىنىڭ كونا دەپتەرلىرىنى، كىيىملىرىنى، سومكىلىرىنى ئىشلىتىۋاتاتتى. ئۇ ناھايىتى خىجىلچان ۋە تارتىنچاق ئىدى. بىر ئازدىن كېيىن ئەخمەتنىڭ ئانىسى كەلدى، پاتىمەنىڭ بېشىنى سىلاپ، ئوغلىنىڭ قولىنى تۇتقىنىچە تېز-تېز قەدەم ئېلىپ يۈرۈپ كەتتى.

بۇ خىجىلچان يېزىلىق بالا پاتىمەگە بەكمۇ تەسىر قىلدى ھەم ئۇنىڭ ھالىغا قاراپ ئىچى ئاغرىدى. ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن پاتىمەدە بىر غەلىتىلىكنى بايقىغان ئانىسى:

— نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سورىدى.

پاتىمە كىيىملىرىنى ئالماشتۇرغاچ ئانىسىغا يېڭى ساۋاقدىشى ھەققىدە سۆزلەپ بەردى.

پاتىمە ئانىسىغا ساۋاقدىشىغا ياردەم قىلغۇسى بارلىقىنى ئېيتتى. ئانىسى بولسا تېخى بۇ ساۋاقدىشىنى تونۇمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئائىلىسى توغرىسىدىمۇ ھېچنېمە بىلمەيدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ياردەمگە نىسبەتەن قانداق ئىنكاستا بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. «ئۇلار بىلەن ياخشى تونۇشقاندىن كېيىن، ئۇلار ئۈچۈن نېمە ئىش قىلىپ بېرەلەيدىغانلىقىمىزنى ئويلىشايلى» دېگەنىنىمۇ قوشۇپ قويدى. پاتىمە ماقۇل بولدى.

ئەخمەت ئاستا - ئاستا مەكتەپكە ۋە ساۋاقداشلىرىغا كۆنۈپ قالدى. ئۇ دەرسلەردىمۇ يامان ئەمەس ئىدى. ھەتتا سىنىپتىكى كۆپلىگەن بالىلاردىن ياخشى ئىدى. بەزى ئوقۇغۇچىلار ئۇنى كىچىك كۆرۈپ بوزەك قىلغان بولسىمۇ ئەمما كۆپچىلىكى ئۇنى قوبۇل قىلدى. پاتىمە تونۇغانسېرى تېخىمۇ ئامراق بولۇپ قالدى بۇ يېڭى ساۋاقدىشىغا. ئەخمەت ناھايىتى ئاقكۆڭۈل، ياردەمسۆيەر ۋە ئەدەپلىك بىر بالا ئىدى. ھېچكىمگە ئازار بەرمەيتتى. كوچىدىكى ھايۋانلارنى ئاسرايتتى، ياشانغانلارغا ياردەم بېرەتتى. بۇ ئاقكۆڭۈل بالا ھاۋا سوۋۇغانسېرى دائىم ئاغرىپ قالىدىغان بولۇپ قالدى، ئاغرىق بولسىمۇ مەكتەپكە كېلەتتى. مۇئەللىمى بىر قېتىم نېمىشقا بۇنداق تولا ئاغرىپ قالىدىغىنىنى سورىغىنىدا ئالغان جاۋابى ھەيران قالارلىق ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۆيىنىڭ سوغۇق ئىكەنلىكىنى سەۋەب قىلىپ كۆرسەتسىمۇ، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى نېپىز چاپىنى ۋە ئاستى تېشىلىپ كەتكەن ئاياقلىرى ھەممىنى چۈشەندۈرۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىغا پاتىمەنىڭ تولىمۇ ئىچى ئاغرىيتتى. بىر كۈنى ئۇ مۇئەللىمگە ئۆزىنىڭ ئەخمەتكە ياردەم قىلغۇسى بارلىقىنى ئېيتتى.

مۇئەللىمى ئۇنىڭ بۇ ئوينىنىڭ ناھايىتى ياخشى ئىكەنلىكىنى، ئەمما ياردەم قىلغاندا ساۋاقدىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويماستىن، يېرىم قىلماستىن ياردەم قىلىشى كېرەكلىكىنى ۋە بىللە ئويلىنىپ بىر يول تاپسا ياخشى بولىدىغانلىقىنى قوشۇپ قويدى. پاتىمە ئۇ كۈنى كېچىچە كۆز يۇممىدى، قانداق ياردەم قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا ئويلاندى. ئەتىسى ئەتىگەندە پاتىمەنىڭ سولغۇن چىرايىنى كۆرگەن دادىسى سەۋەبىنى سوراپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ئالدى بىلەن قىزىنىڭ بۇ ئىشىنى ماختىدى ۋە ساۋاقدىشىنىڭ قابىلىيەتلىرىنى، نېمىنى ياخشى كۆرۈپ، نېمىنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلىپ كېلىشنى تاپشۇردى. پاتىمە بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغىنىد:

— ئۇنى ياخشى تونۇسىڭىز، قانداق ياردەم بېرەلەيدىغانلىقىڭىزنى بىلەلەيسىز، — دېدى.

پاتىمە مەكتەپكە كېتىۋېتىپ ئەخمەتنى ئۇچراتتى. ئەخمەت ئوقۇش قوراللىرى ساتىدىغان دۇكاننىڭ ئالدىدىكى ئەينەكتىن ھەرخىل رەڭلىك بوياقلارغا قاراپ تۇراتتى. دەرھال ئەخمەتنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كەلگەن پاتىمە ئۇنىڭدىن نېمىگە قاراۋاتقانلىقىنى سورىدى، ئەخمەت بوياقلاردىن كۆزىنى ئۈزمەستىن:

— بوياقلارغا، — دەپ جاۋاب بەردى.

ئەخمەت ئۆزىنىڭ رەسىم سىزىشنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئەمما رەڭلىك بوياقلىرىنىڭ يوقلىقىنى ئېيتىپ بەردى. پاتىمەنىڭ كاللىسىغا دەرھال بىر پىكىر كەلدى ۋە دەرس ئارىلىقىدىكى تەنەپپۇستا بۇ پىكرىنى مۇئەللىمگە ئېيتتى. پاتىمەنىڭ پىكرىنى ناھايىتى ياقتۇرغان مۇئەللىم ئۇنىڭغا بارىكاللا ئېيتتى. مەكتەپتە يېقىندا رەسىم سىزىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلەتتى، مۇسابىقىدە دەرىجىگە تىزىلغانلارغا ھەرخىل ھەدىيەلەر سوۋغا قىلىناتتى. ئەمما ئەخمەتنىڭ بوياقلىرى يوق، مۇسابىقىگە قانداق قاتنىشالىسۇن؟ پاتىمە ئۇنىڭمۇ ھەل قىلىش چارىسىنى تاپتى. ئىككىسى بىرلىكتە رەسىم سىزاتتى ۋە كىمنىڭكى چىرايلىق بولسا، مۇسابىقىگە شۇ قاتنىشاتتى. ئەخمەت بۇنىڭدىن بەكمۇ سۆيۈندى.

پاتىمە بىر كۈنى مەكتەپتىن قايتقاندا ئانىسىدىن رۇخسەت ئېلىپ ئەخمەتنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇ پاكىزە ئەمما ھەممە يېرىدىن نامراتلىقى چىقىپ تۇرىدىغان بۇ ئۆيدە قىزغىن قارشى ئېلىندى.

ئۇلار يەردە ئولتۇرۇپ رەسىم سىزىشقا كىرىشتى. ئۇستىگە قويۇپ يازغىلى بولغىدەك ئۇستەل يوق ئىدى، لېكىن مېھىر - مۇھەببىتى بار ئىدى مېھمىنىغا بېرىدىغان. ئەخمەت يېزىسىنىڭ، پاتىمە بولسا ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى باغچىنىڭ رەسىمىنى سىزدى. ئىككىلىسى ناھايىتى كۆپ كۈچ سەرپ قىلدى، ناھايىتى گۈزەل رەسىملەرنى سىزدى. باشتا دېيىشكەنلىرىدىن ۋاز كېچىپ، ئىككىلىسى بۇ مۇسابىقىگە قاتنىشىدىغان بولدى. ئەخمەتنىڭ رەسىمى شۇ قەدەر گۈزەل ئىدىكى، كۆرگەن ئادەم ھەيران بولاتتى.

بىر ھەپتە ناھايىتى تەس ئۆتتى. بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن مۇسابىقىنىڭ نەتىجىسى ئېلان قىلىندى. ئەخمەت بىرىنچى بولغان ئىدى، پاتىمە بولسا دەرىجىگە كىرەلمىگەنىدى، شۇنداقتىمۇ ناھايىتى خوش بولدى. ئەخمەت ناھايىتى گۈزەل بىر يۇرۇش بوياق ۋە ھەرخىل رەڭلىك دەپتەر مۇكاپات ئالدى. ئەخمەت مۇكاپاتنى ئالغاندا ناھايىتى خۇشال بولدى، خۇشاللىقتىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى، ئۆيىگە يۈگۈرگەن پېتى كەلدى. ئۇنىڭ ئانىسى ۋە دادىسىمۇ بەك خۇشال بولغانىدى.

ئەخمەتنىڭ ئوقۇش قوراللىرى تولۇقلانغانىدى، ئەمما پۇتلىرى تېخىچە توڭلۇپ تۇراتتى. پاتىمە بۇنىڭ ئۈچۈن دادىسىدىن ياردەم سورىغان بولسىمۇ يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزى بۇ مەسىلىنى ھەل قىلماقچى بولدى. تېلېۋىزوردا كۆزىگە چېلىققان بىر تەنتەربىيە خەۋىرى ئۇنىڭغا ئىلھام بولدى. پاتىمە ئەتىسى ئەتىگەندە ھاياجان ئىلكىدە مەكتەپكە كەلدى ۋە دەرھال كاللىسىغا كەلگەن پىكىرنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاشقا باشلىدى.

— مەن بەك تېز يۈگۈرەيمەن، ھېچكىم مېنى يېڭەلمەيدۇ، — دېدى ئۇ ئەخمەتكە.

— مەنمۇ بەك تېز يۈگۈرەلەيمەن، — دېدى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان باللار:

—بەسلىشىڭلار، بەسلىشىڭلار! — دەپ ھەھۇ دېيىشتى.

پاتىمە ئەسلىدە پەقەتلا يۈگۈرەلمەيتتى. ئۇنىڭ باللىقى يەسلى بىلەن ئۆي ئارىلىقىدا ئۆتكەن ئىدى. ئەمما ئۇ ئەخمەتنىڭ يېزىدا تاغ-داۋانلارنى ئېشىپ قوي-كالا قوغلاپ يۈرگەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇلار تەنتەربىيە دەرسىدە مۇئەللىمدىن رۇخسەت ئېلىپ يۈگۈرەشتە مۇسابىقىلەشمەكچى بولدى، ئەگەر پاتىمە يېڭىۋالسا ئەخمەت پاتىمەنى يېزىسىغا ئاپىرىدىغان، ئەگەر ئەخمەت ئۇتۇۋالسا پاتىمە ئۆزى جۇغلىغان پۇلنى چىقىرىپ ئەخمەتكە يېڭى تەنتەربىيە ئايىقى ئېلىپ بېرىدىغان بولۇپ پۈتۈشتى.

ئاخىرقى دەرس تەنتەربىيە دەرسى ئىدى. پاتىمە يۈگۈرۈش ئۈچۈن مۇئەللىمدىن رۇخسەت سورىدى. پاتىمەنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن مۇئەللىم رۇخسەت بەردى. ئىككىسى بەلگىلەنگەن يۈگۈرۈش سىزىقىغا كېلىپ تەييار بولۇپ تۇردى، پاتىمەنىڭ پۇتىدا يېپيېڭى تەنتەربىيە ئايىقى، ئەخمەتنىڭكىدە بولسا يىرتىق ئاياغ بار ئىدى. مۇئەللىمنىڭ پۈشتەك چېلىشى بىلەن تەڭ يۈگۈرۈش باشلاندى. پاتىمە شۇنچە تىرىشقاندەك قىلسىمۇ ئاخىرىدا يەڭگىنى يەنىلا ئەخمەت بولدى. سىنىپتىكى بارلىق ساۋاقداشلار ئۇلارنى ئالقىشلىدى.

پاتىمە ئۆيىگە ئاجايىپ شاد خۇرام ھالدا قايتتى، بولغان ئىشلارنى ئانىسىغا سۆزلەپ بەردى. تاماقتىن كېيىن ئۇلار بىللە بازارغا چىقىپ ئەخمەت ئۈچۈن ناھايىتى چىرايلىق بىر تەنتەربىيە ئايىقى سېتىۋالدى ۋە شۇ زامان ئانىسى بىلەن بىللە ئەخمەتنىڭ ئۆيىگە باردى. ئاياغنى تاپشۇرۇپ ئالغاندا دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك كىشىگە ئايلانغانىدى ئەخمەت. ئانىسىمۇ ئوغلىنىڭ خۇشاللىقىغا تەڭ جۆر بولدى.

ئۇ كۈندىن كېيىن ئەخمەت بىلەن پاتىمە دائىم بىر - بىرلىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كېلىشكە باشلىدى. ئەخمەتنىڭ ئىنىسىمۇ بارغانسېرى ياخشى بولۇپ قالدى. ئەخمەت بەزىدە ئىنىسىنىمۇ پاتىمەنىڭ بېغىغا بىللە ئويناشقا ئېلىپ باراتتى. ئەخمەتنىڭ دادىسى تەتىل بولغاندا ئۇلارنى يېزىغا ئاپىرىشقا ۋەدە بەردى. بۇ قېتىم خۇشال بولۇش پۇرسىتى پاتىمەگە كەلگەنىدى.

پاتىمە ياخشى بىر دوستقا ئېرىشكەنىدى شۇنداقلا ساۋاقداشلىرىغا، ھەتتا چوڭلارغىمۇ باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلماستىن، غۇرۇرىغا تەگمەستىن ئۇلارغا ياردەم قىلغىلى بولىدىغانلىقىنىمۇ كۆرسىتىپ قويغانىدى.

پاتىمە يەنە ياردەمگە ئېھتىياجلىق كىشىلەرگە ياردەم قىلىشنىڭ نە قەدەر گۈزەل ئىش ئىكەنلىكىنى ئۆگىنىۋالدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى خۇشال ئىدى. ئىنسانىي ئىنسانىي قىلغان گۈزەل قىممەت قاراشلارنىڭ ئۆلمىگەنلىكىنى، ئۆلمەيدىغانلىقىنى باشقىلارغا كۆرسىتىپ قويغانلىقىنى ئۆزىمۇ ھېس قىلمىغان ھالدا ھاياتىنى داۋام قىلدى ...

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئەسما ئىلھام (تۈركىيە)



# ساختا مىللىيلىككە قارشى ھەقىقىي مىللىيلىك

يۈجەل ئۇغۇرلۇ (تۈركىيە)

پروفېسسور دوكتور يۈجەل ئۇغۇرلۇ قانۇن ئوقۇتقۇچىسى، ئىستانبۇلدا تۇغۇلغان. 2013 ـ 2016 يىللىرى ساراي بوسنا خەلقئارالىق ئۇنىۋېرسىتېتىدا مەكتەپ مۇدىرلىق ۋەزىپىسى ئۆتىگەن. ھازىر ئىستانبۇل تىجارەت ئۇنىۋېرسىتېتىدا مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى ۋە ئىدارە قانۇنشۇناسلىقى بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلماقتا.

1992 ـ يىلى ئىستانبۇل تىجارەت ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن فاكۇلتېتىدا تولۇق كۇرسىنى پۈتتۈرگەن. 1995 ـ يىلى مارمارا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ماگىستىرلىق ئوقۇشىنى تاماملاپ 1999 ـ يىلى ئومۇم قانۇنشۇناسلىقى كەسپىدە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

تۇنجى كەسپى ھاياتىنى ئاتا تۈرك ئۇنىۋېرسىتېتىدا باشلىغان. 2006 ـ يىلدىن ھازىرغىچە ئىستانبۇل تىجارەت ئۇنىۋېرسىتېتىدا مۇئاۋىن ئالىي مەكتەپ مۇدىرلىقى، كاندىدات ئالىي مەكتەپ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. قانۇنشۇناسلىق ساھەسىدە ئالىي مەكتەپ تولۇق كۇرۇس ۋە ماگىستىر ئوقۇغۇچىلارغا دەرس ئۆتكەن. دوكتورلۇقتا ھازىرلانغان ئوقۇتقۇچىلارغا يېتەكچىلىك قىلغان.

دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەندىن كېيىن گوللاندىيە تەلبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتى ۋە قازاقىستان ئەھمەد يەسەۋى ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق مەكتەپلەردە تەكلىپلىك ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەپ ئىلمى خىزمەتلەرنى قىلغان. ھازىرمۇ كۆپلىگەن ئىلمى ژۇرناللاردا باھالىغۇچى ئەزا. ئىلمى ھاياتىدا قانۇنشۇناسلىق ھەققىدە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا 8 كىتاب نەشر قىلدۇرغان ۋە بۇ ساھەدىكى مۇھىم 3 كىتابقا بىرقانچە باب يازغان. شۇنداقلا ساھەسىدە نۇرغۇنلىغان ئىلمى ماقالىلەرنى يېزىپ كۆزگە كۆرۈنگەن. دوكتور ئۇۋۇرلۇ ئۆز ساھەسىدىن باشقا ئەدەبىيات، تىل شۇناسلىق ساھەلىرىدىمۇ ئىلمى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن. ئۇنىڭ ئاكادېمىك خىزمەتلىرىدىن سىرت خەلقئارالىق قانۇن، خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر، قانۇنشۇناسلىق، خەلق باشقۇرۇش ۋە ئۆلكە مەسىلىلىرى ھەققىدىكى ئانىلىزلىرى ئاناتولىيە خەۋەر مەركىزى قاناللىرىدا يەر ئالماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە دۇنيا ئاخباراتى، تىرىلىش پوچتىسى، چۈشەنچە ژۇرنىلىغا ئوخشاش ھەرخىل گېزىت ـ ژۇرناللاردا خىلمۇ خىل مەزمۇندىكى ماقالە ۋە يازمىلىرى ئۆز يېرىنى ئېلىشنى داۋام قىلىۋاتىدۇ.

دوكتور ئوغۇرلۇ ئانا تىلىدىن باشقا ئىنگلىزچە، ئەرەبچە، ئۆزبېكچە، قازاقچە، قۇمىقچە، نوغايچە، لەزگىچە قاتارلىق تىللارنى ياخشى ۋە ئوتتۇرا سەۋىيەدە بىلىدۇ. بۇلاردىن باشقا بوشناقچە (خىرۋاتچە، سىربىچە)، فرانسۇزچە، پارسچە، رۇسچە ۋە نېمىس تىللىرىنى تەرجىمە قالالىغۇدەك دەرىجىدە بىلىدۇ.

---

بۇ ماقالە «تىرىلىش پوستىسى» گېزىتىنىڭ 2019 ـ يىللىق 27 ـ ئىيۇل كۈنىدىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان.

ساختا مىللىيلىك ئۈچۈن دىن بىر ۋاستە ۋە پىراگماتىك مەقسەتلەرگە يېتىش ئۈچۈن ۋاقىتلىق پايدىلىنىپ ئىشى تۈگىگەندە چۆرۈپ تاشلايدىغان نەرسىدىن ئىبارەت.

بۇ يەردە «مىللىي» ياكى «يەرلىك» نىڭ ئوخشاش ئۇقۇم ياكى ئەمەسلىكى ۋە بۇ ئۇقۇملارنىڭ ئىپادىلىگەن مەنانىڭ بىر ئىدېئولوگىيە ياكى پسىخىكىلىق ئۇقۇم ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىنى تالاش تارتىش قىلىش نىيىتىم يوق. ئەمما مەن بۇنى بىر ئىدېئولوگىيە ئەمەس دەپ قارايمەن.

مىللىيلىششىكە ھەرقانداق شەكىلدە تار دائىرىدە ئېنىقلىما بېرىش ياكى بىر قەلەمكەشنىڭ يازمىلىرى بىلەن ئىپادىلەپ بېرىش قىيىن بولغان كەڭ دائىرىلىك ۋە چوڭقۇر ئۇقۇم ئىكەنلىكى ماڭا ئايان. لېكىن ماركا ھالىغا كەلگەن ھەرقانداق ئۇقۇم ۋە قىممەت قاراشقا ئوخشاش «مىللىيلىك»نىڭمۇ ئىگىسى كۆپەيگەنسېرى ئۇنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنا ۋە ئۇقۇمنىڭ ئۆزگىرىپ باشقا بىر شەكىلگە كەلگەنلىكىنى كۆرۈۋاتىمىز. «مىللىيلىك» ئۇقۇم قالايمىقانچىلىقىغا ئۇچراۋاتقان ئىچى قۇرۇق بىر ئۇقۇم بولۇپ قالماقتا بۇ سەۋەبتىن جىددىي شەكىلدە بۇ ھەقتە پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىش لازىم.

مىللىي كىملىك، يەرلىك كىملىك ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان خالىغان ئىسىملار بىلەن ئاتايلى بەزىلەر ئۈچۈن ئۇنىڭ مەنىسى تارىخ، جۇغراپىيەلىك ئاساس، يەرلىك كىملىك، رەڭ، ئىرىق ئۇقۇمىنى ئىپادىلىمەكتە. بۇ ھېچكىم ئۆزى يالغۇز ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان ۋە ئۈستىگە ئالالمايدىغان زور ۋە چوڭقۇر مەسىلە.

«مىللىيلىك»نىڭ بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ۋە ھەقىقىي مەنىسىدىن ئۇزاق ئونلارچە ئېنىقلىمىسى بار. بەزىلەرنىڭ قارىشىدا قاتتىق قول دۆلەتچىلىك. بەزىلىرى بولسا بۇنى ئېتنىك ئاساسلارغىلا چەكلەپ قويۇشقا ئۇرۇنماقتا. بىر قىسىم كىشىلەر ئۇنى تەسىرلىك نۇتۇقلىرى ئۈچۈن «تېتىتقۇ»نىڭ ئورنىدا ئىشلەتمەكتە. «مىللىيلىششىش»خىيالىغا كەلگەننى سۆزلەش، ئۆزىنىڭكىنى راست دېيىش ئەمەس بەلكى ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا يېڭى ئىجادىيەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان سىستېما ھاسىل قىلىشتۇر.

«مىللىيلىششىش» قوپۇپلا پۈتۈن دۇنياغا جەڭ ئېلان قىلىپ ئات چاپتۇرۇپ قىلىچ پۇلاڭلىتىش، ئۆزى بۆيۈك سۇپىرسى قۇرۇق جۈملىلەرنى تىزىش ئەمەس. مىللىيلىششىش قۇرۇق ۋەتەنپەرۋەرلىك، يۇرت سۆيەرلىك ياكى ھېسسىياتقا بېرىلىپ چىڭقىلىپ سۆزلىگەن تايىنى يوق قۇرۇق گەپلەر ئەمەس.

مىللىيلىششىش بۈگۈنىمىزنى ياخشى چۈشىنىش، يۈز يىللىق پىلانلارنى روياپقا چىقىرىدىغان پەلسەپە ۋە ئىلىم ئوتتۇرىغا قويۇش دېمەك. مىللىيلىك چۈشەنچە، پەلسەپە، پىرىنسىپ، مەيدان، پوزىتسىيە ۋە جاسارەتتىن ئىبارەت. ئۇنداق ئىكەن ئۇنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تەر ئاققۇزۇش لازىم. سەنئەت، كۈلتۈر، ئەدەبىيات، مېمارلىق، مۇزىكا، تىياتىر، كىنو-فىلىم، تېلېۋىزىيە، يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەككە ئوخشاش تۈرلۈك ساھەلەردە ئۆزىگە خاس يېڭىلىقلارنى ئوتتۇرىغا قويالىغاندا مىللىيلىكتىن سۆز ئېچىشنىڭ بىر مەنىسى بولىدۇ. ئۇنداق بولمىسا ھەممىسى ھېچنېمىگە يارىمايدىغان قۇرۇق گەپ-سۆزدىن ئىبارەت ئەرزىمەس نەرسە ھېسابلىنىدۇ.

مىللىيلىششىش دۇنيادىن قول ئۈزۈش، ئۆزىدە بار بىلەن كۇپايىلىنىش ياكى قۇلاقنى يوپۇرۇپ دۇنيادىن بىخەۋەر يۈرۈش دېگەنلىك ئەمەس ئەكسىچە دۇنيانى چۈشىنىش، ھەر دائىم يېڭىلىقلارنى قوبۇل قىلىپ ئالدىغا ئىلگىرىلەش ۋە تەرەققىي قىلىش دېگەنلىك.

مىللىيلىششىش خەلقئارالىششىنى چۈشىنىشكە ماس ھالدا تارىخنى ئۇنتۇمىغان، جۇغراپىيەسىنى قوغدايدىغان، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە، ئەسلىگە باغلانغان كۈلتۈر، تىل، سەنئەت ۋە مەدەنىيەت پىلان لايىھەسى تۈزۈپ چىقىشنى ئۈستىگە ئېلىش دېمەك.

مىللىيلىششىش ئەمەلىيەتچانلىق بىلەن ئۆزىنىڭ تارىخى ۋە جۇغراپىيەلىك تېررىتورىيەسىگە تايانغان ھالدا خەلقى بىلەن ئەپ،رۇخسىتىنى سىرتتىن سورىمايدىغان، ئۆز قابىلىيىتىنى ئىشقا سېلىشقا تەييار تۇرۇش دېمەك.

مىللىيلىششىش ئوتتۇرىغا قويغان كۈلتۈر سىياسەتلىرى بىلەن كۈلتۈر ئاسسىمىلاتسىيەسىگە قارشى تۇرۇش، ياتلارنىڭ يامان تەسىرىنى ئەڭ تۆۋەن سەۋىيەگە چۈشۈرۈش دېمەك.

مىللىيلىششىش يەرلىك ئانا تىلنى يات ئۇنسۇرلارنىڭ غەلدى غەشلىرىدىن تازىلاپ تىلنىڭ پۈتۈن جۇغراپىيەلىك تېررىتورىيەسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قوغدىغان ھالدا تىلنىڭ تارىخى مىراسلىرىنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن بىر پىلان لايىھەسى تۈزۈپ چىقالايدىغانلىقىغا ئىشىنىش. 300 خام سۆزنى ئىشلىتىدىغان كوچا تىلىنىڭ ئورنىغا ئابستىراكت ئۇقۇملارنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان يۇقىرى سەۋىيەدىكى بىر تىلنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش

ئۈچۈن باش قاتۇرۇپ غەم قىلىش.

مىللىيلىشىش ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە يېڭى مېمارلىق ئۇسلۇبىنى قۇرۇپ چىقىشقا تىرىشىش. مېمارلىقتا مىللىيلىشىش دېگەنلىك باشقا مىللەتلەرنىڭ قىلغانلىرىنى كۆچۈرۈپ ئەكېلىپ تەقلىد قىلىپ ياساش ياكى ئۆتمۈشتىكى ئۇسلۇبلارنى ئەينەن تەقلىد قىلىش ئەمەس.

مىسال ئېلىپ ئېيتساق ئۆيلەرگە قانداق ماتېرىياللارنى ئىشلىتىش، دېرىزىلەرنىڭ شەكىل نۇسخىلىرى، ئۆگزىنىڭ شەكلى، ھويلىلارنىڭ ئۆلچىمى، ھويلا تېمىنىڭ ئېگىز پەسلىكى، باغدىكى دەرەخلەرنىڭ تۈرلىرى، بېزەشتىكى سەنئەت ئۇسلۇبلىرى بىلەن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە مېمارلىق سەنئىتى مەيدانغا كەلتۈرۈش دېگەندەك. بۇيەردە كۆزدە تۇتقان مىللىيلىشىش ئەر - ئاياللىن ئىبارەت كىچىك ئائىلە ياكى ئائىلەسىزلىكنى تەشەببۇس قىلىدىغان، چوڭلار بىلەن بىللە ياشاش ۋە مېھمان كۈتۈش قولايسىز، ئۆرپ - ئادەتلىرىمىزگە ئۇيغۇن بولمىغان شەكىلدە لايىھەلەنگەن شەخسىيەتچىلىك ۋە مەنپەئەت پەرەسلىك پۇرىقى چىقىپ تۇرىدىغان سەرەڭگە قۇتىسىغا ئوخشاش بىر ئېغىزلىق ئۆيلەردىن بىئاراملىق ھېس قىلىپ بۇنى ئۆزگەرتىشنىڭ يوللىرى ھەققىدە ئىزدىنىش دېمەكتۇر.

مىللىيلىشىش مائارىپنى ئەقلىيلىكنى ئاساس قىلىپ دۇنيانى چۈشىنىدىغان، دۇنيالىقنى تەرك قىلماي تۇرۇپ مەنىۋى ئوزۇقنى ئەسلى يىلتىزىدىن ئالغان بىر دۇنيا چۈشەنچىسىگە ساھىب ۋە يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە، مائارىپتا قىيىنچىلىق تۇغدۇرمايدىغان، كىملىكىدىن نومۇس ھېس قىلمايدىغان بەلكى كىملىكىدىن پەخىر ۋە شەرەپ ھېسقىلىدىغان يېڭى نەسىللەرنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن مىللىي پىلان - لايىھە تۈزۈشكە باش قاتۇرۇش دېگەنلىك.

«ساختا مىللىي»دىن كۆزدە تۇتقىنىمىز «ئېغىزدىكى مىللىيلىك» ياكى «يالغانچى مىللىيلىك»... ئەمدى ھەقىقىي مىللىي بىلەن ساختا مىللىي ئوتتۇرىسىدىكى پەرققە قاراپ باقايلى:

ساختا مىللىيلىك ئۆزىنىڭ مۇتلەق توغرا ئىكەنلىكىنى داۋا قىلىدۇ. تارىختىن ئىشىغا يارىغان قىسىملارنى كېسىپ ئېلىپ ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن پايدىلىنىدۇ.

ھەقىقىي مىللىيلىك بۈرۈنقى ۋە يېقىنقى تارىخنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان كەڭرى بېقىش بىلەن تارىخنى بىر پۈتۈنلۈك ئىچىدە ئەقىلگە تايانغان ھالدا چۈشىنىپ باھا بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئەسلى كېلىپ چىقىشىدىن ئوزۇق ئالىدۇ ۋە تارىخىدىن ۋەز - نەسىھەت ۋە ئىبرەت ئېلىش ئۈچۈن ئۇنى ئىنكار قىلمايدۇ.

ساختا مىللىيلىك ئۈچۈن دىن بىر ۋاستە ۋە پىراگماتىك مەقسەتلەرگە يېتىش ئۈچۈن ۋاقىتلىق پايدىلىنىپ ئىشقا تۈگىگەندە چۆرۈپ تاشلايدىغان نەرسىدىن ئىبارەت.

ھەقىقىي مىللىيلىك ئۈچۈن دىن مىللەتنىڭ پىكىر، چۈشەنچە دۇنياسىنى ئوزۇقلاندۇرۇپ ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قوغدىغان ۋە مىللىي كىملىكىنى بەرپا قىلىپ ئۇنىڭغا روھ بەرگەن ۋە نىشان بەلگىلىگەن ئىجتىمائىي ۋە ئەخلاقى قىممەت قاراش.

ساختا مىللىيلىك بولسا مىللىيلىشىشنى قوللىنىپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدۇ. بەزىدە ئىرقچى، بەزىدە مىللەتچى، بەزىدە بولسا مۇسابىقىلەردە كۆتۈرۈلگەن قىقاس چۇقانلاردەك قاتتىق ۋەتەنپەرۋەر كۆرۈنىدۇ. بايراق، قوشۇن، تۇپراق، ۋەتەن، شەھىد، شەھىدلىككە ئوخشاش سۆزلەرنى ئاغزىدا دەپ قويغان بىلەن مىللىيلىشىشنىڭ دەسلەپكى لازىمەتلىكلىرىدىن بولغان پىكرى چۈشەنچە ۋە ماددىي ئىشلەپ چىقىرىشقا ھېچ كۆڭۈل بۆلمەس.

ساختا مىللىيلىك ئۇرۇش ئاۋازىنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەمما باشقا كۈن چۈشكەندە ھېچ يەردىن تاپقىلى بولمايدۇ.بەدەل تۆلەشتىن قاچىدۇ.

ھەقىقىي مىللىيلىك ئۆلكىسى ۋە مىللىتىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ھەر ۋاقىت بەدەل تۆلەشكە تەييار تۇرىدۇ.

ساختا مىللىيلىك ئۈچۈن ئىلگىرىلەش خام خىيال، قۇرۇق گەپ.

ھەقىقىي مىللىيلىك ئۈچۈن ئىلگىرىلەش كەلگۈسى ۋە تەر ئاققۇزۇپ يەتمىسە بولمايدىغان نىشان. شۇنداقلا ئىشلەپ چىقىرىشقا تايانغان چاغدا بىر مەنىگە ئىگە بولىدىغان ئىدىيۋى ئۇقۇم.

يېزىپ ئىپادىلەش قىيىن بولغان كەڭ مەزمۇنلۇق بۇ تېما ھەققىدە ھازىرچە مۇشۇنچىلىك مۇزاكىرە بىلەن كۇپايىلىنىپ تۇراي...

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئالىمجان (تۈركىيە)



# چىلتەن مازىرى تەزكىرىسى

گۇستاف راكۇيت\ (شىۋىتسىيە)

*گۇستاف راكۇيت (1871-1945) (Gustaf Raquette) شىۋىتسىيىلىك تۈركولوگ، تىلشۇناس ۋە ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، ئۇ ياش ۋاقتىدا تىل ۋە مىدىتسىنا ئىلمى ئۆگەنگەن. ئۇ داڭلىق تۈركولوگ گۇننار ياررىڭنىڭ (Gunnar Jarring) لۇند ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئوقۇتقۇچىسى.ئۇ كېيىن مىسسىئونېر سۈپىتىدە 1893 - 1895 يىلغىچىلىك باكۇ (ئەزەربەيجان) ۋە بۇخارالاردا مىسسىئونېر بولۇپ تۇرغان. كېيىن 1896 - 1901 يىلغىچە قەشقەردە، 1904-1911 يىلغىچە يەركەندە مىسسىئونېر ۋە دوختۇر بولۇپ تۇرغان. ئىككىنچى قېتىم 1913-1921 يىلغىچە قەشقەردە قايتا پائالىيەت ئېلىپ بارغان بولۇپ، تىبەت رايونى ۋە ھىندىستان ئارقىلىق شىۋىتسىيىگە قايتىپ كەتكەن. ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تىل-ئەدەبىيات ۋە ئېتنولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرىنى تەتقىق قىلىشتا زور تۆھپىلەرنى قوشقان، بولۇپمۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى شىۋىلەرنى تەتقىق قىلىشتا ھەل قىلغۇچ يەكۈنلەرنى چىقارغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ ھەقتە «قەشقەر ۋە يەركەن رايونىدىكى ئۇيغۇر شىۋىلىرى ھەققىدە»، «ئېنگلىزچە-ئۇيغۇرچە لۇغەت»، «ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللار ھەققىدە»، «تاھىر بىلەن زۆھرە» قاتارلىق كىتابلارنى ۋە «قاسىم ئاخۇننىڭ كامىل ئەفەندىگە يازغان 6 پارچە خېتى» قاتارلىق ئىلمىي قىممىتى يۇقىرى ماقالىلارنى يېزىپ قالدۇرغان.*

يەركەندىكى چىلتەن مازىرى ئۆزىنىڭ تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، ۋۇجۇدىغا يوشۇرۇنغان سىرلىرى ۋە رىۋايەت تۈسىنى ئالغان جەلپكارلىقى بىلەن كىشىلەر قەلبىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئۇلارنىڭ پاناھگاھىغا ئايلانغان. چىلتەن دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى يەتتە دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ يەرگە يەتتە ئەۋلىيانىڭ جەسىدى دەپنە قىلىنغان.تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققىتىنى تارتقان بىر مەسىلە،يەركەننىڭ غەربىي تەرىپىدىكى كالتالا يېزىسىغا جايلاشقان «يەتتە مۇسۇلمان مازىرى»دىكى تەزكىرە بىلەن چىلتەن مازىرىدىكى تەزكىرە ئوخشاش بولۇپ چىققان. بۇ تەزكىرە ئۇيغۇرلارنىڭ تەزكىرىچىلىكىدە گەۋدىلىك ۋە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە دەپ قارايمەن.

بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىز مەدىنىدىكى مەسچىتتە سالمان فارىسىنىڭ ئۆزىگە قىلغان مۇنداق ئىلتىجاسىنى ئاڭلايدۇ:

— ئى پەيغەمبىرىم،مەن قىرىق ياشقا كىرىپ

قالغان بولسامۇ پەرزەنت يۈزى كۆرگىنىم يوق. سىز بىلەن بىرداستىخاندا ئولتۇرۇشقا داخىل بولۇش مېنىڭ بەختىم. ئى پەيغەمبىرىم، پېقىرنىڭ ھوزۇرىغا بىر ۋاق تاماققا داخىل بولۇپ بەرگەن بولسىڭىز، ئاللاھمۇ بۇ شاپائىتىڭىز بىلەن ماڭا پەرزەنت ئاتا قىلىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس.

پەيغەمبەر بۇنى ئاڭلاپ ئوتتۇزتوققۇز نەپەر كىشىنى باشلاپ سالمان فارسىنىڭ ھوزۇرىغا قاراپ يول ئاپتۇ.سالمان فارسىمۇ مېھمانلارغا قىرىق كىشىلىك داستىخان ھازىرلاپتۇ. ئۇلار غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر دۇئا قىلىپ بېرىپتۇ.

شۇ ۋەقەدىن ئون ئاي، ئون كۈن، توققۇز سائەت ئۆتۈپ، سالمان فارسىنىڭ ئايالى قىرىق ئوغۇل يەڭگىپتۇ. باللار ئۆينى بىر ئاپتۇ- دە، سالمان فارىس ئۆيدە پۈتنى قويغىدەكمۇ جاي تاپالماي قاپتۇ. ئۇ كۆڭلىدە: «مەن ئاللاھتىن پەرزەنت ئاتا قىلىشنى تىلىسەم، ئۇ ماڭا بىر يولدىلا قىرىق پەرزەنت بېرىۋەتتى. كۈنگە ئاران بىر نان تېپىپ يەۋاتقان مەندەك بەندىنىڭ قىرىق بالىنى بېقىشقا قانداقمۇ قۇربى يەتسۇن. ئەتە ئۆگۈن ئۇلار چوڭ بولۇپ، كىيىم ـ كېچەك كىيىشى، مەكتەپكە بېرىشى كېرەك، ئۇ چاغدا قانداق قىلىمەن؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ، پەرزەنت تىلىگىنىگە پۇشايمان قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تۈن نىسپىدە، يوشۇرۇن ھالدا باللارنى يوغان بىر سېۋەتكە سېلىپ مەدىنىنىڭ چېتىدىكى بىر چۆللۈككە تاشلىۋېتىپ كەپتۇ. لېكىن ئەتىسى كۈن يورۇغاندا، ئۇ يەنە شۇ چۆللۈككە بېرىپ قارىسا باللار كۆرۈنمىگۈدەك. سالمان فارىس ئەسلىدە ئۇ باللارنىڭ ئەۋلىيا باللار ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن ۋە قىممىتىنى چۈشەنمىگەن ئىكەن.

جەبرائىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرگە مۇنداق خىتاب قىپتۇ:

ـــ تاخا (مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ يەنە بىر ئىسمى)، مۇھەممەد، ئاللاھ ساڭا سالمىنى يوللىدى. ئاللاھ بۇرادىرىم مۇھەممەت ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇز توققۇز شاگىرتىنىڭ قىلغان دۇئاسىنىڭ يۈزىنى قىلىپ مەن سالمان فارىسقا قىرىق ئەۋلىيا پەرزەنت ئاتا قىلغانىدىم. لېكىن ئۇ ئۇلارنى سېۋەتكە سېلىپ چۆللۈككە تاشلىۋەتتى. لېكىن مەن ئۇلارنى تاشلىۋەتمەيمەن، ـــ دەپتۇ.

پەيغەمبەر دەرھال چۆللۈككە بېرىپ سېۋەتنىڭ يېشىل ياقۇتتىن ياسالغان گۈمبەزگە ئايلىنىپ ئاسماننىڭ تۆتىنچى قېتىغا چىقىپ كەتكىنىنى كۆرۈپتۇ. گۈمبەزدىن دۇئا ۋە يىغا سادالىرى كېلىپ تۇرىدىكەن. پەيغەمبەر بۇنى كۆرۈپ كۆز يېشى قىپتۇ ۋە مۇقەددەس مەسچىتكە قايتىپتۇ. شۇندىن كېيىن ئۇ سالمان فارىس ۋە باشقا كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈشنى خالىماپتۇ.

بىر كۈنى پەيغەمبەر مەدىنىدە شاد مائاز ئىسىملىك بىر كىشىنى قوبۇل قىپتۇ. ئۇ كىشىنىڭ ئۆڭسۈلى يوق بولۇپ، نېمە بولغانلىقىنى سورىغاندا ئۇ مۇنداق بايان قىپتۇ:

ـــ ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، مەن بۈگۈن سىز دائىم سايىسىدە ئولتۇرۇپ ئارام ئالىدىغان دەرەخنىڭ ئۈستىگە بىر ھايۋاننىڭ چىققۋالغانلىقىنى ۋە كەينىدىنلا دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىڭ تۆكۈلۈپ، دەرەخنىڭ قۇرۇپ كەتكىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. قورققىنىمدىن ئۇدۇل يېنىڭىزغا كېلىشىم، ـــ دەپتۇ.

پەيغەمبەر دەرەختىكى ھايۋاندىن سوراپتۇكى:

ـــ ئى ھايۋان، سەن قانداق جانۋار؟ ئۇ ھايۋان ئۆز تىلىدا جاۋاپ بېرىپتۇ:

ـــ پەيغەمبىرىم، مەن ئاللاھنىڭ بالايى ـ ئاپىتىدۇرمەن. مەن مەدىنىدىكى بەندىلەرگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزگىلى كەلدىم.

بۇنى ئاڭلاپ مەدىنىدىكى خەلقلەر پەيغەمبەرنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ، بۇ جانۋارنى يوقۇتۇپ بېرىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا خەۋەر كېلىپ پەيغەمبەرنىڭ قىزى فاتىمەنىڭ ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولغانلىقى ئۇقتۇرۇلۇپتۇ.

پەيغەمبەر ئەمدى دۇئا قىلاي دەپ تۇرۇشىغا، جەبرائىل ئەلەيھىسسالام كېلىپ ئاللاھنىڭ سۆزىنى يەتكۈزۈپتۇ:

ـــ مۇھەممەد، سەن تەڭرىنىڭ تۆتىنچى قېتىدىكى قىرىق ئەۋلىيادىن ياردەم سورىغىن، شۇلار ساڭا ياردەم قىلالايدۇ، ـــ دەپتۇ. پەيغەمبەر ئۆزى ئاسمانغا چىقىپ ئەۋلىيالارغا ھاجىتىنى بايان قىپتۇ.شۇ ئەسنادا ئەۋلىيالارنىڭ ئىچىدە بىرسى يىڭنىنى بارمىقىغا سانچىپ قان چىقىرىپتۇ، شۇ ھامان قالغانلارنىڭمۇ بارمىقىدىن قان سىرغىپ

ئېقىپتۇ.ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن يەتتە نەپىرى يەر يۈزىگە چۈشۈپ، كېچىچە فاتىمەنىڭ بېشىدا چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، دۇرۇت ئوقۇپ، فاتىمەنى ساقايتىپتۇ ۋە ھىلىقى ھايۋاننىمۇ قوغلاپ ئەلنى ئامان قىپتۇ.

پەيغەمبەر ئۇلاردىن مۇمكىن بولسا يەر يۈزىدە قېلىپ، خەلقنى ئاغرىق سىلاقلاردىن ۋە بالاـ قازالاردىن ساقلاشقا ياردەمدە بولۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ، ئۇلار ماقۇل بوپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار تا پەيغەمبەر ۋاپات بولغۇچە شۇ يەردە بوپتۇ. پەيغەمبەرنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئۇلار خەلىفە ئەلىنىڭ يېنىغا بېرىپ مەسلىھەت سوراپتۇ. پەيغەمبەر ئۇلارغا بىر نوتىنى بېرىپ، بۇ نوتا قەيەردە بىخلاپ كۆكلىسە شۇ جاي سىلەرنىڭ ماكانىڭلار بولغۇسى دەپتۇ. ئۇلار كۆپ يەرلەرگە بېرىپ ئاخىرى تاتارغا (يەركەن رايونىنىڭ قەدىمقى ئىسمى) كەپتۇ ۋە ئۇ يەردە نوتىنى سانچىپ ئەتىسى بىخلىغانلىقىدەك ھەقىقەتنى كۆرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار شۇ زېمىندا تۇرۇپ قاپتۇ. ھېچكىممۇ ئۇلارنىڭ شۇ يەركەندە دۇنياغا كۆز ئاچقان ئەۋلىيالار ئىكەنلىكىنى بىلمەپتۇ.

نەچچە يۈز يىل ئۆتۈپ، يەركەنگە ئابابەكرى خان پادىشاھ بوپتۇ. بۇ چاغدا بۇخارادا شاھ تالىب سەرمەست ئاتلىق بىر دەرۋىش ياشايدىغان بولۇپ، ئۇ قىرىق ھەمراھىنى باشلاپ مەدىنە ۋە مۇقەددەس مازارلارنى تاۋاپ قىلغىلى كەپتۇ. پەيغەمبەرنىڭ قەۋرىسى تۈۋىدە قىرىق كۈن تۈنەپ چىقىپتۇ. قىرىق كۈن توشقان كۈنى ئۇ پەيغەمبەر بىلەن دىدار كۆرۈشۈش شەرىپىگە مۇيەسسەر بوپتۇ. پەيغەمبەر ئۇنىڭغا بىر ۋەزىپە تاپشۇرۇپ شۇنداق ئېيتىدۇكى:

ــ ئى شەيخ،سەن دەل ۋاقتىدا كەپسەن. تاتار دۆلىتىدە يەتتە ئەۋلىيا ياشاپ تۇرماقتا. ئۇلار ئاسماننىڭ تۆتىنچى قېتىدىن ئىنسانلارغا مېھىرـ شەپقەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن زېمىنغا ئەۋەتىلگەن ئەۋلىيالاردۇر. ھازىر ئۇلار ئۇ يەردە ئىسىم ـ شەرەپسىز ياشىماقتا، ھېچكىم ئۇلارنى تونۇمايدۇ. سەن شۇ يەرگە بېرىپ كىشىلەرگە شۇ ئۇلۇغ ئەۋلىيالارنى تونۇتۇپ ئۇلارغا دۇئاـ تىلاۋەت ئارقىلىق ئەۋلىيالارنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىشكە ياردەم قىلغىن، ــ دەپتۇ.

شاھ تالىب پەيغەمبەرنىڭ بۇيرىقىنى بىجا كەلتۈرۈپ يەركەنگە قاراپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ يەركەندە قىرىق ھەمراھى بىلەن بىرلىكتە قىرىق كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ بىر قەۋرە ياساپتۇ. ئاندىن قىرىق كۈن دۇئايى تىلاۋەت قىپتۇ. ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئاڭلىغان بارلىق چوڭـ كىچىك يۇرت ئەھلى قەبرىنى تاۋاپ قىلغىلى يېتىپ كەپتۇ. كىشىلەر ھەر كۈنى ئۇلارغا سوۋغا سالاملار ئېلىپ كېلىپ چوقۇنۇپتۇ. بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپقان پادىشاھ ئابابەكرى ئىشنىڭ تېگىـ تەكتىنى سۈرۈشتۈرۈش ئۈچۈن، بىر مۆشۈكنى ئۆلتۈرۈپ، توققۇز دانە ناننىڭ تۆپىسىگە بېسىپ داستىخانغا يۆگەپ، ئەلچىلەردىن دەرۋىشلەرگە ماڭغۇزۇپتۇ. «ئەگەر ئۇلار ھەقىقەتەن تەقۋادار كىشىلەر بولسا ئۇنى يېمەيدۇ، بولمىسا يېيىشى مۇمكىن» دەپتۇ پادىشاھ. كېيىن دەرۋىشلەر بۇ سوۋغىنى كۆرۈپ ناھايىتى غەزەپلىنىپتۇ ۋە پادىشاھنىڭ قىلمىشىدىن نارازى بولۇپ بۇخاراغا قايتماقچى بوپتۇ. يولدا بىر دەرۋىش ئاغرىپ قېلىپ ئۇنى شۇ قەۋرىدە تىلاۋەت قىلىپ ئولتۇرۇپ تۇرۇشقا قالدۇرۇپ قويۇپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. پادىشاھ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئىككى ياساۋۇلنى پايلاقچىلىققا ئەۋەتىپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە پەيغەمبەر تەرىپىدىن يەتتە ئەۋلىيانىڭ مازىرىنى ياساش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ ئۆز قىلمىشىغا پۇشايمان قىپتۇ. پادىشاھ باشقا نۇرغۇن قىممەتلىك سوۋغا ـ سالاملار بىلەن يەنە باشقا ئەلچى ئەۋەتىپ ئۆزىنى كەچۈرۈشنى ئۆتۈنۈپتۇ. دەرۋىشلەر يەركەن خەلقىنىڭ ئامان ـ ئېسەنلىكى ئۈچۈن دۇئا قىپتۇ ۋە سوۋغا ـ سالاملارنى ئەلچىلەردىن قايتۇرۇۋېتىپتۇ. يەركەندە قالغان بىر دەرۋىش توغرىسىدا ئاڭلايدىغان بولساق، ئۇ بۇ مازارنى بېقىپ ئەۋلىيالارنىڭ چىرىقىنى يېقىپ ئولتۇرۇپتۇ. پادىشاھ ئۆزى بۇ مازارغا كېلىپ ئۇنى يوقلاپ تۇرۇپتۇ ۋە مازارغا ناھايىتى چوڭ بىر قازان ئەكەلدۈرۈپتۇ. شۇندىن كېيىن يۇرت ئەھلى ئىچىدە ئاغرىق ـ سىلاقا دۇچار بولغاندا ۋە ياكى بېشىغا كۈن چۈشكەندە، ئۆز ئاتىغانلىرىنى مۇشۇ قازانغا ئەپكېلىپ تاشلايدىغان بوپتۇ. بۇ چوڭ مازارنىڭ نامى مۇھەممەد فاسىل، مۇھەممەد ئىبراھىم، مۇھەممەد قاسىم، مۇھەممەد رازى، مۇھەممەد سەيىد، مۇھەممەد زاھىد، مۇھەممەد سابىت بوپتۇ.

بۇ مازارنىڭ تەزكىرىسى مانا مۇشۇنداق يېزىلغان. كېيىنچە چىلتەن مازىرى توغرىسىدا

مۇنداق ئېغىزچە تەزكىرىمۇ بايان قىلىنغان:

ئۇ ئەۋلىيالارغا پەيغەمبەر بەرگەن نوتا كېيىن كۆكلەپ بىر دەرەخكە ئايلىنىپتۇ ۋە ياقۇپ بەگ دەۋرىگىچە (1864 ـ 1877) كۆكلەپ تۇرۇپتۇ.لېكىن ياقۇپ بەگ چىلتەن مازىرىنى قايتا ياسىماقچى بولۇپ، ئۇ مۇقەددەس دەرەخنى كېسىۋېتىپ قۇرۇلۇش ماتېرىيالى قىپتۇ. ياقۇپ بەگنىڭ دەرەخنى كېسىش قىلمىشى بىلەن ئەۋلىيالارنىڭ جېنى تېنىدىن جۇدا بوپتۇ.

بۇ دەرەخ جايلاشقان ئورۇن هازىرمۇ مۇقەددەس جاي هېسابلىنىدىكەن. مازارنىڭ كىرىش ئېغىزىدا يەتتە دانە چىراق، ياۋايى هايۋانلارنىڭ باش سۆڭىكى ۋە مۈڭگۈزى قويۇپ قويۇلغان.

مازار ھەققىدە بۇ خىل تەزكىرىلەردىن باشقا يەنە بىر خىل رىۋايەتمۇ بار .بۇ ھەقتە قۇرئاننىڭ 24 ـ بابىنىڭ 6 ـ سۈرىسىدە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: مۇھەممەد پەيغەمبەر مەدىنىگە كېلىپ ئالتە يىلدىن كېيىن مۇستالىق قەبىلىسىگە هۇجۇمغا ئۆتمەكچى بولىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ئايالى ئائىشە مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن بىللە بارالمايدۇ ۋە پەيغەمبەرنىڭ كەينىدىن بارماقچى بولىدۇ. ئۇ پەيغەمبەرنى ساقلاپ يولدا ئۇخلاپ قالىدۇ. يولدا شىئە مەزھىپىدىن بولغان ساۋان ئايشەنى كۆرۈپ قېلىپ ئۇنى پەيغەمبەر بار جايغا ئەتىسى ئەتىگەندە باشلاپ بارىدۇ. شۇندىن كېيىن بۇ ئىككىسى توغرىسىدا سۆز ـ چۆچەك تارقىلىپ مۇناسىۋىتى بار دەپ گۇمان پەيدا قىلىدۇ. ئەلى ئايشەنىڭ قىلمىشىنىمۇ گۇناھ دەپ چۈشەندۈرگەن.گەرچە قۇرئانداگۇناھسىز دەپ قارالغان بولسىمۇ، شىئەلەرگە بولغان باشقىچە قاراش شۇ ۋەقەدىن شەكىللىنىپ قالغان.مۇسۇلمانلارچىلىقتا بىراۋنىڭ ئايالىنى ئېلىپ كېتىشكە بولمايتتى. كېيىن جەبرائىل ئەلەيهىسسالام كېلىپ، ساۋان دەرھال ئۆيلىنىشكە بۇيرۇق چۈشۈرۈلىدۇ.لېكىن ساۋان ئۆيلەنمەيدۇ. ئاخىرى مۇھەممەد پەيغەمبەر ئۆزى ئۇنى ئۆيلەپ قويىدۇ. تويدىن كېيىن ساۋاننىڭ ئايالى هامىلدار بولۇپ، ئاللاھنىڭ شاپائىتى بىلەن قىرىق ئوغۇل پەرزەنت يۈزى كۆرىدۇ. بۇ قىرىق پەرزەنت ئەنە شۇ قىرىق چىلتەن مازىرىدىكى ئەۋلىيالار ئىدى.




چىلتەن مازىرىنىڭ ئىچكى كۆرۈنۈشى.
سۈرەتنى جون تۆرنكۇىست تارتقان




چىلتەن مازىرىنىڭ كۆرۈنۈشى.
سۈرەتنى جون تۆرنكۇىست تارتقان

**مەنبەلەر:**

«ئەگرى ـ توقاي يوللاردىكى سەپەر ـ شەرقىي تۈركىستاندىكى 25 يىل» ، 209 ـ بەت، «چىلتەن مازىرى تەزكىرىسى» ـ گۇستاف راكۇيت

"På Obanade Stigar –25 år i Öst –Turkestan" – Tjiltän –Gustaf Raquette, s209.

شۋېتچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: زۇلھايات ئۆتكۈر (شۋېتسىيە)



# ئۇچار ئۇنىۋېرسىتېت

*بىر پولشا ئەنئەنىسى*

ئۈمىت شىمشەك (تۈركىيە)

*تەتقىقاتچى ۋە يازغۇچى ئۈمىت شىمشەك 1950 - يىلى ئىستانبۇلدا تۇغۇلغان. ئاخبارات ۋە نەشرىياتچىلىق ساھەسىگە بالدۇرلا قەدەم قويغان بولۇپ 1967 - يىلى گېزىت ۋە ژۇرناللاردا ئىشلەشكە باشلىغان. «يېڭى ئاسىيا» ۋە « يېڭى نەسىل» قاتارلىق گېزىتلەردە تۇنجى ساندىن باشلاپ ئىشلىگەن. خىزمەت قىلغان نەشرىياتلاردا نۇرغۇنلىغان ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ نەشر قىلىنىشىغا باشلامچىلىق قىلغان. بىر مۇددەت TGRT تېلېۋىزىيە قانىلىدا مەخسۇس پىروگرامما رىياسەتچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. يازغان ئىلمىي ماقالىلىرى «زەپەر» ۋە باشقا ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنىپ تۇرغان.*

*ئۇنىڭ تەتقىقات خاراكتېرلىك ئەسەرلىرى ئىچىدە «كائىناتنىڭ پەيدا بولۇشى»، «بىر ھەرىنىڭ خاتىرە دەپتىرى»، «تەتقىقات مېتاللىرى»، «ماددا ۋە ئېنېرگىيە»، « ئۇچار ئۇنىۋېرسىتېت»، « ئاللاھ سۆيگەن قۇللار» قاتارلىق نۇرغۇن كىتابلىرى بار. ئۈمىت شىمشەكنىڭ يەنە «بىر ھەرىنىڭ ھېكايىسى» ناملىق بىر باللار كىتابىمۇ بار.*

*تۆۋەندە يازغۇچى ئۈمىت شىمشەكنىڭ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغان «ئۇچار ئۇنىۋېرسىتېت» ناملىق كىتابىدىن تاللانغان ئىككى پارچە ماقالىنى دىققىتىڭلارغا سۇنىمىز.*

## بىر مائارىپ دولقۇنى مانا مۇشۇنداق قوزغىتىلىدۇ

*ئىنسان دۆتلۈكىنىڭ كۈچىنى ھەرگىزمۇ سەل چاغلىماڭلار.*
- روبېرت ھېينلېن

غەربلىك دوستلىرىنىڭ قولى ئارقىلىق سوۋېتلار ئىنتىپاقىغا ھەدىيە قىلىنغاندىن كېيىن، پولشا يەنە بىر قېتىم رۇسىيە مەركەزلىك سىستېمىلىق كۈلتۈر قىرغىنچىلىقىغا دۇچ كەلدى. كوممۇنىستىك تۈزۈم ئاستىدا مائارىپنىڭ بارلىق باسقۇچلىرى، رەسمىي ئىدېئولوگىيەنىڭ بىر تەشۋىقات زېمىنىغا ئايلاندى. بۇ ئىش، دەسلىپىدە بىر مائارىپ سەپەرۋەرلىكى سىياقىدا ئىدى. ئۇرۇشتىن كېيىنكى پولشادا ساۋاتسىزلار سانى مىليونلارغا يەتكەنىدى. ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك مائارىپنىڭ كەڭ خەلق ئاممىسىغا يېيىلىشى ئۈچۈن ئومۇميۈزلۈك سەپەرۋەرلىك قوزغىتىلدى. ھاكىمىيەتنىڭ بۇ سەپەرۋەرلىكتىن كۈتۈۋاتقان ئاساسىي غەرىزى تولىمۇ پەرقلىق ئىدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا پولشا جەمئىيىتىدە يىلتىز تارتىشقا باشلىغان ئورگانىك خىزمەت، مۇستەملىكىچىلىككە ئۇنۇملۇك قارشى تۇرغان، خەلق ئارىسىدا كۈچلۈك نوپۇزغا ئىگە زىيالىيلار قاتلىمىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەنىدى. بۇ قاتلام چارروسىيە ۋە گېرمانلارغا ئوخشاش سوۋېتلارغا نىسبەتەنمۇ خەتەرلىك بىر قاتلام ئىدى. ھاكىمىيەت، يىراق كەلگۈسىدە خەلقنى بۇ قاتلامنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، مائارىپنى بارلىق قاتلاملارغا كېڭەيتىش كېرەك، دەپ ئويلاتتى. مۇشۇنداق قىلغاندا، ئىلگىرىكى چاغلاردا تاللانغان بىر گۇرۇھنىڭ قولىدا بولۇپ كەلگەن رەسمىي ۋەزىپىلەر خەلقنىڭ ئارىسىغا يېيىلغان بولاتتى.

ئۇرۇشتىن كېيىنكى يىللاردا پولشالىقلار بۇ قەدەمنى قىزغىن قارشى ئالدى. ئەسلىدە بۇ يىللار بىر تەرەپتىن يەر بىلەن يەكسان بولۇپ كەتكەن بىر دۆلەتنىڭ قايتىدىن قۇرۇلۇشى بىلەن ئۆتمەكتە ئىدى. شۇڭا، دەسلەپتە ئىشنىڭ قەيەرگە بارىدىغانلىقىغا بەك دىققەت قىلىپ كېتىدىغانلار چىقمىدى ياكى چىققان بولسىمۇ، ئىجتىمائىي ساھەدە بۇنىڭ دېگەندەك كۈچلۈك تەسىرى كۆرۈلمىدى. لېكىن، سوۋېت مەركىزىي ھۆكۈمىتى بۇ يىللارنى بىكار ئۆتكۈزمەيۋاتاتتى. بىر تەرەپتىن پولشا تارىخىنى ماركسىزمچە نۇقتىئىنەزەر بويىچە قايتىدىن يېزىپ چىققان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن رۇس تىلى ۋە ئىستالىن تەلىماتلىرىغا ئوخشاش پولشالىقلار قەتئىي ياخشى كۆرمەيدىغان نەرسىلەرنى مائارىپ سەپەرۋەرلىكى نامى ئاستىدا پولشا خەلقىگە ئومۇميۈزلۈك تەشۋىق قىلماقتا ئىدى. قىسقىسى، دۆلەتنىڭ مائارىپ سىستېمىسىدا يەنە بىر تۇغۇلۇش ئېلان قىلىنماقتا ئىدى.

خەلقنىڭ بۇ مائارىپ سىستېمىسىغا قارىتا يىللار بويىچە يىغىلغان نارازىلىقى، 1953 ـ يىلى ستالىننىڭ ئۆلۈمى بىلەن باشلانغان «مۇزلارنىڭ ئېرىشى» مەزگىلىدە روشەن گەۋدىلەندى ۋە 1956 ـ يىلى ستالىنىزمغا قارشى كەڭ كۆلەملىك نامايىشلارغا ئايلاندى. ھۆكۈمەت بۇ نارازىلىقلار ئالدىدا بىر قاتار ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ جەرياندا، دىنىي مائارىپ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئىستىكىگە باغلىق ھالەتتە قايتىدىن باشلاندى.

ئەمما، بۇ ياخشى كۈنلەر يەنە ئۇزاققا بارمىدى. 1961 ـ يىلىغا كەلگەندە، «مائارىپ سىستېمىلىرىنىڭ تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشى»غا دائىر بىر قانۇن بىلەن، ستالىن دەۋرىدىكى مائارىپ قايتىدىن باش كۆتۈردى. كوممۇنىزمنىڭ يىمىرىلىشىغىچە داۋاملاشقان بۇ قانۇن، مائارىپقا پەقەت دۆلەتنىڭ بىر فۇنكسىيەسى دەپ ئېنىقلىما بېرەتتى ۋە خاراكتېرى لايىك دەپ بېكىتىلگەن ئىدى. مائارىپنىڭ مۇددىئاسى بولسا، ئىشچىلارنى سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇشقا تەييارلاشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ مەقسەتكە ئۇيغۇن ھالدا مائارىپ سىستېمىسى سانائەت ئۈچۈن ئىشچىلارنى تەييارلايتتى، پولشا خەلق جۇمھۇرىيىتى پۇقرالىرىغا يارىشىدىغان ھەرىكەتلەرنى راۋاجلاندۇراتتى، ئەمگەكچى سىنىپقا دائىر قىممەت ـ قاراشلارنى ھەر تەرەپكە يېيىپ، ئەمگەككە ۋە مىللىي قىممەت قاراشلارغا ھۆرمەت قىلىشنى سىڭدۈرەتتى. بۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، دۆلەتنىڭ كۈچلۈك نازارىتى ئاستىدا بولۇش شەرتى بىلەن، دىنىي ئورگانلارمۇ مەكتەپلەرنى ئاچالايتتى، چېركاۋ ئايرىم بىر مائارىپ تۈرى شەكىللەندۈرەلەيتتى.

1961 ـ يىلىدىكى قاتتىق ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى ئارىسىدا باشلانغۇچ مائارىپنىڭ سەككىز يىلغا چىقىرىلىشىمۇ بار ئىدى. 1973 ـ يىلى ھاكىمىيەت بۇنىمۇ ئاز كۆرۈپ، مەجبۇرىي مائارىپنى ئون يىلغا چىقىرىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، ئۇنۇمگە ئېرىشەلمىدى. نېمىلا بولمىسۇن، دۆلەت ئۆلچەملىك پۇقرا يېتىشتۈرۈش جەھەتتە ئىشنى پۇرسەتكە تاشلاپ قويۇشنى خالىمايتتى، ياش نوپۇس قاتلىمىنى كىشىلىك خاراكتېرلىرى يېتىلىدىغان مەزگىلدە قولىدىن كېلىشىچە ئۆز نىشانىغا لايىق شەكىلدە شەكىللەندۈرۈشكە تىرىشاتتى.

ئۇنىۋېرسىتېتلارغا كەلسەك، ئۇلارمۇ ئومۇميۈزلۈك دۆلەتنىڭ تىزگىنى ئاستىدا ئىدى ۋە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە ئوخشاش، رەسمىي ئىدېئولوگىيەلەر سىڭدۈرۈلىدىغان ماكانلارنىڭ رولىنى ئوينىماقتا ئىدى. دۆلەت، ئاكادېمىك ھاياتقا ئۆزى بىلگەنچە ئارىلىشالايتتى ۋە ھەر تۈرلۈك قارارلارنى خالىغانچە چىقىرالايتتى. بارلىق ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى دۆلەت كادىرى ئىدى ۋە دىكتاتور بىر دۆلەتنىڭ كادىرلىرىغا يۈرگۈزىدىغان شەرتلەر بىلەن ۋەزىپىگە تەيىنلىنەتتى ۋە زۆرۈر تېپىلغاندا ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىناتتى. بىر ئوقۇتقۇچى، بولۇپمۇ بىر ئۇنىۋېرسىتېت رەھبىرى ئۈچۈن ئاكادېمىك سالاھىيەتتىنمۇ بۇرۇن تەلەپ قىلىنىدىغان شەرت، سىياسىي قابىلىيەت ئىدى. يەنە كېلىپ، دۆلەتنىڭ ھەرقايسى ئورگانلىرى تەرىپىدىن كۆزىتىلىدىغان ۋە چېكىت قويۇپ قويۇلغانلار پەقەت ئوقۇتقۇچىلاردىنلا ئىبارەت ئەمەس ئىدى. ئوقۇغۇچىلارمۇ سىياسىي قاراشلىرىغا ئاساسەن ئىنچىكە نازارەت قىلىناتتى؛ ئامانلىق

تەكشۈرۈشى نەتىجىسىدە گۇمانلىق چىقىپ قالغان ياشلار ئۇنىۋېرسىتېتقا تىزىملىتالمايتتى؛ تىزىملىتالىغاندىن كېيىن چاتاق پىكىرلەرگە ئەگەشكەن ۋە رەسمىي ئىدېئولوگىيە راۋا كۆرمەيدىغان پائالىيەتلەرگە ئىشتىراك قىلغان ئوقۇغۇچىلار بولسا، ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالمايتتى. كېيىنكى چاغلاردا ئوقۇغۇچى - ئوقۇتقۇچى ۋە ئەمگەكچىلەر ھەمكارلىقى سايىسىدا يىللارچە داۋاملاشقان نامايىشلار ۋە ھۆكۈمەت بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن مۇزاكىرىلەر نەتىجىسىدە، 1982 - يىلى ئىجرا قىلىنىشقا باشلىغان ئالىي مائارىپ قانۇنى بىلەن ئاكادېمىك ئەركىنلىككە بىرئاز مەيدان ئېچىلغان بولسىمۇ، بۇ ھوقۇقلار ئېلىنغىنىدا، ئۇنىۋېرسىتېتلاردىكى ئۆكتىچىلەر ئاللىقاچان تىزىمغا ئېلىنىپ بولغان ئىدى!

باشلانغۇچتىن ئۇنىۋېرسىتېتقىچە بولغان تەلىم - تەربىيەنىڭ بارلىق باسقۇچلىرىدا دۆلەت دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرگەن نۇقتىلارنىڭ بىرى تارىخ ئىدى. رەسمىي ئىدېئولوگىيە پولشا ياشلىرىنى تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن تارىخنى يېڭىۋاشتىن يېزىپ چىقتى. بۇ جەرياندا بەزى كىشىلەر پەقەت ياشىمىغاندەك، بەزى ۋەقەلەر پەقەتلا يۈز بېرىپ باقمىغاندەك ھېسابلىنىپ، تارىختىن پۈتۈنلەي چىقىرىپ تاشلاندى. بىر قىسىم ھادىسىلەر، بولۇپمۇ يېقىن تارىخقا ئالاقىدار ۋەقەلەرقاندا يۈز بەرگەن بولسا شۇ پېتى ئەمەس، قانداق بولۇشى كېرەك بولسا شۇنداق يېزىلدى. مەسىلەن، 1919 - 1939 - يىللىرى ئارىسىدا پولشادا ھۆكۈمران سىياسىي كۈچ سوۋېتتىدە كوممۇنىست پارتىيە بار ئىدى! ناتسىست ئىشغالى ئەسناسىدا مىليونلارچە پولشالىقنى گېرمانلارغا قارشى تەشكىللىگەن سۈرگۈن ھۆكۈمىتى، يەر ئاستى دۆلىتى، يەر ئاستى ئارمىيەسىگە ئوخشاش ئورگانلار پەقەت بولۇپ باقمىغان، ئۇنىڭ ئورنىغا گېرمانلارغا قارشى پەقەت كوممۇنىستلارلا ئۇرۇش قىلغانىدى. ئەلۋەتتە، پولشانىڭ ئازاد قىلغۇچىسىمۇ كوممۇنىستلار ۋە ئۇلارنىڭ خوجايىنى بولغان رۇسلاردىن باشقىسى ئەمەس ئىدى!

تارىخ بىلەن بىرلىكتە، ئەدەبىياتمۇ باشتىن تارتىپلا رەسمىي ئىدېئولوگىيەنىڭ قۇربانلىرى ئارىسىغا كىردى. پولشا ئەدەبىياتىنىڭ سەركە زاتلىرى بىلەن بىرگە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن سۈرگۈن قىلىنغان يازغۇچى - شائىرلارمۇ چەكلىمىنىڭ ئىچىدە ئىدى ۋە ئۇلار پەقەتلا ياشىمىغانىدى. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى ئوقۇلمايتتى، ئىسىملىرى تىلغا ئېلىنمايتتى. ئەدەبىياتنىڭ پولشالىقلارنى بىرلەشتۈرىدىغان ۋە ھەرىكەتكە كەلتۈرىدىغان ئەڭ مۇھىم كۈچ ئىكەنلىكىنى دۆلەت بىلەتتى ۋە خەلقنى بۇ يالقۇندىن ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشىچە يىراق تۇتۇشنى خالايتتى.

نېمىشقىدۇر، پوتكول بۇ بېسىملار، چەكلىمىلەر ۋە ئىدېئولوگىيە سىڭدۈرۈشلەرنىڭ توغرا تەخمىن قىلغىلى بولمىغان تەسىرلىرىنىمۇ كۆرۈلگەن ۋە بۇ تەسىرلەر ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن جۇغلىنىپ، تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغان بىر ئىجتىمائىي نارازىلىققا ئايلانغانىدى.

ھەممىدىن ئاۋۋال چېكىت قويۇلغان، چەتكە قېقىلغان ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار بارغانچە كۆپىيىپ كۈنسېرى كۈچىيىۋاتقان بىر ئۆكتىچىلەر ئېقىمى شەكىللەندۈرۈشكە باشلىغانىدى. دۆلەت ھەربىر پۇقرانى چەتكە قاققىنىدا، ئۆزىگە بىر دۈشمەن تاپقان بولاتتى.

رەسمىي تارىخ بولسا، ئوتتۇرا مەكتەپلەردىن تارتىپلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەسخىرە تېمىسىغا ئايلانغانىدى. دەرسلىك كىتابلىرىدا يېزىلغانلار ۋە مەكتەپلەردە ئۆگىتىلگەن نەرسىلەر ھېچكىمنى ئىشەندۈرەلمەسلىك بىلەنلا قالماستىن، ئەكسىچە كىشىلەرنىڭ توغرىسىنى ئۆگىنىش ئارزۇسىنى غىدىقلايتتى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئەھۋال، دېھقانلار مەكتەپلىرىدىن تارتىپ ئۇنىۋېرسىتېتلارغىچە بولغان ھەممىلا يەردە بارلىق ئوقۇغۇچىلارنى تەسىرى ئاستىغا ئېلىۋالغان بىر خىل تارىخ ئاچلىقىغا ئايلاندى. بۇ مەسىلىدىمۇ دۆلەت تاشلىغان ھەربىر قەدىمى، تارقاتماقچى بولغان ھەربىر يالغىنى بىلەن ئۆزىنى يالمايدىغان بىر ئوتنى ئۇلغايتقان بولاتتى.

بۇ ئەھۋال-قىلچە پەرقسىز ھالدا - ئەدەبىيات ساھەسىدىمۇ كۆرۈلدى. كىشىلەر ئۆز ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان دۇنياۋى زاتلىرى، مىللىي قەھرىمانلىرىنىڭ، ئۆز كۈلتۈر مىراسلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە بېرىلمەسلىكىگە غەزەپلەنمەكتە ئىدى. يەنە بىر تەرەپتە، بۇ غەزەپكە يانداش قىزىقىش ئامىلىمۇ بار ئىدى. بۇ تۇيغۇمۇ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، قانائەتنى بىلمەيدىغان بىر خىل تەشنالىققا ئايلاندى. شۇ نۇقتىغا بېرىپ يەتتىكى، 1980 - يىلىنىڭ ئاۋغۇست ئېيىدا لېنىن كېمىسازلىق زاۋۇتىغا توپلانغان ئىشچىلار، مىتسكېۋىچنىڭ 150 يىل بۇرۇنقى شېئىرلىرىنى ئاڭلاپ يىغلىدى. رەسمىي ئىدېئولوگىيە بۇ يەردىمۇ مەغلۇپ بولدى. ئەدەبىيات - سەنئەتتىن ئەڭ يىراق دەپ قارالغان قاتلاملاردىمۇ تىلى

ئىنتايىن ئېغىر ئەدەبىي تېكىستلەرنى چۈشىنىش، بەدىئىيلىكلىرىنى ئاڭقىرىش ئىشتىياقىنى ئويغاتتى.

يۇقىرىقىلارنىڭ نەتىجىسىدە خەلق ئارىسىدا كۆنسېرى ئومۇملىشىۋاتقان تەلەپلەر، تارىخ ۋە ئەدەبىياتنى مەركەز قىلغان كىتاب تەلىپىنى ۋۇجۇدقا چىقاردى. پولشالىقلار قانۇنسىز نەشرىياتچىلىق مەسىلىسىدە ئاللىقاچان كەسپىيلەشكەن، گېستاپو ياكى كوممۇنىستىك پارتىيە جاسۇسلىرىنىڭ بۇرنىنىڭ ئاستىدىلا ھېچكىمگە تۇيدۇرماستىن مەتبەئەلەرنى ئىشلەتكۈدەك ماھارەتكە ئىگە بولغان، بۇ جەرياندا مەش قۇيۇنلىرى بىلەن تازىلىق ئىشلىرىدا ئىشلىتىدىغان ماددىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ سىياھ ئىشلەپچىقىرىشقىچە بولغان ناھايىتى كۆپ نەرسىلەرنى ئىجاد قىلغان بىر مىللەت ئىدى. يەر ئاستىدىكى باسمىخانىلار يەنە رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا باشلىدى ۋە ئۆز تارىخى ۋە كۈلتۈرىگە تەشنا بىر مىللەتنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇشقا تىرىشتى. لېكىن، تەلەپ شۇنچىلىك كۈچلۈك ئىدىكى، بەزىدە ناھايىتى كۆپ تىراژلىق ئەسەرلەرمۇ بىر قانچە سائەت ئىچىدە تۈگەپ كېتەتتى. دۆلەت مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق - پەقەت خالىمىسىمۇ- ئومۇميۈزلۈك مائارىپ سەپەرۋەرلىكىنىڭ پىلتىسىگە ئوت ياققان بولاتتى.

## ئۆگىنىش تەۋەككۈلچىلىكى

*جاھالەتنى ھەرىكەت ھالىتىدە كۆرۈشتىنمۇ قورقۇنچلۇق بىر نەرسە يوقتۇر.*
ـ جوھان ۋولفگاڭ ۋون گېئوتې

مىللىي مەۋجۇدىيەتلىرىنى تەلتۆكۈس يوقىتىپ تاشلاشنى نىشان قىلغان رۇسىيە مەركەزلىك دۆلەت مائارىپىغا قارشى پولشالىقلارنىڭ تەبىئىي نارازىلىقى، توختاۋسىز ئىلگىرىلەپ جەمئىيەتنىڭ بارلىق قاتلاملىرىغىچە كېڭەيگەن ئومۇميۈزلۈك مائارىپ دولقۇنىغا ئايلىنىش شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. پولشالىق ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار، بىر تەرەپتىن دۆلەت مەكتەپلىرىدە، يەنە بىر تەرەپتىن خۇسۇسىي مەكتەپلەردە، رۇس مۇپەتتىشلەرنىڭ قاتتىق تەكشۈرۈشلىرىگە قارىماي، بارلىق ئىمكانىيەتلەردىن تولۇق پايدىلىنىشقا تىرىشاتتى. خۇسۇسىي مەكتەپلەرنىڭ پەقەت بولمىغاندىمۇ تەنەپپۇسلاردا پولەكچە سۆزلىشىشتەك ئالاھىدىلىكى بار ئىدى؛ بىراق، ئۇلارمۇ دۆلەتنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۇنچىۋالا يىراقتا ئەمەس ئىدى، پولشا كۈلتۈرىنى يالغۇز قالدۇرۇشنى نىشان قىلغان رۇس سەپەرۋەرلىكى ئۇ يەردە يۇقىرى سۈرئەت بىلەن داۋام قىلاتتى. بۇ جەرياندا، پولشالىقلارنىڭ ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقان تەلىم ـ تەربىيە پائالىيەتلىرى ئۆيلەردە ئېلىپ بېرىلاتتى: يا ئائىلە ياكى دوستلار ئارىسىدىكى مۇنتىزىم تەلىم ـ تەربىيە كۇرسلىرى ھالىتىدە ياكى قانۇنسىز تەلىم ـ تەربىيە ئورۇنلىرى ھالىتىدە تەشكىللىنەتتى. بىر قاراشقا بۇ، «كىم تېخىمۇ بالدۇر ھەرىكەتكە ئۆتىدۇ؟» تۈسىدىكى بالىلارنى كىچىك ياشتىلا ئۆز يېنىغا تارتىش ئۈچۈن، رۇسلار بىلەن پولشالىقلار ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئامانسىز بىر مۇسابىقىدىن ئىبارەت ئىدى. پولشالىقلار ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ دۆلەتنىڭ قولىدا بىر مۇستەملىكە زىيالىيسىغا ئايلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، مىللەت بويىچە ھەرىكەتكە ئۆتكەنىدى ۋە بۇ جەھەتتە كۆپ ۋاقىتلىرىنىڭ يوقلۇقىنى بىلەتتى.

مانا بۇ جەرياندا، ئىلىم ـ پەن ۋە سەنئەت سېھرى ياشلارنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالدى. ئۆيلەر، ئائىلە ئىچىدە مەخپىي ھالەتتە چەكلەنگەن كىتابلار ئوقۇلىدىغان، «خائىن» يازغۇچى ـ شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى يادلىنىدىغان جايلارغا ئايلاندى. يەنە كېلىپ، بۇ ئەھۋال پەقەت پولشا زېمىنلىرىدىلا ئەكس ئېتىش بىلەن چەكلەنمەيتتى. مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ئۆي ئۆيىدە، سۈرگۈن قىلىنغان پولشالىقلار يەرلەشتۈرۈلگەن رۇسىيە زېمىنلىرىدىمۇ قانۇنسىز تەلىم ـ تەربىيە يىغىلىشلىرى ۋە يوشۇرۇنچە كىتاب ئوقۇش پائالىيەتلىرى ناھايىتى ئاكتىپ ھالەتتە داۋاملاشماقتا ئىدى؛ بۇ سايىدا، رۇسلار پولشا زېمىنلىرىدىن يىلتىزىنى قومۇرۇپ تاشلىماقچى بولغان نەرسە، ئۇلارنىڭ پۇتلىرىنىڭ ئۇچىدىلا بىخ سۈرمەكتە ئىدى. ئوقۇشنىڭ تەمىنى تېتىغان ۋە زېھنىنى يېڭى قاراشلارغا ئېچىۋەتكەن پولشا زىيالىيلىرى، قولىغا چۈشكەن ھەرقانداق ئەسەرنى ئوقۇيتتى ۋە ئوقۇغانلا نەرسىسىدىن

بىرەر يەكۈن چىقىرىشقا تىرىشاتتى. دارۋىن، ماركس ، ھەتتا ئەشەددىي دۈشمەنلىرى بولغان گېرمانلارنىڭ سىمۋول خاراكتېرلىك كىشىلىرىدىن فىتچى، خېردېر، نىېتزېغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ ئەسەرلىرىمۇ ئۇلار ئوقۇيدىغان ئەسەرلەرنىڭ قاتارىغا كىرەتتى.

رۇسىيەنىڭ چۈشى، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا بارمايلا پولشادا رۇس كۈلتۈرى بويىچە يېتىشكەن بىر ئارا قاتلام پەيدا قىلىش ئىدى. بۇ چۈش قەتئىي رېئاللىققا ئايلانمىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا پولشا زېمىنلىرى رۇس چۈشىنىڭ دەل تەتۈرىچە «ئۆگىنىش تەۋەككۈلچىلىكى» دېيىشكە بولىدىغان دەرىجىدە بىر سەپەرۋەرلىك ھەرىكىتىگە سەھنە بولدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئوقۇش ـ يېزىش ياكى دېھقانچىلىق ماھارەتلىرىدىن تارتىپ ئۇنىۋېرسىتېتقىچە بولغان ھەر دەرىجىدە ئوقۇش، جەمئىيەتنىڭ بارلىق قاتلاملىرىغىچە كېڭەيگەنىدى. بۇ جەرياندا، بولۇپمۇ «ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش» بىر مودېلغا ئايلانغان ۋە خەلقنىڭ ئۈچتىن بىرىنىڭ كۈندىلىك پائالىيەتلىرى قاتارىغا كىرگەنىدى. ئالدىنقى قاتاردىكى ئالىملار ۋە سەنئەتچىلەر خەلق ئارىسىدا يېتەكچىلىك رولى ئوينايدىغان كىتابلارنى يازاتتى، ئارقىدىن بۇ كىتابتىن قولدىن قولغا ئۆتۈپ ئوقۇلاتتى. ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئۈچۈن بىر ئايلىق ژۇرنال نەشر قىلىنغان بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئەڭ داڭلىق زىيالىيلىرى بۇ ژۇرنالغا كۈچ قوشاتتى.

بۇنداق كەڭ ئومۇملاشقان تەلىم ـ تەربىيە پائالىيەتلىرىگە پاراللېل ھالدا، كۇتۇپخانىلارمۇ خەلقنىڭ كۆپ قاترايدىغان جايلىرى قاتارىغا كىردى. ھەرخىل دىنىي ۋە ئىجتىمائىي ئورگانلارنىڭ بايرىقى ئاستىدا خەلققە ئېچىۋېتىلگەن كۇتۇپخانىلار ئارقا ـ ئارقىدىن ئېچىلىشقا باشلىدى. لېكىن، كۇتۇپخانىلارمۇ مەكتەپلەرگە ئوخشاشلا ساقچىلارنىڭ كۈچلۈك نازارىتى ئاستىدا ئىدى. 1897 ـ يىلى پەقەت ۋارشاۋا ياردەمسۆيەرلەر بىرلىكى ناملىق بىر ئورگاننىڭ شەھەر ئىچىدە ئاچقان كۇتۇپخانىلىرىنىڭ سانى 23 كە يەتكەنىدى؛ ئەمما، كىتاب ئىشكاپلىرىدا ۋىكتور ھيۇگو، ئېمىل زولا، ئالېكساندىر دۇماسقا ئوخشاش «رەزىل» يازغۇچىلارنىڭ كىتابلىرى قولغا چۈشكەنلىكى ئۈچۈن، دەسلەپتە بىرلىكنىڭ ئىدارە ھەيئىتى باشلىقى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى. ئارقىدىن بۇ كۇتۇپخانىلارنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي تاقىۋېتىلدى. شۇنداق بولسىمۇ، پولشالىق مىللەتچىلەرنىڭمۇ قانۇنلۇق كۇتۇپخانىلاردا قويۇلمايدىغان كىتابلار قويۇلغان خەلققە ئوچۇق، دۆلەتكە يېپىق كۇتۇپخانىلىرى بار ئىدى. دۈشمەن قولىدىن قۇتقۇزۇۋېلىنغان ئەسەرلەرمۇ مۇشۇنداق جايلاردا مۇھاپىزەت قىلىناتتى. بەزى قىممەتلىك ئەسەرلەرنىڭ رۇسلاردىن قۇتقۇزۇلۇشى بولسا، بىر مىللىي ۋەزىپە ئىدى. مەسىلەن، 1858 ـ يىلى لېيپزىگدە نەشر قىلىنغان «پولشا يازغۇچىلىرى» ناملىق كىتابنىڭ بروكخاۋۇس نۇسخىسىنىڭ ھەممىلا نۇسخىسى كالىشتىكى رۇس ۋالىيسىنىڭ خىزمەت ئۆيىدە ئىدى. 1973 ـ يىلىنىڭ بىر كېچىسى ۋالىينىڭ ئۆيىگە كىرگەن «نامەلۇم ئوغرىلار» بۇ ئەسەرلەرنى ئوغرىلاپ كەتتى. بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، رۇس ئەمەلدارلارنىڭ كۆزىدىن يىراق گائول ناملىق باشقا بىر بازارنىڭ چەت بىر يېرىدە پولشالىقلارنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇنۇلغانىدى.

ئىزچىل ھالدا ئاقارتىش خىزمەتلىرىنى كەڭ خەلق ئاممىسىغا يەتكۈزۈشنىڭ يېڭى ـ يېڭى مېتودلىرى تېپىلىپ تۇراتتى. دېھقانلارنى ئوقۇتۇش پائالىيەتلىرى «ھەرىچىلىك جەمئىيەتلىرى» ياكى «تەنتەربىيە كۇلۇبلىرى» نىڭ ۋاستىسى بىلەن ئېلىپ بېرىلاتتى. ئۆيلەردە بولسا، پىداكار ئوقۇتقۇچىلار ھەر قاتلام ۋە ھەر ياشتىكى ئوقۇغۇچىلارغا مۇنتىزىم دەرس بېرەتتى. ئەلۋەتتە بۇ ئىشلار، رۇس جاسۇسلار تەرىپىدىن ناھايىتى ئەستايىدىللىق بىلەن كۆزىتىلمەكتە ئىدى ۋە بۇنى دەرس ئوقۇغۇچىلارمۇ، ئوقۇتقۇچىلارمۇ بىلەتتى. ئۇ كۈنلەردە ئاساسەن دېگۈدەك ھەر بىر پولشالىق مەخپىي دەرسلەر يۈزىسىدىن تۇتقۇن قىلىنغان، لاگېرلارغا سۈرگۈن قىلىنغان ياكى ئۆلتۈرۈلگەن تونۇش بىرلىرىنىڭ بىر قانچە ھېكايىسىنى ئارقا ـ ئارقىدىن بايان قىلىپ بېرەلىگۈدەك ھالەتتە ئىدى. بۇ ئەھۋال، پولشا ئەنئەنىسىدە جاسارەتنى ئوقۇتقۇچىلىقنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرىگە ئايلاندۇردى. شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، شۇ كۈنلەردىن تارتىپ پولشالىقلار ئارىسىدا «جاسارەتسىز ئادەم ئوقۇتقۇچى بولالمايدۇ» دەيدىغان بىر قاراش ئورناپ كەتتى.

بۇ جەرياندا، ئوقۇغۇچىلارمۇ ئوقۇتقۇچىلارغا ئوخشاشلا خەۋپ ئاستىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، جاسارەتلىرى ئارقىلىق خەلقنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئوقۇتقۇچىلىق ۋە ئوقۇغۇچىلىق پولشالىقلارنىڭ روھىغا ئىككى مۇقەددەس بايلىق سۈپىتىدە يىلتىز تارتتى. رۇسلارنىڭ نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ ئىككى ئاتالغۇ دۈشمەن چۈشەنچىسىنىڭ ئەڭ مېغىزلىق ئېنىقلىمىسىنى تەشكىل قىلاتتى. يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ بېشىدىكى پولشادا، قولتۇقىغا كىتاب قىستۇرۇۋالغان بىر ياش قىز، بۇ ئېنىقلىمىغا قوراللىق بىر قارشىلىق كۆرسەتكۈچىدىنمۇ بەكرەك چۈشەتتى ۋە دۆلەت قوراللاردىنمۇ بەكرەك كىتابلارنى

قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنى سەپەرۋەر قىلغانىدى. 1911 ـ يىلى سوسنوۋىچ ساقچى مۇدىرىغا بىر جاسۇس تەرىپىدىن سۇنۇلغان دوكلاتتا تىلغا ئېلىنغان مەسىلىلەر، كىچىك بىر يېزىدىكى تەلىم ـ تەربىيە پائالىيەتلىرىنىڭ قانچىلىك «قورقۇنچلۇق» باسقۇچقا بېرىپ يەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى:

ۋەزىيە دائىرەم ئىچىدىكى قانۇنسىز مەكتەپلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك تۆۋەندىكى دوكلاتنى ئالىيلىرىغا تەقدىم قىلىشتىن ئىپتىخارلىنىمەن:

1 ـ نايىبر ئۇستىنىڭ كۈيئوغلى پىرگرىختىنىڭ ئۆيىدە رۇسىيىك ئىسىملىك خەتەرلىك بىر كىشى تەرىپىدىن دەرسلەر ئۆتۈلمەكتە.

2 ـ شچېكاتسىنىڭ ئۆيىدە ئىككى مەخپىي يەھۇدىي مەكتىپى بار. لېكىن، ئوقۇتقۇچىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكى ئېنىقلىنالمىدى.

3 ـ يېرزى مەدەن مەمۇرىنىڭ قىزى مارىيا گورالىسكا، دوختۇرخانىنىڭ ئۇ تەرىپىگە جايلاشقان كوچىدىكى شىركەتكە تەۋە ئۆيىدە دەرس ئۆتمەكتە.

4 ـ مەزكۇر شىركەتنىڭ ۋىسولا كوچىسىدىكى يەنە بىر ئۆيىدە يانىنا دروزدوۋكسا بىلەن سىگلىسى دەرس ئۆتمەكتە.

5 ـ يۇترزىنىسكا ماگىزىنىنىڭ خوجايىنىنىڭ ھامىسى ياكى ئانىسى بولغان ئىسمى نامەلۇم ئايال، ماگىزىنغا تۇتاش ئۆيىدە دەرس ئۆتمەكتە.

دوكلات مۇشۇ تۈردىكى ئون ماددىلىق بىر تىزىملىكنى رەتكە تىزغاندىن كېيىن، تۆۋەندىكى جۈملىلەر بىلەن ئاخىرلىشىدۇ:

«يەنە مۇشۇلارغا ئوخشاش مەن بىلىشكە مۇۋەپپەق بولالمىغان باشقا مەكتەپلەرمۇ بار. بۇلارنىڭ بەزىلىرىدە سانى ئەللىككە يېتىدىغان باللار ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنۈپ دەرس ئالماقتىدۇر.»

نويابىر ۋە يانۋار قوزغىلاڭلىرىنى رۇسلار قانلىق شەكىلدە باستۇردى ۋە ھەر قېتىملىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلۈشكە ئۇرۇنۇش ھەرىكىتىدىن كېيىن پولشاغا قاراتقان نازارىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەنىدى. لېكىن، پولشالىقلارنىڭ ئورگانىك خىزمەت ئۇسۇللىرىدىن كېيىن، ئۇلارنى كونترول قىلىپ تۇرۇش قەتئىي ئاسانغا توختىمىدى. مائارىپ پائالىيەتلىرى رۇسلاشتۇرۇش تىرىشچانلىقلىرىغا ھەرجەھەتتىن قارشى تۇرىدىغان شەكىلدە، رۇسلارنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئالدىدا خەلقنىڭ بارلىق قاتلاملىرىغا كېڭەيمەكتە ۋە بىر قانچە ئون يىل ئىلگىرى پولشانىڭ پۈتكۈل زىيالىيلىرىنى ئۆلتۈرگەن ياكى كىشەنلەپ سىبىرىيەگە سۈرگۈن قىلغان رۇسلار، ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇ كېڭىيىشنىڭ ئالدىنى ئالالمايۋاتاتتى. پولشالىقلار بولسا، تەلىم ـ تەربىيە پائالىيەتلىرىدە ئوبدانلا ئىلگىرىلىگەنىدى. كۈنسېرى يېڭى ئۇسۇللار پەيدا بولاتتى، يېڭى ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش ئورۇنلىرى سەھنىگە چىقاتتى. ئۇچىدىغان ئۇنىۋېرسىتېت بۇلارنىڭ ئەڭ داڭلىقى ئىدى. ئۇنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن، بىر ئەسىر كېيىن كوممۇنىزمنىڭ يىمىرىلىشىغىچە بولغان بىر مۇساپە باشلانغان بولدى.

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇلئەزىز ئاقھۇن (تۈركىيە)

## سۆيگۈ

ئەھمەت سەلچۇك ئىلكان (تۈركىيە)

سۆيگۈ
يېڭى بىر سەپەر
يېڭى بىر دۇنيا
يېڭى بىر شەھەر
تەييار قىل قەلبىڭنى
يولغا چىقمىز سەن بىلەن بىرگە
بەلكى قىسقىغىنا بىر يازغا

بەلكى مەڭگۈلۈككە
كىم بىلەر؟...
مېنىڭ ئاللىقاچان تەييار
قەلەم ـ قەغىزىم
چۈنكى سۆيگۈ
مەن ئۈچۈن يېپيېڭى شېئىر.

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئەركان (تۈركىيە)



# مەن نېمىشقا يازىمەن؟

جورج ئورۋېل (ئەنگلىيە)

*جورج ئورۋېلنىڭ ئەسلى ئىسمى ئېرىك ئارتۇر بولۇپ 1903 - يىلى 6 - ئاينىڭ 25 كۈنى بىھاردا تۇغۇلۇپ، 1950 - يىلى 1 - ئاينىڭ 21 - كۈنى لوندوندا ۋاپات بولغان. ئۇ ئەنگلىيە ئەدەبىياتىنىڭ 20 - ئەسىردىكى داڭلىق قەلەمكەشلەرىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ كۆپ تەسىرىگە ئۇچۇرغان بولۇپ ئەسەرلىرىدە گەۋدىلىك تەسۋىرلەنگەن. ھاياتىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى نامراتلىق ئىچىدە ئۆتكەن. تەتقىقاتچىلار «پارىژ ۋە لوندوندىكى گاداي» ناملىق رومانىدا، ئاپتورنىڭ ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى يازغانلىقىنى تىبخىچە مۇنازىرە قىلىدۇ.*

*جورج ئورۋېل ھاياتى بويىچە ئون كىتاب ۋە نۇرغۇنلىغان ماقالىلەر ئېلان قىلغان بولۇپ «بىر مىڭ توققۇز يۈز سەكسەن تۆت» ناملىق رومانى بىلەن داڭ قازانغان.*

*تۆۋەندە بۇ رومانىنىڭ كىرىش بۆلۈمىدە يېزىلغان بىر ماقالىسىنى تەقدىم قىلدۇق. بۇ ماقالە مەزمۇن جەھەتتىن رومان بىلەن مۇناسىۋەتتى يوق بولۇپ ئاپتور ئايرىم بىر ئەسەر سۈپىتىدە كىتابقا قوشۇپ ئېلان قىلغان.*

بەكمۇ كىچىك چاغلىرىمدىن باشلاپلا، بەلكىم بەش-ئالتە ياش چاغلىرىم بولسا كېرەك، چوڭ بولغاندا ئۆزۈمنىڭ يازغۇچى بولىدىغانلىقىمنى بىلەتتىم. ئون يەتتە يېشىمدىن يىگىرمە بەش يېشىمغىچە بولغان ئارىلىقتا مەن بۇ خىيالىمدىن ۋاز كەچمەكچى بولدۇم، ئەمما بۇنىڭ ئۆز تەبىئىتىمگە ئاسىيلىق قىلىش ئىكەنلىكىنى، ھامان بىر كۈنلەردە قولۇمغا قەلەم ئالىدىغانلىقىمنى بىلىپ تۇراتتىم.

مەن ئۈچ بالىنىڭ ئوتتۇرانچىسى بولۇپ ھەممىمىزنىڭ ئارىسىدا بەش ياشتىن پەرق بار ئىدى. مەن سەككىز يېشىمدىن بۇرۇن ئاتامنى دادامنى كۆرەلمىگەن ئىدىم. بەلكىم مۇشۇ ياكى باشقا سەۋەبلەردىنمۇ تاڭ، يالغۇزلۇقنى خالايتتىم. كېيىنچە مەندە باشقىلار ياقتۇرۇپ كەتمەيدىغان قىلىقلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى، مەكتەپتىمۇ باشقىلار ماڭا بەك يېقىن كەلمەيتتى. مەن بىر تەنھا

باللىنىڭ ئادىتى بار ئىدى، كاللامدا ھېكايىلەرنى توقۇيتتۇم، تەسەۋۋۇرۇمدىكى پېرسوناژلار بىلەن پاراڭلىشىپ كېتەتتىم. مېنىڭچە مېنىڭ ئەدەبىيات غايەم باشتىن باشلاپلا ئۆزۈمنىڭ باشقىلار تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىش ۋە كەمسىتىلىش تۇيغۇم بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن بولسا كېرەك. ئۆزۈمدە بىر خىل تىل تالانتى ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەرگە يۈزلىنىش جاسارىتىم بارلىقىنى بىلەتتىم ۋە بۇنىڭ مېنىڭ ئۆزەل بىر دۇنيارىمنى ياراتقانلىقىنى، مەن بۇ يەردە كۆندىلىك تۇرمۇشۇمدىكى مەغلۇبىيەتلىرىمدىن قاچالايدىغانلىقىمنى ھېس قىلاتتىم. ھالبۇكى، مېنىڭ پۈتۈن باللىق دەۋرىمدە ئەستايىدىل يازغانلىرىم ئەمەلىيەتتە ئاران بىر قانچە ۋاراق چىقاتتى. تۇنجى شېئىرىمنى تەخمىنەن تۆت-بەش ياش چاغلىرىمدا يازغان ئىدىم، ئانام ئۇنى يادلاپ دىكلاماتسىيە قىلىپ بەرگەن ئىدى. ئۇ شېئىرىمنىڭ پەقەت يولۋاس ھەققىدىكى شېئىر ئىكەنلىكىدىن باشقا ھېچنېمىسى ئېسىمدە قالمىغان ئىدى. «ئورۇندۇقتەك يوغان چىشلىق» دەپ ئوخشاتقىنىم ئېسىمدە. خېلى قاملاشقان ئوخشىتىش بوپتىكەن. ئەمما بۇ شېئىرنى بىلىپىكىنىڭ «يولۋاس، يولۋاس» دېگەن شېئىرىغا تەقلىد قىلىپ يازغانغۇ دەيمەن. ئون بىر ياش ۋاقتىمدا بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىدى، ۋەتەنپەرۋەرلىكنى كۈيلەپ يازغان بىر شېئىرىم شۇ يەردىكى بىر گېزىتتە ئېلان قىلىندى. ئىككى يىلدىن كېيىن كىچىنىرنى ئۆلۈمى ھەققىدە يازغان شېئىرىممۇ شۇنىڭدا ئېلان قىلىندى. سەل چوڭ بولغاندا، پات-پات جورجچە ئۇسلۇپتىكى «تەبىئەت شېئىرلىرى» نى يېزىپ باقتىم، ئەمما تولىسى چالا قالاتتى. قىسقا ھېكايىلەرنى يېزىپ باققان بولساممۇ، پەقەت قاملاشمىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە مېنىڭ شۇ يىللاردىكى ئەستايىدىل يازدىم دېگىلى بولىدىغان ئەسەرلىرىم ئىدى.

شۇنداقتىمۇ، مەن شۇ يىللاردا ئەدەبىيات پائالىيەتلىرىدىن نېرى كېتەلمىدىم. باشتا بۇيرۇتما يازمىلارنى يازدىم، گەرچە بۇنداق نەرسىلەرنى يېزىشتىن پەقەت ھۇزۇر ئالالمىساممۇ، تېزلا قولدىن چىقىرىۋېتەلەيتتىم. مەكتەپنىڭ تاپشۇرۇقلىرىدىن باشقا، مەن بەزى ھەجۋى چاچما شېئىرلارنى يازدىم، ھازىر ئويلىسام شۇ چاغدىكى يېزىش سۈرئىتىمدىن ئۆزۈممۇ ھەيران قالىمەن. ئون تۆت ياش ۋاقتىمدا، ئارىستوفانېسقا تەقلىد قىلىپ يازغان بىر درامىنى بىر ھەپتىدىلا پۈتتۈرۈۋەتكەن ئىدىم. شۇ چاغدا يەنە مەكتەپنىڭ ژۇرنىلىنى تەھرىرلىشىپ بېرەتتىم، باسما نۇسخىسىغىمۇ، ئەسلى قولىيازمىسىغىمۇ ئارىلىشاتتىم. بۇ ژۇرنالنىڭ خىزمىتى سىز تەسەۋۋۇر قىلالايدىغان ئەڭ تېتىقسىز، بىمەنە ئىشلارنىڭ بىرى ئىدى. ئەمما ئۇنى ھازىرقى ئەڭ ئەرزان خەۋەر يېزىش خىزمىتىدىن كۆپ قولاي بېجىرىۋېتەتتىم. مانا مۇشۇلار بىلەن بىرلىكتە، مەن ئونبەش يىل ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇنراق مەزگىل پۈتۈنلەي باشقىچە بىر خىلدىكى ئەدەبىيات مەشىقىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنىدىم، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۆزۈم ھەققىدە توختىماستىن «ھېكايە» لەرنى توقۇپ كەلگەن ئىدىم، توغرىسى، بۇلار مېڭەمدىلا ساقلانغان كۈندىلىك خاتىرىلىرىم ئىدى. مەن بۇنداق قىلىشنىڭ ئەمەلىيەتتە بارلىق باللارنىڭ ئادىتى ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتىم. مەن تولىمۇ كىچىك چاغلىرىمدىلا ئۆزۈمنى ئاجايىپ باتۇرانە كەچۈرمىشلىرى بار قەھرىمان روبىنخۇد دەپ تەسەۋۋۇر قىلاتتىم. ئەپسۇس، ئۇزاققا بارمايلا مېنىڭ بۇ «ھېكايە» لىرىم تولىمۇ قاملاشمىغان ئۆز مەپتۇنلۇققا ئايلىنىپ كەتتى، كېيىنچە بارغانسېرى قىلىۋاتقان ۋە كۆرۈۋاتقانلىرىمنىڭ سىدام تەسۋىرىگىلا ئايلىنىپ قالدى. بەزىدە قىسقا دەقىقىلەردە كاللامدىن مۇنداق جۈملىلەر ئۆتۈپ ئۆتەتتى: «ئۇ ئىشىكنى ئاچتى ۋە ئۆيگە كىردى. نېپىز پاختا رەختتىن قىلىنغان پەردىلەردىن ئۆتۈپ كىرگەن ئالتۇندەك قۇياش نۇرى ئۈستەل يۈزىگە چۈشكەن ئىدى. ئۈستەلدە يېرىم ئېچىلغان سەرەڭگە قېپى سىياھ دۈۋتى يېنىدا تۇراتتى. ئۇ قولى يانچۇقىدا ئاستا دەرىزە قېشىغا كەلدى. پەستىكى كوچىدا بىر گۈللۈك مۈشۈك بىر غازاڭنى قوغلاپ يۈرەتتى...» بۇ ئادەت مەن يىگىرمە بەش ياشقا كىرگىچە داۋاملاشتى. بۇلارنى مېنىڭ ئەدەبىي يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانمىغان ۋاقىتلىرىم دېيىشكە بولىدۇ. گەرچە مەن مۇۋاپىق سۆز ئىزدەشكە مەجبۇر بولغان بولغان ئەمەلىيەتتىمۇ ئىزدىگەن بولساممۇ، يازغان تەسۋىرلىرىم خۇددى مەن بىر سىرتقى كۈچنىڭ مەجبۇرلىشى ئاستىدا ئۆز ئىرادەمگە خىلاپ يېزىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. ئەسلەپ باقسام «ھېكايە» لىرىم چوقۇم مەن ئوخشىمىغان يېشىمدا ھەۋەس قىلىپ يۈرگەن يازغۇچىلارنىڭ ئۇسلۇبىنى ئەكس ئەتتۈرگەن ئىكەن. ئېسىمدە قېلىشىچە، بۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىنتايىن ئىنچىكە تەسۋىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى.

مەن ئون ئالتە ياش ۋاقتىمدا تۇيۇقسىز پەقەت سۆزلەرنىڭلا ماڭا ئەكىلىدىغان ھۇزۇرىنى بايقىدىم، تاۋۇشى ۋە سۆزلەرنىڭ بىرىكىشى مېنى ھاياجانغا سالاتتى. تۆۋەندىكى «يوقالغان جەننەت» تىن ئېلىنغان شېئىر:

*شۇنداق قىلىپ ئۇ جاپا ۋە ئېغىر ئەمگەك بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىدى،*

*جاپا-مۇشەققەت ۋە ئېغىر ئەمگەك بىلەن ئۇ.*

*So hee with difficulity and labour hard,*

*Moved on: with difficulity and labour hee.*

هازىر قارىسام ئۇنداق ئىپسىل بىلىنمىسىمۇ، ئەينى ۋاقىتتا ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سالغان ئىدى. مەن he (ئۇ) نى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن hee دېگەن سۆزدىنلا شۇنچىلىك ھۇزۇرلانغان ئىدىم. شۇ چاغلاردىلا تەسەۋۋۇرگە نېمىلەرنىڭ لازىملىق ئىكەنلىكىنى ئاللىبۇرۇن بىلىپ بولغان ئىدىم. شۇڭا شۇ چاغلاردىلا مېنىڭ كېيىن قانداق كىتابلارنى يازىدىغانلىقىم ماڭا ئاللىبۇرۇن ئايان بولۇپ بولغانىدى. مېنىڭ ئاخىرى كۆڭۈلسىز ئاخىرلىشىدىغان زور ھەجىملىك تەبىئەتچىلىك ئېقىمىدىكى رومانلارنى يازغۇم بار ئىدى. بۇ رومان ئىنتايىن ئىنچىكە تەسۋىر، ئادەم ئۇنتۇپ كېتەلمەيدىغان ئوخشىتىشلار، تىلى ئويناق ئابزاسلارغا تولغان بولاتتى. سۆزلەرنى ئاساسەن ئۇلارنىڭ تاۋۇشىغا ئاساسەن تاللايتتىم. ئەمەلىيەتتىمۇ مەن ئوتتۇز يېشىمدا يازغان «بېرمىدىكى كۆنلەر» ناملىق رومانىم دەل مۇشۇنداق بولۇپ، مەن بۇنى بالدۇرلا كاللامدا قۇراشتۇرۇپ بولغان ئىدىم.

مېنىڭ بۇ ئۈچۈرلارنى بايان قىلغانلىقىمنىڭ سەۋەبى شۇكى، مېنىڭچە يازغۇچىنىڭ مۇددىئاسىنى ئۇنىڭ يېتىلىش ئارقا كۆرۈنۈشىنى بىلمەستىن چۈشەنگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ يېزىش تېمىسى ئۇ ياشاۋاتقان دەۋر تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ-ھېچبولمىسا ھازىر بىز ياشاۋاتقان بوران-چاپقۇنلۇق، ئىنقىلابىي دەۋردە تېخىمۇ شۇنداق-ئەمما ئۇ يېزىشتىن بۇرۇنلا ئۆزىمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان بىر ھېسسىي پوزىتسىيىگە ئىگە بولۇپ بولغان بولىدۇ. شۈبھىسىزكى، يازغۇچى ئۆزىنىڭ خۇي پەيلىنى كونترول قىلالىشى، گۆدەك باسقۇچلاردا تۇرۇپ قېلىش، ناچار كەيپىياتلاردىن ساقلىنالىشى كېرەك. ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ئۆچرىغان تەسىرلىرىدىن قېچىپ كەتسە، ئۇنىڭ يېزىش قىزغىنلىقى يوقاپ كېتىدۇ. تىرىكچىلىك غېمىنى قويۇپ تۇرغاندا، مېنىڭچە يازغۇچىلارنىڭ قولىغا قەلەم ئېلىشىدا مۇنداق تۆت چوڭ مۇددىئا بار. ھېچبولمىغاندا، پروزا يېزىقچىلىقىدا تېخىمۇ شۇنداق. بۇلار ھەر قانداق يازغۇچىدا ئوخشىمىغان دەرىجىدە مەۋجۇت بولىدۇ ۋە ئۆزى ياشاۋاتقان زامان-ماكانىنىڭ ئاتموسفېراسىغا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

**1 – نوقۇل ئۆزەمچىلىك**

بۇ دېگەنلىك بىزدىكى باشقىلارغا ئەقىللىق كۆرۈنۈش، باشقىلار گېپىمىزنى قىلىشىدىغان ئادەم بولۇش، ئۆلگەندىن كېيىن ئەسلىنىش، بالىلىقىمىزدا بىزنى كەمسىتكەنلەرگە ئۆزىمىزنى كۆرسىتىپ قويۇش دېگەندەك ھاۋايى-ھەۋەسلىرىمىزنى كۆرسىتىدۇ. بۇلارنى مۇددىئا ئەمەس دېيىش يالغانچىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەمەلىيەتتە ئۇ خېلى كۈچلۈك مۇددىئا. بۇنداق مۇددىئا يازغۇچىلاردىن باشقا، سەنئەتكارلار، سىياسىيونلار، ئادۋوكاتلار، ئەسكەرلەر، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان سودىگەرلەردىمۇ تېپىلىدۇ. قىسقىسى، ئىنسانلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ قالتىس كىشىلەرنىڭ ھەممىسىدە بار. ئىنسانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەمەلىيەتتە شەخسىيەتچى ئەمەس. ئوتتۇز ياشتىن كېيىن، ئۇلار ئاساسەن ئالاھىدە شەخس بولۇش ھەۋىسىدىن كېچىدۇ ۋە باشقىلار ئۈچۈن ياشايدۇ ياكى ئۇششاق ئىشلار ھەلەكچىلىكىدە ئۆتۈپ كېتىدۇ. بىراق يەنە ئاز ساندىكى تالانتلىق، نەپسى يوغان كىشىلەر ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار شۇ غايە ئۈچۈن ياشايدۇ، يازغۇچىلار دەل مۇشۇ قاتاردىندۇر. شۇنداق دېيەلەيمەنكى، ئەستايىدىل يازغۇچىلارنىڭ تولىسى گەرچە پۇلغا بەك ھەۋەس قىلىپ كەتمىسىمۇ، مۇخبىر-ژۇرنالىستلارغا قارىغاندا كۆپ شەخسىيەتچى كېلىدۇ.

**2 – ئىستېتىك قىزغىنلىق**

بۇ تاشقى دۇنيادىكى گۈزەللىكنى ھېس قىلىش، ياكى باشقىچە ئېيتقاندا سۆزلەر ۋە ئۇنىڭ نەپىس ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدىكى گۈزەللىكنى ھېس قىلىشنى، شۇنداقلا تاۋۇشلاردىن، ياخشى پروزا ۋە ھېكايىلەرنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى پۇختىلىق ۋە رېتىمدىن كەلگەن ھۇزۇرنى كۆرسىتىدۇ. ئادەملەرنىڭ ئۆزى ھېس قىلغان تەجرىبىلىرىنى ئورتاقلاشماقچى بولۇشى نەزەردىن ساقىت قىلىنسا بولمايدىغان قىممەتلىك ئىشتۇر. ئەمما نۇرغۇن يازغۇچىلار بۇ مۇددىئا بەكلا ئاجىز بولىدۇ، ۋەھالەنكى، تەشۋىقات قوللانمىسى ياكى دەرسلىك تۈزىدىغانلاردىمۇ بىرەر ئەمەلىي مەنپەئەتنى مەقسەت قىلماستىن، پەقەت ئۆزىگە ياققانلىقى ئۈچۈنلا سۆز، بىرىكمىلەرنى تاللايدىغان ئىشلارمۇ بولىدۇ. بەلكىم ئۇلاردا بەتنىڭ تىزىلىشى، قويۇلىدىغان بوشلۇقلارنىڭ قانداق بولۇشى دېگەنلەردىمۇ ئالاھىدە

تەلەپلىرى بولۇشى مۇمكىن. تۆمۈر يول يېتەكچىسى دېگەندەك كىتاپلاردىن باشقا ھەرقانداق كىتاپتا چوقۇم بەلگىلىك ئىستېتىك مۇددىئالار بولىدۇ.

### 3 – تارىخ مۇددىئاسى

بۇ يازغۇچىلاردىكى ۋەقە ـ ھادىسىلەرنى ئەسلى ھالىتىدە كۆرۈش، ھەقىقىي پاكىتلارنى تېپىپ چىقىپ، كېيىنكىلەرگە قالدۇرۇپ قويۇش ئىستىكىنى كۆرسىتىدۇ.

### 4 – سىياسىي مەقسەت

مەن بۇ يەردە «سىياسىي» دېگەن ئىبارىنى ئەڭ كەڭ مەنىدە قوللاندىم. بۇ يازغۇچىلاردىكى دۇنيانى مەلۇم يۆنىلىشكە قاراپ ئىتتىرىش ۋە كىشىلەرنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتكە بولغان تونۇشىنى ئۆزگەرتىش ئارزۇسىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنى تەكىتلەيمەنكى، سىياسىي خاھىشتىن خالىي كىتاپ يوق. سەنئەتنىڭ سىياسىي بىلەن ئالاقىسى بولماسلىقى كېرەك دېگەن قاراشنىڭ ئۆزى بىر سىياسىي قاراشتۇر.

بۇ ئوخشىمىغان مۇددىئالارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن قانداق توقۇنۇشۇپ قالىدىغانلىقىنى، ئوخشىمىغان ئادەملەر ۋە ئوخشىمىغان ۋاقىتقا قاراپ قانداق ئوخشاشمايدىغانلىقىنى كۆرۈش تەس ئەمەس. تەبىئىتىمدىن ئېيتقاندا ـ تەبىئىتىم دېگىنىم ئەمدى قۇرامىغا يەتكەن چاغدىكى تەبىئىتىمنى دېمەكچىمەن ـ مەندە تۆتىنچىسى ئالدىدىكى ئۈچىنى بېسىپ چۈشىدىكەن. تىنچ دەۋرلەردە بەلكىم مەن پاساھەت ـ بالاغەتنىلا قوغلىشىپ يۈرۈشۈم، ياكى پەقەت بايان ـ تەسۋىر ئەسەرلىرىنىلا يېزىشىم مۇمكىن، ھەتتا ئۆزەمنىڭ سىياسىي خاھىشىمنىمۇ بىلەلمەي يۈرۈشۈممۇ مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، مەن دەل تەشۋىقات قوللانمىسى يازىدىغانلارغا ئايلىنىپ قېلىۋاتىمەن. دەسلەپتە، مەن ئۆزەمگە ماس كەلمەيدىغان خىزمەتتە بەش يىل بولدۇم (بىرمىدىكى ھىندىستان ئىمپېرىيە ساقچىلىق خىزمىتىمنى دېمەكچىمەن). كېيىن نامراتلىقتا پېتىپ قالدىم ۋە مەغلۇبىيەت تۇيغۇسى ئىسكەنجىسىدە ياشىدىم. بۇ كەچمىشلەر مېنىڭ ھوقۇق ـ نوپۇزغا بولغان نەپرىتىمنى كۈچەيتىۋەتتى ۋە ماگا ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ھەقىقەتەن مەۋجۇتلىقىنى تۇنجى قېتىم تولۇق ھېس قىلدۇردى. بىرمىدىكى خىزمەتمۇ ماگا جاھانگىرلىكنىڭ ماھىيىتىنى مەلۇم دەرىجىدە تونۇتتى: ئەمما بۇ كەچمىشلەر ماگا توغرا بىر سىياسىي مەيدان كۆرسىتىشكە يەنىلا يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. كېيىن گىتلېر چىقتى، ئىسپانىيە ئىچكى ئۇرۇشى پارتلىدى، ۋە باشقا ئىشلار بولۇپ ئۆتتى. 1935 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە مەن يەنىلا كەسكىن بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتاتتىم. شۇ چاغلاردا مېنىڭ ئەنە شۇ ئىككىلىنىشىمنى ئىپادىلەيدىغان مۇنداق شېئىرنىمۇ يازغانىدىم:

پوپ بولاتتىم بەلكى خۇشال ـ شادىمان
بولسام ئىدىم ئىككى ئەسىر مۇقەددەم
ۋەز ئېيتاتتىم ئاخىرەتتىن توختىماي
پەرۋىش قىلغاچ ياڭاق دەرىخىمنى ھەم.

ئەپسۇس، مۇدھىش بىر زاماندا تۇغۇلۇپ،
مەھرۇم بولدۇم ئۇنداق شانۇ ـ شەرەپتىن.
دۈشمەن بولدى ئۆسۈپ چىققان بۇرۇتمۇ،
ھەممە پوپلار پاكىز قىرغان سەۋەپتىن.

كېيىن ئۆتتى يامان ئەمەس بىر زامان،
كۆڭلىمىزنى خۇش قىلاتتى بەك ئاسان.
ئۇخلار ئىدى ئىسيانكار خىياللار،
دەرەخلەرنىڭ قۇچىقىدا خىرامان.

نادانلىقتىن تارتىنمايتتۇق قىلچىمۇ،
خۇشاللىقنى يوشۇراتتى قەلبلەر.
ئالمىلىقتا سايراپ قويغان قۇشتىنمۇ،
بىسەرەمجان بوپكېتەتتى رەقىپلەر.

ئەمما لېۋەن، نازۇك بەدەن گۈزەللەر،
كۈمۈش ئۈرۈك، ئېرىقتىكى سۈۋەرەك.
ئارغىماقلار كۆكتە سەپ ـ سەپ ئۆردەكلەر،
چۈشلىرىمدە باغلىرىمنى كەزگۈدەك.

ئۈششۈك تەگدى كېيىن شېرىن چۈشكىمۇ،
ئىمجان بولدى شاتلىقىمىز پىنھاندا.
مىنىۋالدى پەتەك، سېمىز ئادەملەر،
تۆمۈر تەنلىك، ئالتۇن ھەللىك ئاتلارغا.

مەن بەئەينى يولدىن ئازغان كىچىك قۇرت،
مەن بىر ئاغۋات، تېنەپ يۈرگەن ھەرەمسىز.

يۇگىن ئارام (ئادەم ئىسمى)كەبىي سەرسان بىچارە،
پوپ، كومىسسار ئالدىدا يار-يۆلەكسىز.

ھەر ياگرىسا رادىئونىڭ ساداسى،
كومىسسار ئۇ خۇش بىشارەت بېرەتتى.
پوپ ھەدىيە قىلغان ئۇستىن يەتتىنىڭ،
پۇلىسىنى دۇگېي كېلىپ تۆلەيتتى.

چۈشلىرىمدە دائىم مەرمەر زالدىمەن،
بولسا دەيمەن چۈشلىرىمدەك ئوگۇمۇ.
ئەمما ماگا كەلمىگىدەك بۇ تەلەي،
سىمىسقىمۇ، جونېسقىمۇ، سىزگىمۇ.

ئىسپانىيە ئۇرۇشى ۋە 1936-يىلدىن 1937-يىلغىچە بولغان ۋەقەلەر ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتتى ۋە قەيەردە تۇرۇشۇم كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈپ قويدى. 1936-يىلدىن كېيىن مەن ئەستايىدىل يازغان ئەسەرنىڭ ھەر بىر قۇرىدا بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق ھاكىممۇتلەقلىققە قارشىلىقىمنى، شۇنداقلا، ئۆزۈم چۈشەنگەن دېموكراتىك سوتسىيالىزمغا بولغان قوللىشىمنى ئىپادىلەپ كەلدىم. بىزنىڭكىدەك بىر دەۋردە، بۇنداق تېمىلاردىن چەتنەپ ئۆتۈپ كېتىش، ماڭا تەسەۋۋۇرۇمغا قەتئىي سىغمايدىغان بىمەنىلىك بىلىنىدۇ. ھەممەيلەن ئۇنداق ياكى مۇنداق نىقاپتا بۇلارنى يېزىۋاتىدۇ. بۇ پەقەت ئادەمنىڭ مەيدانى ۋە يېزىش ئۇسۇلى مەسىلىسىدىنلا ئىبارەت خالاس. ئادەم ئۆزىنىڭ سىياسىي خاھىشىنى قانچە ئېنىق بىلسە، ئىستېتىك زوقى ۋە ئىلمىيلىكىنى قۇربان قىلماي تۇرۇپمۇ، سىياسىي مەزمۇندا يازالايدۇ.

ئۆتكەن ئون يىل ئىچىدە، مەن ئەڭ كۆچىگەن ئىش سىياسىي يېزىقچىلىقنى سەنئەتكە ئايلاندۇرۇشتۇر. مېنىڭ چىقىش نۇقتام ئىزچىل پارتىيىۋىي مەيدان ۋە ئادالەتسىزلىك تۇيغۇسى بولۇپ كەلدى. مەن يېزىشقا تۇتۇنغىنىمدا ھەرگىزمۇ ئۆزۈمگە «مەن بىر سەنئەت ئەسىرى يېزىۋاتىمەن» دېمەيمەن. مەن يالغانلارنى پاش قىلىش، مەسىلىلەرگە باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قارىتىش ئۈچۈن قەلەم ئالىمەن، مېنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنىم بۇ سادايىمنى باشقىلارغا ئاڭلىتىشتۇر. شۇنداقتىمۇ، ئەگەر يازىدىغىنىم مەن ئۈچۈن بىر ئىستېتىك كەچمىش بولالمىسا، مەن كىتاب ئەمەس، ئۇزۇنراق بىرەر ماقالە ئۈچۈنمۇ قولۇمغا قەلەم ئېلىپ ئولتۇرمايمەن. ئەسەرلىرىمنى ئەستايىدىلراق ئوقۇغانلار بايقىغان بولۇشى مۇمكىن، مېنىڭ پۈتۈنلەي سىياسىي تەشۋىقات ماقالىلىرىمدىمۇ، سىياسىيونلارنىڭ نەزىرىدە تېمىدىن مىلك چاقىرىم يىراق سانىلىدىغان جۈملىلەر بار. باللىقىمدا شەكىللەنگەن دۇنيا قارىشىمنى ھەرگىزمۇ پۈتۈنلەي تاشلىۋەتكۈم يوق، ھەم تاشلاي دېيىمۇ تاشلىيالمايمەن. ئىشقىلىپ ھاياتلا بولىدىكەنمەن، پروزىغا بولغان كۈچلۈك قىزغىنلىقىمنى ساقلايمەن، تەبىئەتكە بولغان مۇھەببىتىمدىن ۋاز كەچمەيمەن، يەنىلا كونكېرت، ماددىي شەيئىلەرنى، ئۇششاق، كېرەكسىز ئۇچۇرلارنى يېزىشتىن ھۇزۇر ئالىمەن. ئۆزۈمنىڭ بۇ تەرىپىنى بېسىشىمنىڭ ھېچ ھاجىتى يوق. بۇ خىزمەت مېنىڭ تۇغما ئۆچ-ئامراقلىرىمنى، بۇ دەۋر ھەممىمىزگە يۈكلىگەن ئاممىۋى مەسىلىلەر بىلەن ئوبدانلا كېلىشتۈرىدۇ.

بۇ ئاسان ئەمەس. بۇ ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە تىلى ھەققىدە مەسىلە پەيدا قىلىدۇ، يەنە چىنلىق مەسىلىسىنىمۇ يېڭىچە تەرزدە كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەن بۇنداق قىيىنچىلىق ھەققىدە بىر مىسال كەلتۈرەي: مېنىڭ ئىسپانىيەنىڭ ئىچكى ئۇرۇشى ھەققىدىكى «كاتالونىيەگە سالام» دېگەن كىتاۋىم ئوچۇقلا بىر سىياسىي ئەسەر. ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ كىتاپنى يازغاندا ئامال بار بىتەرەپ مەيداندا تۇرۇپ، شۇنداقلا قۇرۇلمىسىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ يازدىم. بۇ ئەسەردە ئۆزۈمنىڭ ئەدەبىي تەبىئىتىمگە خىلاپلىق قىلماستىن، چىنلىقنى ئەينەن يەتكۈزۈشكە ناھايىتى تىرىشتىم. بىراق، كىتاپنىڭ ئۇزۇن بىر بابى پۈتۈنلەي گېزىتلەردىن ئېلىنغان خەۋەر-پاكىتلار بىلەن توشتى، يەنە فرانكو بىلەن تىل بىرىكتۈردى دەپ قارىلانغان تروتسكىچىلارنى ئاقلىدىم. ئېنىقكى، بىر-ئىككى يىلدىن كېيىن، بۇ باپنىڭ ھەر قانداق ئوقۇرمەنگە بولغان قىزىقتۇرۇش كۈچى قالمايدۇ، بەلكىم كىتاپنى ئوتقا تاشلىۋېتىشى مۇمكىن. مەن ھۆرمەتلەيدىغان بىر تەنقىدچى بۇ ھەقتە ماڭا ۋەز ئېيتتى: «نېمىشقا بۇ نەرسىلەرنى كىرگۈزۈپ قويدۇڭ؟ سەن ئېسىل ئەسەر بولىدىغان بىر كىتاپنى خەۋەرگە ئايلاندۇرۇپ قويۇپسەن». ئۇنىڭ دېگىنى ھەقىقەتەن توغرا. ئەمما مەن ئۇنى باشقىچە يازالمايتتىم. مەن ئەنگلىيەدىكى ئىنتايىن ئاز ساندىكى بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭلا بۇ يەردىكى بىگۇناھ ئادەملەرنىڭ ناھەق قارىلانغانلىقىنى بىلىشكە مۇۋەپپەق ئىكەنلىكىنى بايقاپ قالدىم. ئەگەر بۇ ئىشتا غەزەپلەنمىگەن بولسام، بۇ كىتاپنىمۇ يېزىپ يۈرمىگەن بولاتتىم.

بۇخىل مەسىلە ئۇنداق ياكى مۇنداق

شەكىلدە يەنە يۈز بېرىدۇ. تىل مەسىلىسى بەكلا نازۇك مەسىلە. ئۇنى مۇلاھىزە قىلىش ئۇزۇن ۋاقىت ئالىدۇ. پەقەت شۇنى دېيەلەيمەنكى، كېيىنكى يىللاردا مەن يېزىقچىلىقتا تەسەۋۋۇرغا قارىغاندا توغرىلىقا بەكرەك ئەھمىيەت بەردىم. ئادەم مەلۇم يېزىقچىلىق ئۇسلۇبىدا ۋايىغا يەتكەندە، چوقۇم يەنە ئۇ ئۇسلۇپتىن ھالقىپ كېتىدىكەن. «ھايۋانلار قورۇقى» نى يازغىنىمدا نېمە يېزىۋاتقىنىم كاللامدا بەكلا ئېنىق ئىدى. ئۇنىڭدا مەن تۇنجى قېتىم ئۆزۈمنىڭ سىياسىي مەقسىدى بىلەن سەنئەت غايەمنى بىرلەشتۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ كۆردۈم. مەن يەتتە يىلنىڭياقى بىرمۇ رومان يازمىدىم. پات يېقىندا بىرنى يازسام دېگەن ئۈمىدتىمەن. بۇنداق يېزىش چوقۇم مەغلۇبىيەتلىك بولىدۇ. ھەر بىر كىتابىم مەغلۇپ بولىدۇ دەپ قارايمەن. ئەمما ئۆزۈمنىڭ قانداق بىر كىتاپ يېزىۋاتقىنىم ھەر دائىم ماڭا ئېنىق بولۇپ كەلدى.

يېزىپ بولغان بۇ بىر قانچە بەتكە قايتا قاراپ باقسام، مېنىڭ يېزىش مۇددىئايىمنىڭ مەلۇم ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتتىن كېلىۋاتقانلىقىنى ئۇقتۇرغاندەك قىلىمەن. ئەمما بۇنىڭ مەن ھەقتىكى ئاخىرقى تەسىرات بوپقېلىشىنى خالىمايمەن. بارلىق يازغۇچىلار شۆھرەتخور، شەخسىيەتچى، ھورۇن كېلىدۇ، مۇددىئاسىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدە بىلىپ بولمايدىغان سىرلار ياتىدۇ. بىر كىتاپ يېزىش تولىمۇ قورقۇنچلۇق، ئادەمنىڭ جۇلىقىنى چىقىرىۋېتىدىغان بىر قىينىلىشتۇر. بۇ خۇددى بىر ئازابلىق كېسەلنىڭ ئاغرىقىنى چەككەنگە ئوخشايدۇ. ئادەم بۇنداق ئىشقا ئۆزى قارشىمۇ تۇرالمايدىغان، ھەم چۈشىنەلمەيدىغان بىر شەيتاننىڭ كەينىگە كىرمىگىچە ئالدىنى قىلالمايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ شەيتان بوۋاقنى تۇغۇلۇپلا باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىش ئۈچۈن يىغلاتقان تۇغما تەبىئەتنىڭ ئۆزى شۇ. شۇنداقتىمۇ، ئادەم يەنىلا ئۆزىنىڭ بەزى خۇي-تەبىئىتى بىلەن قارشىلىشىپ تۇرمىسا، ئادەملەر ئوقۇغىدەك بىر نەرسە يازالمايدۇ. ياخشى پىروزا ئەسىرى خۇددى دەرىزىنىڭ ئەينىكىگە ئوخشايدۇ. مەن ئۆزۈمدىكى قايسى مۇددىئانىڭ كۈچلۈكلۈكىگە بىر نېمە دېيەلمەيمەن، ئەمما قايسىسىنىڭ ئەگىشىشكە ئەرزىيدىغانلىقىنى بىلىمەن. يازغان ئەسەرلىرىمگە قايتا باققىنىمدا، سىياسىي مەقسىدىم يوق ئەسەرلىرىم پەقەت يالتىراق ئابزاسلارغا، مەنىسىز جۈملىلەرگە، قۇرۇق پاساھەت ۋە يالغانغا توشقان جېنى يوق بىر نېمە بوپقاپتۇ.

ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇرېھىم دۆلەت (تۈركىيە)

# ئائىلىگە خەت

(بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ خېتى...)

ھېچكىم ھېچكىمگە ياشاشنى ئۆگەتەلمەيدۇ. بالىڭىزغا ھاياتنى تەييار بىر رېتسېپ ھالىتىدە سۇنالمايسىز. بالىڭىزنىڭ ھايات يولىنى سىزالمايسىز. ئۇنىڭغا پەقەت ئۆز يولىنى سىزالايدىغان بىر خەرىتە بېرەلەيسىز.

سۆيگۈنىڭ چوڭدىن كىچىككە، ھۆرمەتنىڭ كىچىكتىن چوڭغا قارىتىلىشى توغرا ئەمەس. چوڭنىڭ كىچىككە كۆرسەتكەن ھۆرمىتى، كىچىككە ئەدەپلىك بولۇشنى ئۆگىتىدۇ. بالىغا ھۆرمەت دېگەنلىك، ئۇنىڭ مۇستەقىل بىر مەۋجۇتلۇق ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىش دېمەكتۇر.

ئارتۇقچە سۆيگۈنىڭ بالىڭىزغا بىر زەرەرى يوقتۇر. زەرەرلىك بولغىنى خاتا سۆيگۈدۇر. بالىڭىزغا بىر تالاي نەرسىنى شەرت بىلەن بەرسىڭىز

بولىدۇ. لېكىن سۆيگۈڭىز «شەرتلىك» ئەمەس «مىننەتسىز» بولۇشى كېرەك. بالىڭىزنى زىيادە سۆيگۈگە لايىق ئەمەس دەپ ئويلىغان چېغىڭىزدا، سۆيگۈگە مۇھتاجلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

باللىرىڭىزغا بېرەلەيدىغان ئەڭ قىممەتلىك سوۋغا ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ۋاقىت چىقىرىشىڭىزدۇر.

كەڭ قورساقلىق، بالىڭىزنى سىزنىڭ ئارزۇ قىلغىنىڭىزدەك ئىش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. كەڭ قورساقلىق ئالدىمىزدىكىلەرنى بىز ئويلىغىنىمىزدەك ئىش قىلىشقا زورلاش ئەمەس، ئۆزى ئويلىغاندەك بولۇشىغا ئىمكان بېرىشتۇر. كەڭ قورساقلىق بىلەن چوڭ بولغان باللار سەۋرچان ۋە كەڭ قورساق بولۇشنى ئۆگىنىدۇ.

بالىڭىزغا نەسىھەت قىلغاندىن ئۈنىڭغا ئۈلگە بولۇڭ. خۇش پېئىللىق، قولى ئوچۇقلۇق، سەممىيلىك پەقەت باشتىن كەچۈرۈپ ئۆگىتىلىدۇ. ئالايلۇق: بىر ساتارمەننىڭ سىزگە ئوشۇق قايتۇرغان پۇلنى جەزمەن بالىنىڭ ئالدىدا قايتۇرۇپ بېرىڭ. بالىڭىز قاچىسىدىكى تاماقنى يەپ بولالماي قالسا، تۆگىتىشكە زورلاشنىڭ ئورنىغا، يېرىمىنى يېيىشىنى ئېيتىڭ. بەلكىم، يېرىم قاچا تاماقنى ئاز يەيدۇ، ئەمما ئۈنىڭ ئورنىغا يول قويۇش دېيىلىدىغان، شۇنداقلا ھاياتنى ياشىغۇدەك ھالغا كەلتۈرىدىغان بىر خاراكتېرگە ئېرىشىش يولىدا مۇھىم بىر قەدەم باسىدۇ.

بالىڭىزنى ئۆزگەرتەلمەيسىز. ئۇنى پەقەت ئۆزگىرىش ئۈچۈن غەيرەتكە كەلتۈرەلەيسىز، رىغبەتلەندۈرەلەيسىز. بالىڭىزنى ئۆزگەرتىشكە ئورۇنۇش ئۇنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغانغا ئوخشايدۇ. ئارزۇ قىلغىنىڭىزنى روياپقا چىقارغىنىڭىزنى ئويلىغان پەيتتە، ئاستىڭىزدا قالغۇچىنىڭ كۇكۇم ـ تالقان بولغىنىنى بايقايسىز. بالىڭىزدا بولمىغان ئالاھىدىلىكلەرگە كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلغانىنىڭ ئورنىغا، بار بولغانلىرىدىن سۆيۈنۈڭ.

تەربىيە توغرىنى سۆزلەش ئەمەس، توغرىنى قىلىشتۇر. بالىڭىزغا بېرىدىغان تەربىيەنىڭ مەقسىتى ئۇنىڭ مەسئۇلىيەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش ۋە ۋايىغا يەتكۈزۈشكە شارائىت يارىتىشتۇر.

تەقدىرلەنگەن ۋە ماختالغان باللار ئاتا ـ ئانىلىرىنى ۋە دوستلىرىنى تەقدىرلەشنى ئۆگىنىدۇ. ئاتىلىرىمىز «تاج كىيگەن باش ئەقىل تاپار» دەپتىكەن. بالىڭىزغا كىچىك مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئالدىدا ئىلھامبەخش سۆيەتلەر بىلەن يېقىنلاشسىڭىز ئەڭ چوڭ خەزىنە بولغان ئۆزىگە ئىشەنچ تۇيغۇسىغا ئېرىشتۈرەلەيسىز.

دۇنياغا ئۇنىڭ كۆزىدە بېقىشقا تىرىشىڭ. كۆرىسىزكى، بەكرەك كۈلىدىغان، بەكرەك سەممىي مۇئامىلە قىلىدىغان، بەكرەك ھەۋەسلىك، بىر تەرەپلىمىلىكتىن بەكرەك خالىي، بەكرەك كەسكىن بولۇپ قالىسىز.

ئىشلىتىش قوللانمىسى يوق ئىشلىتىدىغان بىردىنبىر تەئەللۇقاتىمىز بالىمىزدۇر.

ئەگەر بىر كۈنى يولىڭىزدىن ئازسىڭىز، بىر بالىنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە قاراڭ. چۈنكى بىر بالىدا بىر چوڭغا ھەرۋاقىت ئۆگىتەلەيدىغان ئۈچ نەرسە باردۇر: سەۋەبسىز يەرگە خۇش بولماق، ھەرۋاقىت ھەپىلىشىدىغان بىر نەرسە تاپالماق ۋە قىلغۇسى بار ئىشتا كۈچىنىڭ بارىچە چىڭ تۇرماق.

پەزىلەتلىك تەربىيە ئىنسانغا ھۆرمەت بىلەن باشلىنىدۇ. پەزىلەتلىك، بىلىملىك، غورۇرلۇق ئىنسانلارنىڭ ئائىلىسى، كوچىسى، مەھەللىسى ۋە مىللىتى تېخىمۇ پەزىلەتلىك بولىدۇ. پەزىلەتلىك تەربىيە بىلەن تەربىيەلەنگەن ئىنساننىڭ بولۇشى بەختىنىڭ ھەم مەنبەسىدۇر.

خۇشۋاق بولۇڭ، سۆيگۈلۈك بولۇڭ.

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: دىلمۇرات ئابدۇقەييۇم (تۈركىيە)
2018 ـ يىل 6 ـ فېۋرال



# كېرەمگە ئوخشاش

نازىم ھىكمەت (تۈركىيە)

*تۈرك شېئىرىيىتىنىڭ مەشھۇر سىمالىرىدىن بىرى بولغان نازىم ھىكمەت،1902 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 15 كۈنى گرېتسىيەنىڭ سېلانىك (ئۇ ۋاقىتلاردا گرېتسىيە ئوسمان ئىمپېرىيەسىگە تەۋە ئىدى) شەھىرىدە تۇغۇلۇپ، 1963 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى موسكۋادا 61 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ ئوقۇغان قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ چۈشەنچىسى ۋە خاراكتېرى جەھەتتىن تۈركىيە تارىخ ۋە سىياسىتىدە مۇھىم يەر ئالدى. بۇ سەۋەبتىن ئۇزۇن قېتىم تۈرمىلەرگە قامالغان ھەتتا تۈركىيەدىن سۈرگۈن قىلىنغان. ھايات ۋاقتىدا ئېلان قىلالمىغان بەزى ئەسەرلىرى كېيىنكى ۋاقىتلاردا نەشر قىلىنغان. «تاغلارنىڭ ھاۋاسى»، « 835 قۇر» ، «مىللىي غۇرۇر» ئەسەرلىرىدىن پەقەتلا بىرقىسمى...*

قوغۇشۇندەك ئېغىر ھاۋا بار

ۋار

ۋار

ۋار

ۋارقىراۋاتىمەن

چىپىڭلار

قوغۇشۇننى ئېرىت ـ

ـ ىشكە

چاقىرىۋاتىمەن.

ئۇ دەيدۇكى ماڭا:

ۋارقىراپ جارقىراپ كۆيۈپ كېتىسەن

كېرەمگە ئوخشاش

كېرەم تۈرك خەلق ھېكايىلىرىدىن « كېرەم بىلەن ئاسلى» ناملىق مۇھەببەت ھېكايىسىدىكى باش قەھرىمان. ئۇ سۆيگەن يارى ئاسلىنىڭ ئىشقىدا كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتكەن. ـ ت.

يانا
يانا
دەەەرت
كۆپ
ھەمدەرد
يوق
يۈرەك ـ
ـ لەرنىڭ
قۇلاق ـ
ـ لىرى
ساغىر
ھاۋا قوغۇشۇندەك ئېغىر
مەن دەيمەنكى ئاگا:
كۆل بولاي
كېرەمگە ئوخشاش
كۆيە
كۆيە
مەن كۆيىمىسەم
سەن كۆيىمىسەڭ
بىز كۆيىمىسەك
قانداق چىقىدۇ
قاراڭغۇلۇق ـ
ـ لار
يورۇقلۇق ـ
ـ قا
ھاۋا تۇپراققا ئوخشاش بوغاز
قوغۇشۇندەك ئېغىر ھاۋا بار
ۋار
ۋار
ۋار
ۋارقىراۋاتىمەن

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئالىمجان ئىنايەت (تۈركىيە)



# شېئىرلار

توماس ترانستروٚمېر (شىۋېتسىيە)

توماس ترانستروٚمېر شىۋېتسىيەنىڭ داڭلىق شائىرى، ئۇ 1931 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ستوكھولۇمدا تۇغۇلغان، 2015 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ستوكھولۇمدا ۋاپات بولغان. 2011 ـ يىلى «نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن. ئۇ بۇنىڭدىن سىرت «سكاندىناۋىيە ئەدەبىيات مۇكاپاتى»، «نېۋشتاد ئەدەبىيات مۇكاپاتى»، «دېنىوس ئەدەبىيات مۇكاپاتى» قاتارلىق مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭدىن 13.6 مىليون كرون قىممىتىدىكى مال ـ مۈلۈك قالغان بولۇپ، توماس ترانستروٚمېر نامىدا بىر ئەدەبىيات مۇكاپاتى تەسىس قىلىنغان.

## ئەسلىمە كۆرمەكتە مېنى

ئويغىنىشقا، لېكىن كىيىنلىك قىلاتتى قايتا ئۇخلاشقا.
مەن چوقۇم چىقىشىم كېرەك ياپ ـ يېشىل
ئەسلىمىدىن، نەزەر تاشلار ئىدى ئەگىشىپ ئۇلار ماڭا.
ئۇلار كۆرۈنمەيتتى، ئېرىپ بىرلىشىپ كەتكەنئىدى
ئارقا كۆرۈنىشكە، گۈزەل خامىلىيون.
ئۇلارنىڭ شۇنچە يېقىنلىقىدىن ئاڭلايتتىم نەپەسلىرىنى
قۇشلارنىڭ سايراشلىرى گاس قىلغانىدى مېنى.

## دەرەخ ۋە ئاسمان

ماگاتتى بىر دەرەخ ئايلىنىپ يامغۇر ئارا ،
ئالدىراپ ئۆتمەكتە ئالدىمىزدىن نەملەنگەن كۆلرەك،
بىر ئىش بار ئۇنىڭدا. ئۇ يامغۇردىن ھايات ئالار
خۇددى مېۋىلىك باغدىكى قارا قۇشتەك.
يامغۇر توختىغاندا توختىدى دەرەخ،
ئۇ غۇۋادۇر تۈز، جىمجىت كېچىلەردە
ساقلىماقتا بىزدەك بىر پەيتنى
قار گۈللىرى ئۆرلىگەندە بوشلۇققا.

## قار بوران

قىستاڭ بولار قەبرىستانلار بارغانچە
خۇددى يول بەلگىسى تاختايلىرىدەك
يېقىنلاشقانچە شەھەرگە،
مىڭلىغان كىشلەر كۆز قىسماقتا
بۇ ئۇزۇن، ئورمانلىق دۆلەتتە.
بىر كۆرۈك سىلىنماقتا
ئاستاغىنا
ئۇدۇل ئەرشكە.

## ئىزمىر سائەت ئۆچتە

بوش قالغان كوچىنىڭ ئالدىدا
ئىككى تىلەمچى، بىرى توكۇر-
ئۇ مۆككەن ئىدى يەنە بىرىنىڭ ئارقىسغا.
تۇراتتى ئۇلار يېرىم كېچىدە خۇددى بىر ھايۋان كەبى
كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، قاراپ ماشىنىنىڭ چىرىقىغا
بىردەمدىن كېيىن مېڭىشتى ئۆز يولىغا
خۇددى مەكتەپ ھويلىسىدا كېتىپ بارغان ئوغۇل بالىدەك
تىزلا ئۆتتى كوچىدىن كېچىنىڭ ئىسسىقىدا
ساناقسىز سائەتنىڭ بوشلۇقتىكى چىكىلدىشىدا.
كۆك رەڭ قىزىل رەڭنى سىيپاپ ئۆتتى شۇنچە پارلاق.
قارا رەڭ ئاۋايلاپ ۋە قىسقىراپ قارىدى تاشتىن.
بوران ئۇردى ئاق رەڭ كۆزىدە.
ئات تۇيۇقىدا دەسسەلدى سائەت ئۆچتە
قاراڭغۇلۇق بۆسۈپ كىردى يورۇقلۇقنىڭ تېمىغا
شەھەر سۇزۇلۇپ ياتاتتى دېڭىزنىڭ ئىشىكىدە
پارلايتتى تازقارانىڭ قوش دۇربۇنىدا.

شىۋېتچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت (شىۋېتسىيە)



# دىۋانى ھېكمەتتىن پارچە

## 19 - ھېكمەت

ئەخمەت يەسەۋى (قازاقىستان)

قۇدرەت بىرلە ھەقتىن سىزگە پەرمان كەلدى،
تەگسىز دېڭىز ئىچرە يىگانە چۈشتۈم دوستلار.
ئۇ دېڭىزگە قادىر ئاللا پەرمان ئەيلەپ،
ئەلھەمدۇلىللاھ، ساق سالامەت چىقتىم دوستلار.
يېشىم يەتتى، ئۆمرۈم تۈگەپ كۆككە ئۇچتۇم،
باغرىم تاشتى، ئەقلىم ئازدى، يەرگە چۈشتۈم،
نەفسى، شەيتان بىرلە ئۇزۇن زامان ئۇرۇشتۇم،
سەبىر، رىزا ماقامىنى ئاشتىم دوستلار.
توققۇزىدا ئارلاشتىم مەن، چىقىلمىدىم،
ئون يېشىمدا ئۇلۇغ تەرەپكە ئۆرۈلمىدىم،
ئون بىرىدە ئۆز نەپسىمگە قاراۋۇلتۇم،
پىقىر، رىزا ماقامىدىن كەچتىم دوستلار.
ئون ئىككى، پارچە روھلار قەلەم ئەيلىدى،
ھۆرلەر كۆتۈپ، كېلىپ ماڭا سالام ئەيلىدى،
سىر شەربىتىن ساقى بولۇپ ماڭا ئۇزاتتى،
ئۇنى ئېلىپ ئەدەپ بىلەن ئىچتىم دوستلار.
ئون ئۈچىمدە ئۈزەرمەن بوپ دەرياغا چۆكتۈم،
مەرىپەتنىڭ جەۋھىرىنى سىردىن دەردىم،
شامنى كۆرۈپ پەرۋانىدەك ئۆزۈمنى ئۇردۇم،
ئاڭسىز بولۇپ، ئەقلىم كەتتى ئازدىم دوستلار.

ئون تۆت ياشتا تۇپراق كەبى خار- زار بولدۇم،
«ھۇ، ھۇ» ئېيتىپ باشىم بىرلە كېچىلەر توڭدۇم،
بىر ئالتۇنلۇق قىممىتىنى بىرگە ساتتىم،
ئۇندىن كېيىن قانات كېرىپ ئۇچتۇم دوستلار.
ئون بەشىمدە دەرگاھىمغا يېنىپ كەلدىم،
گۇناھ بىرلە نىمە قىلسام خاتا ئەيلىدىم،
تۆۋبە قىلىپ ھەققە بويىنۇم سۇنۇپ كەلدىم،
تۆۋبە بىرلە گۇناھلاردىن قاچتىم دوستلار.
جەبرائىل ۋەھى ئەكەلدى ھەق رەسۇلغا،
ئايەت كەلدى «زىكرى قىل» دەپ پارچا، پۈتۈنگە،
خىزىر ئاتام قويىدى مېنى مانا بۇ يولغا،
ئۇندىن كېيىن دەريا بولۇپ تاشتىم دوستلار.
شەرىئەتنىڭ بوستانىدا جەۋلان ئەيلىدىم،
تەرىقەتنىڭ گۈلزارىدا سەيران ئەيلىدىم،
ھەقىقەتتىن قانات تۇتۇپ كۆكلەرگە ئۇچتۇم،
مەرىپەتنىڭ ئىشىكىنى ئاچتىم دوستلار.
«ئەلەست» شارابىن پىرى كامىل تويغىچە بەردى،
ئىچىۋەردىم، مىقتارىمچە قويىۋەردى،
قۇل غوجا ئەھمەت ئىچىپ، تىشىم كۆيۈۋەردى،
تالىپلارغا ئۈنچە-مارجان چاچتىم دوستلار.

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: نۇرۇگۇل قۇتلۇق (تۈركىيە)
2019 - يىلى 7 - ئاينىڭ 29 - كۈنى

بۇ ئەسەر «ھەزرىتى سۇلتان خوجا ئەخمەت يەسەۋى - دىۋانى ھېكمەت» ناملىق كىتابنىڭ تۈركچىسىدىن ئېلىندى.



# چىڭگىز ئايتماتوف هېكمەتلىرى

چىڭگىز ئايتماتوف (قىرغىزىستان)

مەن ئىنسانلارنىڭ ئۆز تەبىئىتىنى قەدىرلىشىنى، ئۇنىڭدىن زوق ۋە بەھىر ئېلىشىنى بىلىشى كېرەك دەپ قارايمەن. شۇنىمۇ چۈشىنىپ يېتىش كېرەككى، ئىنسان تەبىئەتنىڭ بىر پارچىسىدۇر ۋە تەبىئەت ئۇنىڭغا ياشاش ئۈچۈن بېرىلگەن ماكان. ھاياتنى بىر قېتىم ياشىغاندىكىن، ئەقىل ۋە ئىشتىياق بىلەن ياشاش كېرەك.

ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتى شۇنداق ياراتىلغانكى، ئۇ پات پات خاتالىق سادىر قىلىپ تۇرىدۇ. ۋاقىتلىق ھاۋايى ھەۋەسلىرىنى ھەقىقىي مۇھەببەت دەپ ئويلايدۇ. ئەسلىدە ھەقىقىي مۇھەببەت كېسەللىك بىلەن كېلىدۇ.

ئىنسانلار پات ـ پات دۇچ كېلىدىغان ھەر بىر مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكنى بەختسىزلىك دەپ قارىماسلىقى كېرەك. كىم بىلىدۇ دەيسىز، بەلكى ھەقىقىي بەخت كىچىك مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكتىن باشلىنىدۇ.

بۇ ئەسەر ئۆزبېكىستاندا نەشىر قىلىنىۋاتقان «ياشلىق» ژۇرنىلىنىڭ 2018 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا ھۇسەن ماقسۇدوۋ تەرىپىدىن يېزىلغان «ئىشتىياق بىلەن ياشاش كېرەك» ناملىق ماقالىدىن تەييارلىدى.

زېمىندىن مەھرۇم قىلىش مۇمكىن، بايلىقتىن مەھرۇم قىلىش مۇمكىن، ھاياتىدىنمۇ مەھرۇم قىلىش مۇمكىن. لېكىن ئىنساننىڭ غۇرۇرىغا تاجاۋۇز قىلىش... چىدىغىلى بولمايدىغان پاجىئەدۇر!

ھەر بىر يېڭى ئەۋلاد ئۆز ھاياتىنى باشقا مەملىكەتلەردە يۈز بەرگەن يۈكسىلىش ۋە تەرەققىيات بىلەن سېلىشتۇرىدۇ ۋە ئارقىدا قېلىش سەۋەبلىرىنى يەكۈنلەيدۇ. ئەگەر ئارقىدا قېلىش سەۋەبلىرىنى توغرا تاپالىسا، ئەمدى ئۆتمۈشتىكى خاتالىقلارنى تەكرارلىماسلىقتا ئىنتىلىدۇ. توغرا يولنى تېپىشقا ھەرىكەت قىلىدۇ.

دۇنيا ئىنسان ئۈچۈن كېرەك، ئادەم ئۇنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى چۈشەنسۇن دەپ يارىتىلغان. شۇ سەۋەبتىن دۇنيا يارىتىلغان.

بەخت دېگەن قەلبلەرنىڭ ماسلىشىپ كېتىشى دېگەن گەپ
مېھرىبانلىق ئازراق چېكىنسە- بەس، ئۇنىڭ ئورنىغا دەرھال ياۋۇزلۇق ئورۇنلىشىۋالىدۇ

ئىنسانلار ھەرخىل تىلدا گەپلىشىدۇ. بىراق، پەقەتلا بىرلا تىلدا- يۈرەك دەپ ئاتالغان زۇۋاندار سۆيگۈلىرىنى ئىزھار قىلىدۇ، سۆيۈنىدۇ ۋە سېغىنىدۇ

ئىرادە، غەيرەت يوق يەردە سۆيگۈ مۇھەببەت توغرىسىدا گەپ قىلىش مۇمكىن ئەمەس. گاھىدا مۇھەببەت ماڭا خۇددى كومپيۇتېر قورۇلمىسىدەك بىلىنىدۇ. ئەگەر كۆزگە چېلىقمايدىغان بىرەر ۋىنتىسى بۇزۇلۇپ قالسا- بەس، بارلىق مۇھىم ۋە مۇرەككەپ پارچىلىرى خۇددى سېرىق چاقىغا سۇرىكەيدىغان ئەرزىمەس نەرسىدەك كېرەكسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

كائىناتتا ئىنسانلارنىڭ ئۆمرى پاشانىڭكىگە ئوخشايدۇ. بىراق ئىنسانلارغا تەپەككۇر ئاتا قىلىنغان ۋە شۇ نەرسە ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىدۇ. لېكىن، دەل تەتۈرسىمۇ بولىدۇ؟- ھەم قىسقارتىلىدۇ

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: پاتىمە مەمەت (تۈركىيە)

# ئەقلىيە سۆزلەر

مەجھۇل تەييارلىغان (گېرمانىيە)

قىشنىڭ ئەڭ سوغۇق كۈنلىرىدە شۇنى ھېس قىلدىمكى، مېنىڭ قەلبىمدە ھېچكىم يوقىتالمايدىغان ئىللىق ياز بار ئىكەن.

ئالبېرت كامۇس (ئالجىرىيە)

ئەگەر بىز ھازىر ئوخشىماسلىقلىرىمىزنى تۈگىتەلمىسەك، ھېچ بولمىغاندا بۇ دۇنيانى ھەر خىل ئوخشىمايدىغان ئادەملەرگە بىخەتەر قىلالايمىز.

جون ف. كەنندىي (ئامېرىكا)

دانالىق بىلەن نادانلىقنىڭ پەرقى شۇكى، دانالىقنىڭ چېكى بار.

ئالبېرت ئېينىشتېين (گېرمانىيە)

مەن قانداق ياشاشنى ئۆگىنىۋاتىمەن دەپتىكەنمەن، لېكىن ئەمەلىيەتتە قانداق ئۆلۈشنى ئۆگىنىۋېتىپتىمەن.

لېئوناردو دا ۋىنچى (ئىتالىيە)

ئاخىرىدا ئېسىمىزدە قالىدىغىنى دۈشمەنلىرىمىزنىڭ سۆزلىگەنلىرى ئەمەس بەلكى دوستلىرىمىزنىڭ سۆزلىمىگەنلىرى.

كىچىك مارتىن لۇتىر كىڭ (ئامېرىكا)

ئەر-خوتۇنلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئەڭ يېقىن دوستلۇق مۇناسىۋىتى بولۇشى كېرەك.

ب. ر. ئامبەدكار (ھىندىستان)

ئالالىلىشش سەنئىتى باشلامچىلىقنىڭ تىلىدۇر.

جامىس خۇمىس ئامېرىكا

بىزنى تۈگەشتۈرىدىغىنى بىېسىم ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ بېسىمغا بولغان ئىنكاسىمىز.

خانس سەلىيە (ۋېنگرىيە)

بالىلىقتا ئاتىنىڭ قوغدىشىدىنمۇ چوڭراق ئېھتىياج بار دەپ قارىمايمەن.

زىگمۇند فروید (ئاۋستىرىيە)

بىز كىشىلەرگە بىلىمنى ئۆگىتەلمەيمىز، پەقەت ئۇلارغا بىلىمنى بايقاشنى ئۆگىتەلمەيمىز.

گالىلېي (ئىتالىيە)

ھەممە ئادەمنى سۆي، بىر نەچچىلا ئادەمگە ئىشەن، ھېچكىمگە يامانلىق قىلما.

ۋىليام شېكسپىر (ئەنگلىيە)

ئۆزىنىڭ ئارزۇسىدىكىدەك ياشاش - ئەڭ گۈزەل تەۋەككۈلچىلىكتۇر.

ئوپرا ۋىنفرىي (ئامېرىكا)

مائارىپ ھاياتقا تەييارلىق قىلىش ئەمەس، بەلكى ھاياتنىڭ ئۆزىدۇر.

جون دۇۋىي (ئامېرىكا)

سىز ئوقۇمىغان كىتاب سىزگە ياردەم قىلالمايدۇ.

جىم رون (ئامېرىكا)

قورقۇنچنى يەڭمەكچى بولسىڭىز دەرھال تۇتۇش قىلىڭ، ئۆيدە ئولتۇرۇپ قانداق يېڭىشنى ئويلاشنىڭ رولى يوق.

دېيل كارنىگى (ئامېرىكا)

مۇشتقا تۈگۈلگەن قول بىلەن قول ئېلىشقىلى بولمايدۇ.

ئىندىرا گاندى (ھىندىستان)

بەزىلەر ئادەمنىڭ كىتابنى تاللىماي، بەلكى كىتابنىڭ ئادەمنى تاللايدىغىنىغا ئىشىنىدۇ.

كارلوس زافون (ئىسپانىيە)

خۇشاللىق ئىچكى دۇنيارىڭىزدىن كېلىدۇ، تاشقى مۇھىتتىن ئەمەس.

داۋىد دىنوتارىس (ئامېرىكا)

بەزىدە باتۇرلۇقنىڭ سىنىقى ئۆلۈم ئەمەس ھاياتتۇر.

ۋىتتورىئۇ ئالفىرى (ئىتالىيە)

دۇنيا ئۆزگەرمەيدۇ، بىز ئۆزگىرىمىز.

خەنرىي داۋىد سورروۋ (ئامېرىكا)

كىتاب خۇددى بىر ئەينەككە ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرىدىغىنىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ ئەكسىدۇر.

كارلوس زافون (ئىسپانىيە)

ئەتە ئۆلىدىغاندەك ياشا، مەڭگۈ ئۆلمەيدىغاندەك ئۆگەن.

ماخاتما گاندى (ھىندىستان)

تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىڭىزنى ئۆزگەرتسىڭىز دۇنيارىڭىزنى ئۆزگەرتىسىز.

نورمان ۋىنسېنت پىل (ئامېرىكا)

ئاچچىق قىسقا مۇددەتلىك تەلۋىلىكتۇر.

خورىس (رىم ئىمپېرىيىسى)

ئاۋۋال ئەڭ ياخشى كىتابلارنى ئوقۇڭ، بولمىسا كېيىن پۇرسەت چىقماسلىقى مۇمكىن.

خەنرىي داۋىد سورروۋ (ئامېرىكا)

خۇشال بولغىڭىز بولسا، بولۇڭ.

تولستوي (رۇسىيە)



# قايسى كۆندەسەن، تۈركىستان

تىمۇر كوجائوغلۇ (ئامېرىكا)

تىمۇر كوجائوغلۇ 1920 يىلى بۇخارادا قۇرۇلغان «بۇخارا جۇمھۇرىيىتى»نىڭ رەئىسى ئوسمان كوجانىڭ ئوغلى بولۇپ، 1947 ـ يىلى ئىستانبۇلدا دۇنياغا كەلگەن. 1971 ـ يىلىدا ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تۈرك تىلى ۋە ئەدەبىياتى بۆلۈمىنى پۈتتۈرگەن. 1977 ـ يىلى كولومبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئاسپىرانتلىق، 1982 ـ يىلى يەنە كولومبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان. 2011 ـ يىلغىچە تۈركىيەدە نۇرغۇنلىغان ئالى مەكتەپلەردە كۆكتۈرك، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، قاراخانىيلار ئەدەبىياتى، چاغاتايچە، تۈرك تارىخى، ئوسمانلى تۈركچىسى ۋە ئۆزبېكچە قاتارلىق نۇرغۇن دەرسلەرنى ئۆتكەن ۋە بۇ ساھە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئاسپىرانت. دوكتور ئوقۇغۇچىلىرىنى يېتەكلىگەن. 1977 ـ 1985 ۋە 1989 ـ 1994 يىللىرىدا، گېرمانىيەدە «ئازادلىق رادىيوسى» دا ئۆزبېكچە تەھرىر، يازغۇچى ۋە تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلىگەن. 2011 ـ يىلىدىن بىرى مىچگان ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىشلەپ كەلمەكتە. تۈرك تىللىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇنلىغان ئىلمىي تەتقىقاتلىرى بار بولۇپ تۈرك دۇنياسىنىڭ ئەڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر تەتقىقاتچىسىدۇر. 2018 ـ يىلى «سۆيگۈ سۆزلىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلدۇرغان بولۇپ بۇ توپلامغا كىرگۈزۈلمىگەن شېئىرلاردا ساپ تۈركچە سۆزلەر ئىشلەتكەن.

*«شائىر، ھاپىز داداخان ھەسەنگە»*

خارازىم — قۇياش ئۆلكەسى،  
بۇخارا — نۇر شەھرى،  
سەمەرقەنت — ئىلىم قۇببىسى،  
پەرغانە — سۆز چەشمىسى  
سەن نەچچە ئۆلكەسەن، تۈركىستان؟  
سەن نەچچە يۈرەكسەن، تۈركىستان؟

چىمكەنت — قىمىز ئوچىقى،  
ئالمۇتا — كۆچ ئورتىقى،

بۇ شېئىر ئۆزبېكىستاندا نەشر قىلىنغان «شەرق يۇلتۇزى» ژۇرنىلىنىڭ 92/5 سانىدا ئېلان قىلىنغان.

بىشكەك — ماناس بايرىقى،
كۆكتەپە — يەر ئوتاقى
سەن قانداق ئۆلكەسەن، تۈركستان؟
سەن قانداق يۈرەكسەن، تۈركستان؟

دۈشەنبە — جان بازىرى،
قەشقەر — ھۈنەر نازىرى
ئىلى — يۇرتۇم باھارى
ھىرات — خەلقىم مادارى

سەن قايسى ئۆلكەسەن، تۈركستان؟
سەن قايسى يۈرەكسەن، تۈركستان؟

ئارالدا— كۆز يېشلىك بار
ئالاتاغادا — بېشلىك بار
خوتەندە — ياي قېشلىك بار
قىزىلىمقۇمدا — تېشلىك بار
سەن قانداق چىدايسەن، تۈركستان؟
سەن كىمنى كۈتىسەن، تۈركستان؟

ئوغلىڭنى قوزغاتقان كىم؟
قىزىڭنى توڭلاتقان كىم؟
جەيخۇننى قۇرۇتقان كىم؟
سەمەينى بۇلغاتقان كىم؟

كۆزۈڭدىكى ياشمۇ، تۈركستان؟
باغرىڭدىكى تاشمۇ، تۈركستان؟

تارىخىڭنى ئەسلەپ باق،
تۇپرىقىڭنى ئويلاپ باق،
ئۆز تىلىڭنى سۆزلەپ باق
بايلىقىڭنى دەڭسەپ باق

سۆزلە قايسى كۈندەسەن، تۈركستان؟
سۆزلە قانداق كۈندەسەن، تۈركستان؟

كۈلتېكىن تاشقا يازدى،
يەسەۋى روھقا يازدى
فارىبى ئۆيگە يازدى
نەۋائىي قەلبگە يازدى
ئۇلۇغبەگ كۆككە يازدى
تېمۇر بۇ يەرگە يازدى

كۆرسەت جامالىڭنى، تۈركستان؟
كۆرسەت كارامىتىڭنى، تۈركستان؟

1991 - يىلى 18 - مارت، مىيونخېن

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: مۇرات ئورخۇن (تۈركىيە)



# بۇ دۇنيانىڭ سەھنىسىدە

ۋىلئام شېكسپېر (ئەنگلىيە)

بۇ دۇنيانىڭ سەھنىسىدە -
پۈتكۈل ئەر ۋە ئاياللار رول ئالغان
ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە بۇ سەھنىنىڭ
كىرىش ۋە چىقىش ئىشىكلىرى ئېچىلغان.

بىر ئەر ئۆز ھاياتىدا نۇرغۇن روللارنى ئوينايدۇ
ئۇ ھازىر ھاياتىنىڭ يەتتە مۇساپىلىك رولىنى ئالماقتا
ئۇ بىرىنچى مۇساپىسىدە بوۋاقنىڭ رولىنى ئالغان چاغدا -
بالا باققۇچىنىڭ قۇچىقىدا يىغلاپ،
بەرگەن سۈتنى قۇسۇۋەتكەن ئىدى.

مۈرىسىگە سومكا ئېسىپ، مەكتەپكە بارىدىغان -
بىر چىرماش ئوغۇل بالا بولغان چاغدا -
سەھەردە يۈزىدىن نۇر چاقنايتتى ئەمما -
قۇلۇلىدەك ئارام تاپماي ئۆمىلەيتتى،
بەزىدە مەكتەپكە بېرىشنى خالىمايتتى،
سۆيگىنىنى ئويلاپ خىيالغا پاتاتتى ...

زارلىنىپ خۇددى قازاندىن كۆتۈرۈلگەن ھوردەك،
ئۆز - ئۆزىگە غىڭشىپ مۇڭلۇق ناخشىمۇ ئېيتاتتى
ئەسكەر بولغان چېغىدا ئاشنىسىغا "قاشلىق" ئېتەتتى
بەزىدە ئۆزگە غەلىتە قەسەملەرنى بېرەتتى
يۈزىگە يىلپىزغا ئوخشاش ساقال - بۇرۇتلار ئۆستۈرۋالاتتى.

غۇرۇرىنى قوغداشقا ھەر ۋاقىت ھازىر ئىدى،
شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مىجەزى چۇس -
بەزىدە ئۇرۇشقاق ئىدى.
ئۆزى ئۈچۈن كۆپۈككە ئوخشاش بىر شەرەپلەر ئىزدەيتتى.
گەرچە زەمبىرەك ئېغىزىدا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ -
ئەمما ھەققانىيەتتىن زادىلا ۋاز كېچەلمەيتتى.

كاپىتان ئەزىمەتلەر بەللىرىنى رۇسلاپ -
رەت -رەت تىزىلىپ تۇرغاندا
كۆزلىرى نۇرغا تولغان،
ساقال - بۇرۇتلىرى چىرايلىق ياسالغان -
كاللىسى ئەقىل - ئىدىرەككە تولغان -
كۆرۈنۈشىدىن ئىلغارلىقى تۆكۈلۈپ تۇراتتى.

ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ نۆۋىتى بويىچە -
ھاياتىنىڭ ئالتىنچى مۇساپىسىدىن رول ئېلىشقا باشلىدى...
ئۇ ئالدىغا مۈكچەيگەن،
قېرىلىقنىڭ تونىنى كىيگەن ئىدى.
بۇرنىدا كۆز ئەينەك،
بېقىنىغا تەكىي تىرەكلىك ئىدى.
ئەمما ئۇنىڭ ئەقىل جەۋھىرى -
بۇ كەڭرى ئالەمنى ئۆزىدە ساقلاپ تۇراتتى.

ئۇنىڭ پۇت - قوللىرى
ۋە بوم ئاۋازى ئىنچىكىرەپ كەتكەن،
ئۇ قايتىدىن ئۆزىنىڭ -
باللىقىدىكى ئىنچىكە ھالىتىگە قايتىپ كېتىۋاتاتتى ...
ئەڭ ئاخىرقى قېتىم -
ئۇ ھەممە ئادەملەرنى كۆرگەن ۋاقىتتا -
ئاران - ئاران ئۆزىنىڭ ئاۋازىنى چىقىرىۋاتاتتى....

بۇ شۇنداق غەلىتىلىك بىلەن ئاخىرلىشىدىغان -
بىر ھاياتىنىڭ پۈتكەن تارىخى
بۇ ھالەت پەقەت ۋە پەقەتلا ئۇنىڭ
ئىككىنچى مەرتەم باللىققا قايتىشى.
يەنە ئوخشاش چىشلار، ئوخشاش كۆزلەر
ئوخشاش تەملەر...
ھەممە نەرسىلەر بىر - بىرلىرىگە ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى.

ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئەزىز ئەيسا ئەلكۈن (ئەنگلىيە)



# ئارزۇسى ئىچىدە

ئارسلان بايىر (تۈركىيە)

يازغۇچى ۋە شائىر ئارسلان بايىر، 1958 ـ يىلى ئانتالىيە ۋىلايىتى، ئالانىيا ناھىيەسىنىڭ بايىر يېزىسىدا دۇنياغا كەلگەن. 1978 ـ يىلى دېنىزلى ۋىلايىتىدە مائارىپ ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن بىر مەزگىل ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. يازغۇچىنىڭ يازغان ئەسەرلىرى تۈركىيەدىكى نۇرغۇن گېزىت ۋە ژۇرنال ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ھازىرمۇ توختىماي نەشر قىلىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇنلىغان ئەسەرلىرى چەتئەل تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، بالقانلار، كاۋكاز ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەتبۇئاتلاردىمۇ تەرجىمە قىلىنىپ ئۈزلۈكسىز ئېلان قىلىنىۋاتىدۇ.

يازغۇچىنىڭ يازغان ئەسەرلىرى نەچچە قېتىم مەملىكەتلىك ۋە خەلقئارالىق مۇكاپاتلار بىلەن تەقدىرلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يازغۇچى خىلمۇ ـ خىل گېزىت ۋە ژۇرناللاردا تەھرىر، پىروگرامما يېتەكچىسى ۋە تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلىگەن. نەشر قىلغان ئەسەرلىرى ئارىسىدا شېئىرىي كىتابلار، بالىلار كىتابلىرى، ھېكايىلەر توپلىمى، تەتقىقات ماقالىلىرى ۋە لېكسىيىلەر تەركىپ تاپقان. بۇلاردىن باشقا ئۆزبېك تىلىدىمۇ كىتاب نەشر قىلىنىشتۇر. كۈنىمىزدە، «يېڭى سەنئەت» ژۇرنىلىنى نەشر قىلماقتا ۋە «بەيگەنچ» نەشرىياتىنىڭ خوجايىنىدۇر.

چىقىپ كېتىش
ئارزۇسۇى بار ئىچىمدە
بىر كۈن
يالغۇزغىنە
ھەيۋەتلىك تاغلارغا
تۈگۈمەس ئارزۇلىرىمنى
سورىغاچ
تەبىيەت بىلەن بىرلىكتە
مەۋسۇۋلەرنىڭ
ئالمىشىشىنى
كۈتۈمەن
ھەر بىرى بىر بىرىدىن
تېخىمۇ چىرايلىق
دالا سەپتەگۈللىرىنى
پەرۋىشلەيمەن قولۇمدا
ئۇلارغا بەلكى پالللارغا
سالدۇرۇپ
ئۆزۈمنى سورايمەن
غۇربەت يارىسى ئىچىدە
قارغاي پۈرىقى

دالالارغا قاراپ
يۇگۈرەيمەن
توز تۇمانلىق
ئاسپالت پۇرىقى يوق
يوللاردا
يالاڭياق يۇگۈرەيمەن
تىزىمغىچە ياۋا ئوتلار ئىچىدە
يۇمۇلىنىمەن

سىغىز دەرەخلىرىنى بوراپ
ئۆپكەمگە
بايرام ھاۋاسىنى شورايمەن
كېيىن پۈتۈن كۈن
ئۇخلايمەن
قارىغاي ھىدىنىدىن نەپەس ئېلىپ
شاماللارغا قويۇپ بېرىمەن
ئۆزۈمنى

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: پاتىمە سەمەت (تۈركىيە)

# بىر قارا بوران

ئاتائۇل بەھرام ئوغلى (تۈركىيە)

قارا بوران ئىدى بىر يۇرتنىڭ ئۈستىدىكى،
قارا بىر ۋىجدان، قاپقارا.
سەلدەك باستى، تائۇندەك؛
ئەقىلگە دۈشمەن، ئايدىڭلىققا دۈشمەن.

قارا بوران ئىدى ياۋۇز، زالىم،
تومۇچۇقنىڭ ئۆنىنى ئۆچۈرگەن تېخى تۇغۇلماستا.
رەسىدە قىزنىڭ بويىغا يېتىش چۈشىگە دۈشمەن،
بوۋاق بېقىشىدىكى ھەيرانلىققا دۈشمەن.

قارا بوران ئىدى قارا يۈرەكلىك،
ئۆڭكۈرلەردە كۈچلەنگەن.
شەپەرەڭلەردىن ئىلھام ئالغان.
نەپرەت ـ ئاداۋەت بىلەن بىلەنگەن.

قارا بوران ئىدى ئۆتكەن ھەريەردە،
نىمە جۇشقۇن بولسا زەھەرلەپ،
ئاي شولىسى كەلمىسۇن دەپ،
بۇ يۇرتقا ئىككىنجىلەپ.

قارا بوران ئىدى ھېچنىمە
ئۇنىڭدىن خەتەرلىك بولالمايدىغان،
ئىنسانىنىڭ ئازغۇنلىقى ئىدى چۈنكى،
ئادەملىك قىياپىتىدە ئادەمگە دۈشمەن.

قارا بوران ئىدى تۇم قارا،
ھاڭدەك ئېچىلغانتى ئاغزى؛
چىقىپ خەلقلەر ئارا
بويۇن ئەگكەن تەقدىرگە.

قارا بوران ئىدى جان ئالغۇچى،
جاللاتلار تەق، قۇشخانىلار، زىندانلار،
پەرمانىدا قارا سېپىر، قارا روھ، خىرە ئادالەت
قولىدا ئۆلۈم تارازىسى، جىنايەت قىلىچى.

قارا بوران ئىدى، چىقىۋاتاتتى،
قاراڭغۇلۇق يېيىپ، يامانلىق ۋە رىيا،
بىر يۇرتنى ئىسكىلىت قوللىرىدا
كۆمۈش ئۈچۈن قايتىلانماس قاراڭغۇلۇقتا.

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئىلمىنۇر ئەفۋان (تۈركىيە)



# راككا

(شېئىر)

خېلىل ئىبراھىم ئۆزجان (تۈركىيە)

*يازغۇچى ۋە شائىر خېلىل ئىبراھىم ئۆزجان، تۈركىيەنىڭ قەيسىرى ۋىلايىتىنىڭ تالاس ناھىيەسىنىڭ ئاردىنىچ يېزىسىدا تۇغۇلغان. قەيسىرى مائارىپ ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن. تۈركىيەدىكى مەشھۇر ۱۲ سېنتەبىر سىياسىي ئۆزگىرىشىدىن كېيىن چەتئەلگە چىقىپ كەتكەن ۋە بىر مەزگىل سۇرىيە لىۋان قاتارلىق دۆلەتلەر ياشىغان. تۈركىيەگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ۱۰ نەچچە يىل قاماق جازاسىغا مەھكۇم قىلىنغان ۋە ۱۹۹۱ يىلى ئەركىنلىككە ئېرىشكەن. ئۇ ھاياتىدا نۇرغۇنلىغان شېئىر ۋە رومانلارنى يازغان بولۇپ، يازغان ئەسەرلىرى نۇرغۇنلىغان تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان. نەشىر قىلىنغان بەزى ئەسەرلىرى: «كۆرۈشۈش تەييارلىقى»، «قىرىق شىشخال»، «يۈزۈڭنى پاكىزە تۇت، ئەجەل تۇيۇقسىز كېلىشى مۇمكىن»، «جىبدەلخور كىچىك پەنەر»، «چانكايانىڭ چۈمبەلسىز كېلىنى فىكرىيە»... خېلىل ئىبراھىم ئۆزجان خەلقئارا يازغۇچىلار تۈركىيە مەركىزىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىمەكتە.*

كۆكسۈمگە يىرتقۇچ قۇشلار قونۇپ ئۇچىدۇ توختىماستىن
زەيتۇنلۇقتا چالا ئۇيقۇدا
ھارۇن رەشىدتىن قالغان سىپىللىرىنىڭ تۈۋىدە خىياللارغا چۆككەن
يازلىق كۆينەك كۆيگۈدەك ۋاقىتتا بولۇپ ئارا قىش
راككادا قانا مىلىنىپ چىقىدۇ قۇشلارنىڭ ئاۋازلىرى

بۇمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئەلۋەتتە ئۆتۈپ كېتىدۇ بىلىمەن
نېپىز قان دەريالىرىدىن سەكرەپ ئۆتىدۇ
بىر قىرغاقتا ئۆتكەندىن كېيىن

بۇ كېچە ئايمۇ قارىمىسۇن ماڭا
بىلىدىغان سۆزلىرى ئۆتۈپ كەتكىلى نە ۋاق، ئۇرۇش ھەققىدە

ئىچىدىن ئۆتكەن ئۆلۈكلەرنىڭ مەيۈس خەرىتەلىرىدىن بىلىمەن
ئويۇنچۇقلىرىم ھېچ سۇنمىدى قولۇمدا ئۇ كۈنلەردە
مىلاددىن بىرى داۋاملاشقان سانجىلار سانجىلىركەن تارىخنىڭ
ئۆزۈمنى ئوڭشىدىم يالغۇزلۇقنىڭ كۆزلىرىدىن قۇتۇلۇپ

بولمايدۇ، بۇنداق ھەرگىزمۇ بولمايدۇ، كۆڭلۈم رازى ئەمەس
شامال شاختا ئۇنۇتقان ئىكەن مەي باغلىغان يېمىشنى
خاتىرجەم ماڭمايدۇ بىر قىسمىتى ئۇرۇشقا تەييارلانغان ئىكەن زامان

ئىككى كالپۇك ئارىسىدا بىر سۆز بىلەن
راككا
راككا

ۋۇجۇدۇم دەفنە دەرىخىنىڭ تېگىگە كۆمۈلگەن
ئېتېۋىتىلگەنلەرنىڭ ھۆرمىتىگە
راككا

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: مۇرات ئورخۇن (تۈركىيە)

# دەرمانسىز مۈشۈكلەر غەزىلى

(شېئىر)

ھەيدەر ئەرگۈلەن (تۈركىيە)

خىياللىرىمنىڭ تۇپرىقىنى جۇغلا،
ياغاچتەك قەلبىمنى تىرمىلا، ھەممە نەرسە مىدىرلىسۇن
چۈنكى بىر مۈشۈكچىلىك گەۋدىسى بار سۇنغان ۋە ھارغىن ھەۋەسلەرنىڭ...
مۈشۈكسىز ئۆيلەر يېتىم ،
مۈشۈكسىز كوچىلار ئۆگەي ھىسابلىنىدۇ،
مەن بىر ئەخمىقى سۆيگۈنىڭ
مېنىمۇ تەنھا مۈشۈكلەردىن ھىسابلا
نېملا بولسا ئېغىزىم بار تىلىم يوق...
مەن مۈشۈكلىرىمنىڭ ئۇدۇلىدا،
تارتىنچاقلىقنى، ئوڭايسىزلىنىشنى ئۇلاردىن ئۆگەندىم
ئۇلار مېنى تۇرنا يوق ناخشىلاردا
سولغۇن بىر مۈشۈكنىڭ قەلبىدە ئۇنۇتتى.

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئەركان (تۈركىيە)



# بىر مۆجىزىدۇر ياشىماق

(ھېكايە)

مۇپاسسان (فرانسىيە)

ئاخشام چاي ۋاقتى ئىدى. چىراغلار تېخى يانمىغانىدى. باغچىدىكى ئۆي دېڭىزغا قاراپ تۇراتتى. قۇياش قىزىرىپ ئولتۇرۇشقا باشلىغان بولۇپ، بۇ چاغدا كۆزگە چېلىققان ھەر نەرسە، خۇددى ئالتۇن ئۇۋاقلىرى مۇلۇنۇپ كەتكەندەك تۇراتتى.

ئۇدۇلىمىزدىكى ئاق دېڭىز، پېتىۋاتقان كۈننىڭ ئاستىدا سۈپسۈزۈك، مىدىرلىماي، جىم-جىت، تۈپ - تۈز تۇرغان مېتال تاختىسىدەك چەكسىز توغرىسىغا ئۇزارغان ئىدى. ئۇزاقلاردىكى كۈلرەڭ چوقچىيىپ تۇرغان تاغلار، پېتىۋاتقان كۈننىڭ سولغۇن قارامتۇل قىزىللىقلىرى ئىچىدە قارا-قارا پارچىلارنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى.

مۇھەببەتتىن سۆز ئېچىلغان ئىدى. يەنى بۇ ئىنسانىيەت تارىخىغا ئوخشاش كونا ماۋزۇ ئۈستىدە تالاش-تارتىش قىلىنىۋاتاتتى. بۇرۇن كۈرمىڭ قېتىم سۆزلەنگەن سۆزلەر تەكرارلىنىۋاتاتتى. ئۈستىمىزنى گۇگۇم قاراڭغۇلۇقىنىڭ شېرىن ھەسرەتلىرى قاپلىغان ئىدى. ھاياجانلانغان ئىدۇق. گاھ ئېنىق بىر ئەرنىڭ ئاۋازىدىن ، گاھ بىر ئايالنىڭ ئاۋازىدىن ئاڭلىنىۋاتقان بۇ مۇھەببەت سۆزلىرى كىچىك مېھمانخانىنىڭ ئىچىنى بىر ئالغان ئىدى. بۇ ئاۋازلار بىر يەڭگىل قۇشتەك ھاۋادا ئۇچۇپ، قاناتلىرىنى كېرىپ، بىر روھتەك بوشلۇقتا لەيلەۋاتاتتى.

ئادەم، ئۇزۇن بىر ۋاقىت يالغۇز بىر ئايالنى ۋە ياكى يالغۇز بىر ئەرنىلا ياخشى كۆرۈپ ئۆتەلەمدۇ؟ دېگەن ماۋزۇ ئۈستىدە تالاش-تارتىش قىلىنىۋاتاتتى. بۇ سوئالغا بەزىلەر «ئەلۋەتتە بىر ئۆمۈر ياخشى كۆرىدۇ» دېسە، بەزىلەر، «بۇ مۇمكىن ئەمەس» دەپ جاۋاب بېرەتتى.

ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزىنىڭ كۆز قاراشلىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، پاكىتلارنى كۆرسىتەتتى، مىساللارنى ئالاتتى. تىللىرىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن، ئەمما، ئېغىزلىرىدىن چىقىرىلىۋاتقان ئەسلىملىرىنىڭ ھاياجانلىرى ئىچىدە ئۆزلىرىنى يوقۇتۇپ قويغاندەك قىلىشاتتى. ئىككى ئايرىم جىنسنى بىر-بىرىگە باغلىغان بۇ سىرلادىن ۋە كۈچلۈك باغلىنىشتىن، چوڭقۇر بىر سەمىمىيەتلىك توغرىسىدا سۆزلىنىۋاتاتتى.

بۇ ھېكايە فىرانسىيەنىڭ داڭلىق يازغۇچىسى گۈي دە مائۇپاسسانت (1850ـ 1893) نىڭ «بىر مۆجىزىدۇر ياشىماق» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمىدىن تەرجىمە قىلىندى.

بۇ چاغدا، ئىچىدىكىلەردىن ئۇزاقلارغا نەزەر سالغان بىرسى:

— قاراڭلار، ئاۋۇ يەرگە قاراڭلار! بۇ نېمە؟
— دەپ ۋاقىرىدى.

دېڭىزدا، ئۇيۇق تۆۋەندىن بىلىنەر بىلىنمەس كۆلەڭ، ئاجايىپ بىر چوڭلۇقتا كۆتۈرلۈۋاتاتتى.

ئاياللار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. بىرىنچى قېتىم كۆرگەن بۇ غەيرى چوڭ نەرسىگە ھەيرانلىق بىلەن قارىشىۋاتاتتى. ئارىدىن بىرسى:

— كورسىكا ئارىلى بۇ. ئۇزاق ئارىلىقلارنى قاپلىغان تۇمانلىق بۇلۇتلار تارقىلىپ، ھاۋا تامامەن سۈپسۈزۈك ھالغا كەلسە، كوسىكا يىلدا ئۈچ تۆت قېتىم بۇ يەردىن كۆرۈنىدۇ، — دېدى.

ئارالدىكى تاغلارنىڭ چوققىلىرىنى، ھەتتا ئۇ يەردىكى قارلارمۇ ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. دېڭىزدىن تۇيۇقسىز كۆرۈلگەن بۇ تەبىئەتنىڭ مۆجىزىسى ئالدىدا، ھەركىم ھەيرانلىق ۋە ھاياجانغا چۆمۈلگەن ئىدى.

كولومبودەك مەجھۇل دېڭىزلارنى ئايلانغانلار، بەلكى بۇنىڭغا ئوخشاش مۆجىزىلەرنى كۆرگەندۇ...

ھازىرغىچە ناھايىتى ئاز سۆزلىگەن ياشانغان بىر كىشى:

— قاراڭ، خۇددى تالاش-تارتىشقان سوئاللىرىڭلارغا جاۋاب بەرمەكچى بولغاندەك ھەمدە ماڭا ھەيران قالارلىق بىر ئەسلىمىنى ئېسىمگە سالماقچى بولغاندەك كۆز ئالدىمىزدا پەيدا بولغان بۇ ئارالدا مەن، بىر ۋاقىتلار ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك بەختلىك، قايناق ھېسسىياتقا تولغان، ئاجايىپ بىر مۇھەببەت ھېكايىسىگە شاھىت بولدۇم، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئۇ ياشانغان كىشى:

— بۇندىن بەش يىل بۇرۇن بۇ كورسىكا ئارىلىغا بارغان ئىدىم. بۇ ۋەھشىي ئارال، فرانسىيە قىرغاقلىرىدىن ئارىلاپ-ئارىلاپ كۆرۈنىدىغانلىقىغا قارىماي بىزلەر ئۈچۈن خۇددى ئامېرىكاچىلىق ئۇزاق ۋە بىلمەيدىغان بىر يەر ئىدى. تا ھازىرغىچە، خۇددى دۇنيانىڭ بىرىنچى قېتىم يارىتىلغان كۈنلىرىدەك قاغلار تىرملاپ يۈرىدىغان بىر تۇپراق پارچىدەكتى. بىر-بىرىدىن چوڭقۇر ۋە تار جىلغىلارغا بۆلۈنگەن ئىدى. تاغدىن شارقىراپ ئاققان دەھشەتلىك شارقىراتمىلارنىڭ تۇمانلىرى ئۈستىنى قاپلاپ تۇراتتى. تۈزلەڭلىك يوق. ئەمما، پۈتمەس-تۈگىمەس گىرانىت تاغلار بار ئىدى. كورسىكا ھەيرانلىقىغا باش-پانا بولىدىغان قويۇق چاتقاللىقلار، قارىغاي ۋە كاشتان دەرەخلىرىدىن ھاسىل بولغان قويۇق ئورمانلىقلار ھەيۋەتلىك دولقۇنسىمان بىر ماكاندىن بەرپا قىلغان ئىدى.

تاغ ئېتىكىدە، بەزىدە بىر دۆۋە شېغىل تاشقا ئوخشايدىغان، كىچىك مەھەللىدەك يەرلەر كۆزىڭىزگە چېلىقىدۇ. ئەمما، بۇ يەرلەرگە ھېچ ئادەم ئىز باسمىغان بولۇپ، قۇپ-قۇرۇق، ئادەمزات ياشىمىغان جايلار. بۇ يەردە يا دېھقانچىلىق، يا سانائەت، ياكى سەنئەت بار دېيىسىز.

كېسىلگەن بىر دەرەخنى، نەقىشلىگەن بىر تاشنى، نەپىس ئەسەرلەردىكى ياكى بوۋىلىرىمىزدىن ئاڭلىغان ئاشىق-مەشۇق ھېكايىلەردىكى سۆزلىگەن ھېچبىر نەرسىنى بۇ يەردە ئۇچراتمايسىز. بۇ مەغرۇر، قوپال ئىقلىمدا ئۆزىڭىزدە تەسىر قوزغىغان نېمە بولسا ئۇنىڭ بىلەن قانائەتلىنىپلا قېلىشقا مەجبۇر بولىسىز. كورسىكادا ھۈنەر-سەنئەتتىن ياسالغان بىر نېمە ئىزدەش، خام خىيالدىن ئىبارەتتۇر. كورسىكا ۋە كورسىكالىقلارنىڭ ھۈنەر-سەنئەت بىلەن ھېچ ئالاقىسى يوقتۇر.

ھەر سارىيى باش رەسىملەر بىلەن تولغان ئىتالىيە بولسا ئەزەلدىنلا بىر سەنئەت ئەسەرلەر ماكانىدۇر. ئۇ يەردە مەرمەرلەر، ياغاچلار، مىڭلار، تۆمۈرلەر، تاشلار ۋە رەڭلىك مېتال قاتارلىقلاردىن ياسالغان ئەسەرلەر ئىنساننىڭ ئەقىل-پاراستىنى نامايان قىلىدۇ. ئىتالىيەنىڭ كونا زاماندىن قالغان ئۆيلىرىدىكى كونا ئەسەرلەرنىڭ ئەڭ ئادەتتىكىسىمۇ، نازۇك سەزگۈ-ھېسسىياتنى نامايان قىلىدۇ. ئىتالىيە بولسا ئىجادچى ئەقلىنىڭ قۇدرىتىنى پۈتۈن دۇنياغا تونۇتقان.

ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە كەلسەك، ئىتالىيەنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرغان كورسىكا ئارىلى بولسا، ئىپتىدائىي جەمئىيەت ھالىتىدە قېلىپ قالغان. بۇ دائىرىنىڭ سىرتىغا چىقالمىغان. ئادەم بۇ ئارالدا، ئارالنىڭ قوپال ياسالغان ئۆيلىرىدە ئائىلە ماجىرالىرىنى، قىرغىنچىلىقلارنى، ئۇرۇش-جېدەللەرنى كۆرەلمەيدۇ. بۇ ئۆيلەردە خۇددى ھايات قېتىپ قالغاندەكلا كۆرۈنىدۇ. كورسىكالىقلار، مۇستەبىت روھلۇق، ئىنتىقامچى، كۆزىگە قان تولغان كىشىلەر بولسىمۇ ئەمما، ئۇلار يەنە قولى ئوچۇق، مېھماندوست، ھەركىمگە ئىشىكى ئوچۇق كىشىلەر بولۇپ،

ئىچىدىن كەلگەن سەممىيەتنى دەرھال سىرتتا ئىپادىلەيدىغان ئىنسانلاردۇر.

مەن بىر ئاي مۇشۇ ئارالنى كېزىپ يۈردۈم. بۇ ئارالدا خۇددى ئاخىرقى زامانغا كېلىپ قالغاندەكلا غېرىبلىق بىر تۇيغۇغا قاپلىنىپ قالغان ئىدىم. يا بىر دەڭ، يا بىر مېھمانخانا، يا بىر قاۋاقخانا، يا بىر كوچا، ئىش قىلىپ ھېچ نەرسە يوق ئىدى. ئادەم بۇ يەردە، ناھايىتى تار يوللاردا مېڭىپ، كېچىلىرى ئىچلىرىدىن چىققان چوڭقۇر مەنىلىك، بوغۇق غۇدۇڭشىغان ئاۋازلار كۆتۈرۈلگەن ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل تاغلارنىڭ بىر بۇلۇڭلىرىدا، ئادەتتە ئىسسىقلىق تۇرغاندەك كۆرۈنىدىغان كىچىك يېزىلارغا ئۇدۇل يامىشىدۇ. ئاندىن ئۇدۇل كەلگەن بىر ئۆينىڭ ئىشىكىنى چېكىپ، كېچىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۈچۈن، بىر كىچىك قوتان ئىزدەيدۇ. ئادەتتىكى ناھايىتى ئاددىي بىر داستىخانغا داخىل بولۇپ، تامچە تامچىپ تۇرىدىغان بىر ئۆگزە ئاستىدا ئۇخلاپ، سەھەردە ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ، سىزنى كۈتۈۋالغان ئادەمنىڭ قولىنى سىقىپ خوشلىشىپ، يولىڭىزغا راۋان بولىسىز.

مەن بىر ئاخشام ئون سائەتلىك سەپەردىن كېيىن، تەخمىنەن بىر كىلومېتىر نېرى تەرەپتىكى، دېڭىزغا تۇتىشىدىغان بىر تار جىلغىنىڭ تۆۋىنىدە، ئەتراپى پۈتۈنلەي قۇپقۇرۇق بىر كەپىنى كۆردۈم ـ دە، ئۇ كەپىنىڭ يېنىغا كەلدىم. بۇ يەر بولسا تاغنىڭ، مايماق ـ سايماق ۋە ئۈستى ـ ئۈستىگە جۈپلەشكەن خادا تاشلار بىلەن قاپلانغان، ئىككى ناھايىتى چوڭ دەرەخنىڭ ئېگىلگەن شاخلىرى بىلەن تامدەك ئورالغان ئىدى.

بۇ ئاجايىپ، ئادەمگە ھۇزۇر بېرىدىغان كەپىنىڭ ئەتراپىدا بىر باراڭلىق تال، كىچىك بىر باغچە ۋە ئازراق نېرىدا بىرقانچە چوڭ كاشتان دەرىخى بار ئىدى.

مېنى ياشانغان بىر ئايال كۈتۈۋالدى. ئاددىي ۋە پاك ـ پاكىز، يارىشىملىق كىيىنىۋالغان بۇ ئايال بۇ يەردىكىلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. بىر ئورۇندۇقتا مۈكچىيىپ ئولتۇرغان بىر بوۋاي ماڭا سالام بەرمەكچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى ۋە بىر ئېغىز گەپمۇ قىلماي يەنە ئولتۇردى.

ئايال:

ــ ئۇنىڭ قىلىقلىرىغا خاپا بولماڭ. ئۇنىڭ قۇلىقى ئاڭلىمايدۇ. 82 ياشقا كىردى، ــ دېدى.

فرانسۇزچە ناھايىتى راۋان سۆزلىدى.

مەن ھەيرانلىق ئىچىدە:

ــ سىز كورسىكالىق ئەمەسمۇ؟ ــ دەپ سورىدىم.

ئايال:

ــ ياق، بىز ياۋروپالىق. ئەللىك يىلدىن بىرى بۇ يەردە ياشاۋاتىمىز ــ دەپ جاۋاب بەردى.

بۇلار تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا يۇرتلىرىدىن شۇنچە ئۇزاقتا، بۇ گۆرىستان جىمجىتلىقى ئىچىدىكى بىر كەپىدە ئەللىك يىلنى ئۆتكۈزگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ، ئىچىم ئاچچىق بولۇپ قالدى.

كەپىنىڭ ئىچىگە كىردۇق، بوۋايمۇ بىز بىلەن بىللە كىردى. داستىخانغا كېلىپ ئولتۇردۇق. كەچلىك تاماقتا چوشقا مېيىدا پىشۇرۇلغان بەرەڭگە بىلەن قاتتىق شورپىسىغا قوشۇق سېلىشقا باشلىدۇق.

تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، سىرتقا چىقىپ، ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان بىر ياغاچ ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم. مۇساپىرچىلىقتا، ئاخشاملىرى ئادەمنى بىر غېرىبلىق تۇيغۇسى قاپلاپ، كۆڭلى يېرىم بولىدىغان گەپكەن. مەنمۇ دەل مۇشۇ چاغدا مۇشۇنداق تۇيغۇلار ئىچىدە ئىدىم.

مەۋجۇتلۇق، ھاياتلىق ۋە كائىنات، ھەممە شەيئى، ھەممە نەرسە ماڭا ئىچى قۇپقۇرۇق، ئۆچۈرۈلگەندەكلا كۆرۈنەتتى. بىردىنلا بۇ ھاياتنىڭ ئۇ مۇدھىش ھەقلىقى، قورۇق ئۈمىدلەر بىلەن ئۆزىنى ئالدىغان يۈرەكلەرنىڭ قارا يالغۇزلۇقى ئىچىمنى قاپلىۋالغان ئىدى.

ياشانغان ئايال سىرتقا چىقىپ، يېنىمغا كەلدى. دۇنيادا ئۆزلىرىنى تەقدىرنىڭ ھۆكۈمىگە تاشلاپ قويغان ئادەملەرنىڭ روھلىرىدا بولىدىغان دۆتلۈك ئەمما، ھاياجاندىن تىترىگەن بىر ئاۋاز بىلەن مۇنداق دېدى:

ــ دېمەك، فرانسىيەدىن كەلدىڭىز. شۇنداقمۇ؟

مەن:

ــ شۇنداق، ھەۋەس قىلىپ، كېزىپ يۈرىۋاتىمەن.

ئايال:

— پارىژلىقمۇ سىز؟

مەن:

— ياق، نانكىلىق

بۇ نانكى سۆزى، ئۇنى ھاياجانلاندۇرغانلىقىنى سەزدىم. ئايال سالماقلىق بىر ئاۋاز بىلەن:

— نانكى، — دەپ تەكرارلىدى.

بۇ چاغدا بوۋاي باشقا پاڭلاردەك ئاستا ۋە تۇيغۇسىز ھالى بىلەن ئىشىك تۈۋىدە پەيدا بولدى.

ئايال:

— ئۇ ھېچنېمىنى ئاڭلىمايدۇ. سۆزىمىزنى داۋاملاشتۇرۇۋېرەيلى بىز. نانكىلىق ئىكەنلىكىڭىزدىن قارىغاندا، ئۇ يەردىكى ھەممە كىشىنى تونۇيسىز ھەقاچان؟

مەن:

— ھە، شۇنداق، شۇنداق، — دېدىم.

ئايال:

— سائىنت-ئاللائىزە ئائىلىسىنى تونۇمسىز؟

مەن:

— ھە. مەن ناھايىتى ياخشى تونۇيمەن. دادامنىڭ دوستلىرى ئىدى

ئايال بولسا كۆزلىرىنى كۆزلىرىمدىن ھېچ ئۈزمەيلى. ئانىلارنى جانلاندۇرىدىغان ئاستا ۋە بوغۇق بىر ئاۋاز بىلەن:

— شۇنداق، ھەممىسىنى ئەسلىيەلەيمەن. ناھايىتى ئېنىق ئېسىمدە. ئۇ بىرسەمارەلارغا نېمە بولدى؟

مەن:

— ھەممىسى ئۆلدى!

ئايال:

— ۋاھ ۋاھ، ھەممىسى ئۆلدى ھە؟ بەلكى ئۇ سىرمونتلار...سىرمونتلارنى تونۇمسىز؟

مەن:

— تونۇمامدىغان، ياشلا تۇرۇپ گېنېرال بولغانتىغۇ

ئايال ھاياجاندىن تىترەۋاتاتتى. بىلمەيمەن قايسى بىر بىلگىنى بولمايدىغان، قايسى كۈچلۈك، قايسى بىر مۇقەددەس سەممىيەتلىكنىڭ تەسىرى ئاستىدا مۇشۇ چاغقىچە يۈرۈكىدە قۇلۇپلىنىپ قالغان بۇ ئەسلىملەر، روھىنى تىترەتكەن بۇ ئىسىملاردىن سۆز ئېچىشقا ئېھتىياج ھېس قىلغاندەك:

— شۇنداق — دەپ ئاغزىنى مىدىرلاتتى ۋە " — ھېنرىمۇ، سىرمونتمۇ مېنىڭ قېرىنداشلىرىم، — دېدى.

گاڭگىراش ۋە دەھشەت ئىچىدە تېڭىر قاپ قالدىم. پۈتۈن بۇ ئۆتمۈش بىردىنلا كۆز ئالدىمدىن بىر-بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

بىر ۋاقىتلاردا بۇ لوررائىنە سويۇدىن بولغان سىرمونتلار ئائىلىسىدە چوڭ بىر سەتچىلىك يۈز بەرگەن ئىدى. ناھايىتى چىرايلىق سۈزانە سىرمونت ئىسىملىك بىر قىز، دادىسى قوماندانلىق قىلغان دىۋىزىيەدىكى ئاتلىق قىسىم ئەسكىرىگە كۆڭۈل بەرگەن ئىدى ۋە ئائىلىسىدىن ۋاز كېچىپ ئۇ ھەربىي يىگىت بىلەن قېچىپ كەتكەن ئىدى.

ئۇ يىگىت ناھايىتى قاملاشقان بالېتى. ئۆزى تىمەن، چىرايلىق بىر سەھرالىق ياش ئىدى. بولۇپمۇ كۆك ئاتلىق ئەسكەر فورمىسى ئۇنىڭغا بەكمۇ ياراشقان ئىدى. مانا مۇشۇ گۈزەللىكى بىلەن قوماندانىنىڭ چىرايلىق قىزىنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالغان ئىدى. ئەمما، ئۇلار قانداق تونۇشۇپ قالدى، قەيەرلەردە كۆرۈشتى، مۇھەببىتىنى قانداق ئىزھار قىلدى؟ بۇلارنىڭ سىرى ھېچ بىر ۋاقىت ئوتتۇرىغا چىقمىغان ئىدى.

ھېچكىمگە بىلدۈرمەستىن، بىر ئاخشام نۆۋەتچىلىكى تۈگىگەندە، ياخشى كۆرگەن قىزى بىلەن قەيەرلەرگىدۇر غايىب بولغان ئىدى.

ئۇلارنى ھەممە يەردىن بىر-بىرلەپ ئىزدىدى، ئەمما، ھېچ يەردىن تاپالمىدى. ھېچ بىر خەۋەر ئالالمىدى ۋە ھەر ئىككىلىسىنى ئۆلدى دەپ بىلدى.

ھازىر مەن ئەللىك يىلدىن كېيىن بۇ قورقۇنۇچلۇق بىر جىلغىدا ئۇلار بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالدىم. ئايالغا مۇنداق دېدىم:

— ئەمدى ئېسىمگە كەلدى. سىز سۈزان خانىم بولىسىز. شۇنداقمۇ؟

ئايال بېشىنى لىڭشىتىپ"ھە"دېگەنلىكىنى ئىشارەت قىلىپ، كۆزىگە ياش ئالدى. ۋەيرانە كەپىنىڭ بوسۇغىسىدا ئولتۇرغان بوۋايىنى ماڭا كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

ــ ئەنە ئاشۇ، ــ دېدى.

ھېس قىلدىمكى ئۇنى تا ھازىرغىچە ياخشى كۆرەتتى. بوۋايغا قاراشلىرىدىن سېزىۋالغان ئىدىم.

ــ بەختلىك بولدىڭىزمۇ كاشكى؟ ــ دەپ سورىدىم.

ئىچىدىن چىققان بىر ئاۋاز بىلەن مۇنداق جاۋاب بەردى:

ــ ئۇئۇئۇئۇھ، ئەلۋەتتە، ناھايىتى ياخشى بەختلىك بولدۇم. مېنى بەكمۇ بەختلىك قىلدى ئۇ. قىلغان ئىشلىرىمغا، ھېچبىر ۋاقىت پۇشايمان قىلمىدىم.

بۇ ئاشىقنىڭ قۇدرىتى ئالدىدا، ئۇنىڭغا ھەم بەكمۇ ھەيران بولدۇم ھەم ھەسرەتلىك قارىدىم. بىر باي ئائىلىدە ئەركە چوڭ بولغان بۇ قىز، بىر سەھرالىقنىڭ پېشىدىن مۈشۈ يەرلەرگە كېلىپ، ئۇنىڭ يېنىدا بىر يېزا خوتۇنى بولغان ئىدى. ھەر تۈرلۈك نازۇ ـ نېمەتلەردىن، ياسىنىشتىن، نازاكەتتىن مەھرۇم قالغان بىر سەھرالىق ئايال بولغانتى. ئۇ سەھرالىقنىڭ ھاياتىغا قوشۇلۇپ،ئۇنىڭ ئاددىي ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى قوبۇل قىلغانتى. تا ھازىرغىچە ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. ئاددىي بىر رەختتىن كىيىم كىيگەن، بېشىغا ياغلىق ئارتقان، تاختا بىر ئۇستەلدە، ھېجىر بىر قاچىدا قاتكۆك شورپىسى بەلەن چوشقا مېيىدا پىشۇرۇلغان بەرەڭگىنى يەپ، ئۆزىنىڭ يوتقىنىدا قىمىرلاپ، سامان دۆۋىسى ئۈستىدە ئۇخلايتتى.

بۇ ھاياتتا، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ بىر نەرسىنى ئاڭلىمىغانىدى: زىبۇ ـ زىننەتلەر، تاۋار ـ دۇردۇنلار، نازۇك جابدۇقلار، يۇمشاق ئورۇندۇقلار، زىننەتلەنگەن ئۆيلەر، بۇ ئۆيلەرنىڭ مەززىلىك ھاۋالىرىنى، ماموق ياستۇقلار قاتارلىقلاردىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا ھەرگىز پۇشايمان قىلمىغان ئىدى. بىرە قېتىم بولسىمۇ، كىچىككىنە بولسىمۇ بۇلار ئۈچۈن كۆڭلى يېرىم بولغان ئەمەس. ياخشى كۆرگەن ئادەمدىن باشقا ھېچبىر ئىستەك، ھېچبىر سېغىنىش ئۇنى چىرمىمىغان ئىدى. پەقەت ۋە پەقەتلا ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇش ئۇنىڭغا يەتكەنىدى. بۇنىڭ باشقىنى ئىستىمىگەن ئىدى.

ياشلىق چاغلىرىدا، تازا توشقان ۋاقىتلىرىدا ئۆزىنى چوڭ قىلغان، ياخشى كۆرگەنلەردىن ۋە ئۇ باياشات ھاياتتىن ۋاز كەچكەن ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن يالغۇز بۇ ۋەھشىي، ئىپتىدائىي جىلغىغا كەلگەنتى. ھەممە ئارزۇسىنى، ھەممە خىيالىنى، ھەممە ئۈمىدىنى، ھەممە كۈتكەن نەرسىلىرىنىڭ ئۈستىنى بەدىنى، روھى بىلەن ياپقانىدى. پۈتۈن بۇ پىداكارلىقلار ئۈچۈن ئۇ ياش يىگىت ئۇنىڭ ھاياتىنى بەختكە چۆمۈلدۈرگانىدى. ئەلۋەتتە، سىرمونت خانىممۇ مېنىڭدىن كۆپ نەرسىنى تەلەپ قىلالمايتى. «پۈتۈن بىر كېچە، بۇنچىلىك ئۇزاق يەرلەردە ئۆزىنى ئىزدىگەن ئايالنىڭ يان تەرىپىدە، كونا ۋە سېسىق ياتقىنىدا ئۇخلاۋاتقان قېرى ئەسكەرنىڭ بوغۇق چۈشۈلداشلىرىنى ئاڭلىدىم ۋە بۇ غېرىب، بۇ ئاددىي ئەمما، نادىر كۆرۈنىدىغان ۋەقەنى، بۇ مۇھەببەت سەرگۈزەشتلەرنى، بۇ ئاجايىپ بەخت نەمۇنىلىرىنى ئويلاپ تاڭ ئاتقۇزدۇم. قۇياش چىقىش بىلەن بۇ ئىككى ياشانغانلارنىڭ قوللىرىنى سىقىپ خوشلىشىپ، ئۇلاردىن ئايرىلدىم.» دەپ ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بۇ تەسىرلىك ۋەقەنى ئاخىرلاشتۇردى.

ياشانغان ئادەمنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ئاياللاردىن بىرى:

ــ بۇ ۋەقەنىڭ ھەيران قالارلىق بىر تەرىپى يوق. سۇزان سىرمونت بولسا ئۆزى ئاددىي، غايىلىرى يوق، قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ئىپتىدائىي يارىتىلغان بىر ئايال ئىكەن. مىنىڭچە، بىر لەقۋادىن باشقا بىرسى ئەمەس، ــ دېدى.

باشقا بىر ئايال دېمىنى ئىچىگە تارتىپ، بوش بىر ئاۋازدا:

ــ نېمە ئەھمىيىتى بار. ئەڭ مۇھىمى بەختلىك بوپتۇغۇ! ــ دېدى.

يىراقلاردىن، ئۇپۇق ئاستىدىكى كورسىكا، قاراڭغۇلۇققا كۆمۈلمەكتە، ئاستا ـ ئاستا دېڭىزغا چۆكمەكتە، قىرغاقلارنى باش ـ پانا قىلغان ئىككى يوقسۇل ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ ھېكايىسى، خۇددى ئۆزى بىۋاستە سۆزلەپ بېرىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقان مۇختەشەم بۇ كۆرۈنۈشى ئاستا غۇۋالاشماقتا ئىدى.

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ھەبىبۇللا ئابلىمىت (گېرمانىيە)

# ئوغلىمىز

تارىك بۇغرا (تۈركىيە)

ئايالىم ئاقىرىشقا باشلىغان دېرىزە تۈۋىدە ئولتۇراتتى. ئۇ پۈتۈن كېچىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزگەن ئىدى.

— سەن تېخىچە ياتمىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

ئۇ رۇسلاندى. كۆلەڭ دېرىزە ئالدىدا گويا بىر كۆلەڭگىگە ئوخشايتتى. بىراق، بۇ كۆلەڭگىدە بىز بىللە ئۆتكۈزگەن 20 نەچچە يىلنىڭ ھەر كۈنىنىڭ ئىزلىرى بار ئىدى.

— ئەزەن چىقتى، — دەپ پىچىرلىدى ئۇ.

ئاۋازى مېنى مۇڭلاندۇردى. ھۇجرىمىز بۇ دۇنيادىن، ھېچقانداق ھېس-تۇيغۇ ئېرىشەلمىگىدەك دەرىجىدە ئۇزاقتا قالغاندەك ۋە ئايالىم قۇرئان بىلەن ۋەدە قىلىنغان سائادىتىنى ئەسىرلەردىن بېرى بىكارغا كۈتۈۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشلىرىدا قوبۇل قىلىنغان مەغلۇبىيەتنىڭ ئېچىنىشلىق جىمجىتلىقى بار ئىدى. ئايالىم ئاشخانىغا كىردى. ئۇنى خۇددى چۈشۈمدە كۆرۈۋاتاتتىم: مەشكە ۋە ساماۋەرگە ئوت سالدى. تەرەت ئالغاندىن كېيىن جايىنامازنى سېلىپ نامازغا تۇردى.

دېرىزە ئاپئاق ئاقىرىپ كەتكەن ئىدى. رەڭسىز، تىمتاس ۋە سالقىن ئەتىگەن. يوتقاننىڭ ئىسسىقلىقى، چىگىشلىشىپ كەتكەن خىياللار ۋە خىياللاردىن قېچىش... ئۇخلاپ قاپتىمەن.

— ئاللاھىم....

— نېمە بولدى؟

— كەلدى...

— ياخشى بوپتۇغۇ...

بىراق مەسىلە بۇلا ئەمەستى. ئايالىم مېنى پەرۋاسىز دەپ قارايتتى ۋە خاپا بولاتتى:

— بىر نەرسە دېمەمسەن؟ بۇ ئۈچىنچى قېتىم بولدى...ۋاي خۇدايىمەي، قانداق قىلىمىز؟

مەن بۇنى بىلەتتىمۇ؟ لېكىن ئۇنىڭغا:

— ئەتە بىرنەرسە دەي، — دېدىم.

قايسى ئەتە؟!... كۆك يۈزى سۈپسۈزۈك رەڭگەر رەڭنى تاپقان ئىدى. يېڭى بىر كۈن، بىز سىڭىپ كېتىشكە مەجبۇر يېڭى بىر كۈن باشلانغان ئىدى. ئايالىم ھەقلىق. بۇنىڭغا بىرنەرسە دېيىش كېرەك. ئوغلۇم مانا ئەمدى ئورنىغا كىرىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا بۇ قىلغىنىنىڭ ئۆمىدسىز بىر قارشىلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشۈم كېرەك ئىدى. ئورنۇمدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتىم. ئايالىم ئەندىكىپ ماڭا قارىدى.

— بەك قاتتىقلىق قىلما. نېمىلا بولمىسۇن ئاخىرى...

ئۇ سۆزلىرىنى داۋاملاشتۇرالمىدى. ئۇنىڭغا قارىدىم. كۆزلىرىدىكى مەنا ئاستىن ئۈستۈن بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئاھ! مېنىڭ زەپىرەك يۈزلۈك، كۆلەڭ چاچلىق سەبى قەدىرلىكىم!

ئۆيدىن چىقىۋاتقاندا ئايالىم، مۈرەمگە پوپايكامنى يېپىپ قويدى.

ئوغلۇمنىڭ ھۇجرىسى كۆنچىقىش تەرەپتە ئىدى. دېرىزىسى چوڭ بىر باغقا قارايتتى. ئۇدۇلدىكى ئۆينىڭ ئارقىسىدىن ئۆرلەپ چىقىۋاتقان قۇياش تاملارنى ئاچ قىزىللىققا پۈركىگەن ئىدى.

ئوغلۇم ئاللىقاچان ئۇخلاپ قالغان بولۇپ، كىيىملىرىنى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قالايمىقان ئېتىۋەتكەن، ئۇخلاش كىيىمىنىڭ ئۈستىنى كىيمىگەن ئىدى. كارىۋىتىنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇققا ئولتۇردۇم.ئىچىم ئاجايىپ بىئارام بولۇۋاتاتتى. ئۇنىڭغا قارىيالمايتتىم، لېكىن ئىچىم ئۇنىڭ بىلەن تولغان ئىدى. بۇرۇنمۇ بىر قېتىم مۇشۇنداق بولغان ئىدى. ئۇ چاغدا ئوغلۇم تېخى كىچىكتى، ئىچى سۈرۈپ، قىزىتمىسى ئۆرلەپ ئاغرىپ كەتكەن بولۇپ، توختىماي جۆيلۈيتتى. ئۇ، ھازىر بۇلارنى ئېسىگە ئالالمايتتى...

ئوغلۇم، قار ياققان بىر فېۋرال كېچىسى تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇنى دادامنىڭ قۇچىقىغا بېرىۋاتقاندا ئاجايىپ ھاياجانلىنىپ كەتكەن ئىدىم. ئۇنىڭغا ئىسىم ئىزدىگەندە قامۇس ماڭا بەكمۇ بوش، قۇرۇق تۇيۇلغان ئىدى. ئۇنىڭغا چاقناپ تۇرىدىغان، خۇددى كائىناتتەك مەنىلىك بىر ئىسىم تېپىشنى ئارزۇ قىلغان ئىدىم. ئاخىرىدا «ئۆمەر» دېدۇق. بۇ ئىسىم ئۇنىڭغا ياراشقان ئىدى. ئۇنى تارىختا يەر ئالغان پۈتۈن ئۆمەرلەرنىڭ ئىقبالىغا، غەلىبىسىگە لايىق دەپ قارايتتىم.

تۇنجى كۆلۈشى، تۇنجى چىشى، تۇنجى سۆزى...ئاپىسىغا-ياش، گۈزەل ۋە بەختىيار ئاپىسىغا قاراپ ئاتقان تۇنجى قەدىمى.

كېيىن يەتتىنچى يېشى... ئۇنى مەكتەپكە ئېلىپ بارغان كۈنۈم بەكمۇ كۆپ يىغلىغان ئىدى. خۇددى، مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن ئۆيدىن باشقا ھېچقانداق يەر قوبۇل قىلمايدىغاندەك. لېكىن ئىشلار مۇشۇنداق. ئۇمۇ باشقا ئوغۇللارغا ئوخشاش، كوچا، مەكتەپ ۋە بازار ئارىسىدا كۈندىن كۈنگە كەسكىنلىشىپ بارىدىغان بىر ئارىلىقتا مەھكۇم بولاتتى. بۇنى توسۇپ قىلىش مۇمكىن ئەمەستى.

14 ياش! تەرسالىقلار، ئىشتاھسىزلىقلار... بىرگە يېگى بىر ھەمراھ ، ھەمراھلارنىڭ ئەڭ يېڭىلمەيدىغىنى قوشۇلدى...ئايالىمنىڭ مەغرۇر ھاياجانلىرى ۋە مېنىڭ تۇنجى ئەندىشەم...

ئوغلۇم تولۇق ئوتتۇرىنى، كېيىنچە ئالىي مەكتەپنى تۈگەتتى. بۇ جەرياندا، ئۇنى ياخشىراق ياشىسۇن دەپ، ئايالىم، تويدا چۈشكەن ئەڭ قىممەتلىك ئالتۇن جابدۇقى بەش تىللادىن تەركىب تاپقان مەدالىيونۇندىن ئۈچىنى سېتىۋەتتى... ئوغلۇم تۇنجى مۇھەببەتنىڭ بەختسىز ئاقىۋىتىدىن ئېغىر زەربە يېدى، بىزنىمۇ پەرىشان قىلدى.

شۇنداق قىلىپ بىز ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي باغلانغان، ھايات دۇنيامىز ئۇنىڭ بىلەنلا چېگرىلانغان بىر چاغدا، ھەي... "سەن بىزدىن ئايرىلىپلا كەتتىڭ. بىزنىڭ سۆيگۈمىز ئاشقانسېرى سەن بىئارام بولدۇڭ. مەن بۇنى چۈشىنەتتىم. سەن بىزنى ئەركىنلىكىمگە تاجاۋۇز قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاۋاتاتتىڭ. ئاما، ئاپاڭ...مەن بىلمەن، سەن ئەمدى ئۆيىنىڭ بۇنداق بېزىلىشىنى، ھەتتا بۇ ئۆينى ياراتمايسەن...ئۇچۇشنى ئۆگەنگەن بىر قۇشقاچ بالىسىغا ئوخشاش كۆزۈڭ باشقا شاخلاردا ئىدى. سېنىڭ ئويلاۋاتقىنىڭ كىم بىلىدۇ قانداق گۈزەل بىر ئۆي. بىزنى مېھمان قىلىدىغان مېھمانخانىنىمۇ ئۇنۇتمىغان بولىشىڭ مۇمكىن ، بۇنىڭغا ئىشىنىمەن. بۇنچىلىكى بىزگە، ماڭا يېتىدۇ. ئاما، ئاپاڭ... بۇنى سەنمۇ سېزىپ تۇرۇۋاتىسەن، ئارىلاپ ئارىلاپ، ئۆكىلىرىڭنى قانداق ئوقۇتىدىغانلىقىڭنى، بىر ئۈچۈن نېمىلەرنى تەسەۋۋۇر قىلغانلىقىڭ ھەققىدە سۆزلەيسەن. لېكىن، بىر بىرىمىزدىن نېمىشقا يوشۇرىمىز، سەن مۇشۇنداق سۆزلەرنى قىلغاندا ئاۋازىڭنى تىترەتكەن نەرسە، بىرئاز ۋىجدان ئازابى ۋە كۆپىنچە چارەسىزلىكنىڭ ئازابى ئەمەسمۇ؟ لېكىن، سەن بۇنىڭ ئۈچۈن ئازابلانما، سېنىڭ قولۇڭدىن نېمە كېلىدۇ؟ ھايات مۇشۇنداق بولىدۇ، ھېچ نېمە قىلالمايسەن...

مەن سېنىڭ ئىچىملىكتىن نېمە تىلەۋاتقانلىقىڭنىمۇ بىلىمەن، ئۇنىڭغا ئۆگىنىپ قالمايدىغانلىقىڭغىمۇ ئىشىنىمەن. لېكىن ئاپاڭ... ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن سېنىڭ تالادىن نېمە كۈتكىنىڭنى، ئۆيدىن نېمىشقا قېچىۋاتقانلىقىڭنىمۇ بىلىمەن. بەلكىم، ئەرزىمەس بىر كوچا خوتۇنى ئۈچۈن. مەن ئۇلارغا دۈشمەن ئەمەس، ھەتتا... ئەمما ئاپاڭ... ئاپاڭ بىچارە ئاشۇنداق بىرىگە تۇتۇلۇپ قالىدۇ دەپ بەك قورقىدۇ. سەن كېچىلەرنى مۇشۇنداق تالادا ئۆتكۈزسەڭ، ئاپاڭنىڭ خىيالىدا، چىراقلار يېنىپ تۇرغان ئاشۇ كوچىلار مەسىلەردىكى قورقۇنچلۇق ئۆڭكۈرلەرگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

بىراق بالام، بۇنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ سەن بۇلارنى بىلمەمسەن؟ مەن پۈتۈن بۇلارنىڭ سېنىڭ قەلبىڭنى قانداق پاراكەندە قىلغانلىقىنى بىلمەيمەنمۇ؟ ئاپاڭ، مەن... سەن بىزگە قارىما. پۈتۈن ئەخمەقلىق بىزدە. بەلكى، سېنىڭ ئاغرىپ قېلىشىڭنى كۈتۈۋاتقان بولىشىمىز مۇمكىن. ھازىرمۇ سېنىڭ بىزگە ئەڭ كۆپ ئائىت بولغان كۈنلىرىڭدىكىگە ئوخشاش بولۇشۇڭنى ئارزۇ قىلىمىز. مانا، كۆزلىرىمنى يۈزۈڭگە تىكىلەمەيۋاتىمەن، ساڭا قارىيالمايۋاتىمەن. ئاپاڭمۇ شۇنداق. ھازىر بىز سېنى ئويغىتالمايمىز. چۈنكى، ئويلاشقا جۈرئەت قىلالمىساقمۇ بىلىمىز، سېنىڭ ئۇيقۇڭمۇ ئۆزگىرىپ كەتتى. بۇرۇن بىزنى ساقلاۋاتقاندەك ئۇخلايتتىڭ. شۇنداق، سېنىڭ ئۇيقۇڭمۇ ئۆزگەردى. ھەتتا ئەسلىدە ئۆزگىرىش سېنىڭ ئۇيقۇڭدا يۈز بەردى؛ سەن ئۇيقۇلىرىڭدىمۇ بىزدىن ئۇزاقلىشىپ كەتتىڭ ئوغلۇم...»

بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىدىم. خۇددى رېماتىزمغا تۇتۇلۇپ ئاغرىۋاتقان قولۇمنى قوللىنىۋاتقاندەك تۈيۈلۈپ كەتتى. لېكىن، بىردىنلا ئىچىم يورۇپ كەتكەندەك: گويا، نەچچە يىلدىن بېرى ئىزدەۋاتقان بىر دوستۇمنى تېپىۋالغاندىم. ئىسقىرتقىم كەلدى. پەردىلەرنى چۈشۈردۈم، قۇياش نۇرى ئۇنى بىئارام قىلىشى مۇمكىن. مېنىڭكىگە ئوخشاش يىرىك ۋە قارا ساقاللىق يۈزىنى ئاستا سۆيۈپ، تالاغا چىقتىم.

چېپىمىزنى ئىچىۋاتقاندا ئايالىم خىيالچان كۆرۈنەتتى. مەن كىچىك ئوغلۇمنىڭ چېپىغا، ئۇ ھېچ ياخشى كۆرمەيدىغان لىموننى يوشۇرۇنچە سىقىپ، توشقۇزۇپ قويدۇم.

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: مەغپىرەت كامال يۇنۇسئوغلۇ (تۈركىيە)

# ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسى



بىر كۈنى ھال ئەھۋالى ناھايىتى ياخشى، ھاياتىنى بەخت ئىچىدە ئۆتكۈزۈۋاتقان بىلىملىك بىر ئادەم كۆپچىلىك بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ، چاقچاق قىلىپ مۇنداق دەپتۇ:

— ھىندىستاندا بىر دەرەخ بار ئىكەن، ئۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى كىم يېسە، ئۇ كىشى قېرىمايدىكەن ۋە مەڭگۈ ئۆلمەيدىكەن. ئۇ دەرەخنىڭ مېۋىسى ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسى ئىكەن.

بۇ گەپ قۇلاقتىن قۇلاققا ئاخىرىدا پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان پادىشاھ «توغرا ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ، ئۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى قولغا چۈشۈرۈشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قولىدىن ئىش كېلىدىغان بىر چاپارمەننى نۇرغۇن مال-دۇنيا بىلەن ھىندىستانغا يولغا سېلىپتۇ. بۇ ئادەم ھىندىستانغا كېلىپ، ئۇ دەرەخنى ئىزدەپتۇ. ئەمما، پۈتۈن ھەممە يەرنى ئىزدەپ، قېدىرىۋەتكەن بولسىمۇ ئۇ دەرەخنى ھېچ بىر يەردىن تاپالماپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ ئادەم ئۇ دەرەخنى نەچچە يىل ئىزدەپتۇ. ھىندىستان دېگەن بۇ دۆلەتتە بارمىغان يېرى، چىقمىغان دۆڭى، كەزمىگەن چۆلى قالماپتۇ. قايسى شەھەرگە بېرىپ كىمدىن ئۇ دەرەخنى سورىسا، بەزىلەر مىيىقىدا كۈلۈپ زاڭلىق قىلسا بەزىلەر بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ: «ھەي...ساراڭ بوپقاپتۇ-دە بۇ بىچارە» دەيدىكەن. يەنە بەزىلەر: «كۆڭلى تۈز

بۇ ئادەمنىڭ بۇنچىلىك ئەجىر قىلىشىنىڭ ۋە جاپا تارتىشىنىڭ بىر سەۋەبى باردۇر. بەلكى بۇ قۇرۇق سۆز ئەمەستۇ» دەيدىكەن. شۇنداق قىلىپ كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىرسى ئۇ ئادەمگە بۇنداق دەپتۇ:

— پالانى يەرگە بارساڭ بىر ئورمان بار، ئاشۇ ئورماندا شۇنداق بىر دەرەخ بار.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان ئادەم ناھايىتى ھاياجانلىنىپتۇ. يىللاردىن بىرى بۇنداق بىر ياخشى خەۋەرنى ئاڭلاپ باقمىغان بولغاچقا ئاشۇ ئورمانغا قاراپ چېپىپتۇ. ئۇ ئادەم شۇنچىلىك خوش بولۇپ كەتكەن ئىكەن، چۈنكى نەچچە يىللاردىن بىرى ئۇ دەرەخنى ئىزدەپ كۆپ جەبىر-جاپا تارتىپتۇ. پادىشاھمۇ ئۇنىڭغا كۆپ راسقۇت ئەۋەتىپتۇ. ئەمما، تا بۈگۈنگىچە قۇرۇق گەپتىن باشقا بىر نەرسىگە ئىگە بولمىغان ئىكەن. بۈگۈن مانا نېمە بولسا بولسۇن بىر ئۈمىدىنىڭ ئۇچى ئۇنىڭغا كۆرۈنۈپتۇ.

ئادەم شۇنداق قىلىپ ھېلىقى ئورمانغا يېتىپ كەپتۇ، قارىسا تاللىرى شۇنداق ئېگىز مېۋىسى تولۇق، يوپۇرماقلىرى يېشىل دەرەخ تۇرغۇدەك. ئەمما بۇ دەرەخ ھېلىقىدەك دەرەخ بولماستىن پەقەت شۇ ئورماننىڭ زىننىتى ئىكەن. ئادەمنىڭ نۇرسىز، ھارغىن كۆزلىرى ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئولتۇرۇشۇپ كېتىپتۇ. شۇنچە كۆپ جاپالارنى تارتىپ ئېرىشكىنى قۇرۇق گەپ بوپتۇ. ئاخىرى ئۆزىنى ئاجىز ھېس

بۇ ئەسەر «مەسنەۋى»دىن دۇرادانىلەر ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى.

قىلىپتۇ. پۈتۈن قىلغان ئىشلىرى، تارتقان جاپالىرى بوشقا كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئامالسىز پادىشاھنىڭ يېنىغا قايتماقچى بوپتۇ. دەرد ـ ئەلەم ئىچىدە ياشقا تولغان كۆزلىرى بىلەن يولغا چىقىپتۇ. مانا مۇشۇنداق ئۈمىدسىزلىكتە كېتىۋاتقاندا، يولدا بىر شەيخ ئۇچراپ قاپتۇ. ئادەم شەيخنى كۆرۈپ ئۆز ھالىنى بۇنداق ئىزھار قىلىپتۇ:

— ئۈمىدسىزلىك دېڭىزىغا چۆكتۈم. ئىچىم ھەسرەتكە تولدى. سېنىڭ مۇبارەك جامالىڭنى كۆرۈشۈم، مېنىڭ تەلىيىمنىڭ باشلىنىشى بولسۇن. ياخشى تىلەك، ئېسىل دۇئالىرىڭنى مېنىڭدىن ئايىما. ئۇ دۇئالىرىڭ يولدا ماڭا ياخشى ھەمراھ بولغاي. ئارزۇ قىلىپ يۈرگەن ئىشلاردىن ئۈمىدىمنى ئۈزدۈم. — دەپ يىغلاپ تۇرۇپ شەيخنىڭ ئالدىغا كېلىپ قولىنى سۆيۈپتۇ. بۇلۇتتىن چۈشكەن يامغۇردەك كۆز ياشلىرى شەيخنىڭ مۇبارەك قوللىرىنى ھۆل قىلىۋېتىپتۇ. ئۇ ئادەم يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— ئەي شەيخ ! ماڭا ئىچىڭ ئاغرىسۇن. ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە قالدىم. ماڭا ياردەم قىلغىن.

كۆڭلى يۇمشاق شەيخ بۇ ئىزتىراپقا تولغان سۆزلەرنى ئاڭلاپ بۇنداق سوراپتۇ:

— سېنىڭ بۇ مەيۈسلىكىڭ زادى نېمە سەۋەبتىن ؟ زادى مەندىن نېمە تىلەيسەن؟

— مېنى پادىشاھىم بىر دەرەخنى تېپىپ، ئۇنىڭ مېۋىسىنى ئەكېلىشكە بۇيرۇغان ئىدى.

ئۇ دەرەخنىڭ مېۋىسى قېرىماسلىقنىڭ دورىسى بولغاچقا، ئۇ دەرەخ پۈتۈن دۇنيا ئارزۇ قىلىدىغان بىر دەرەخمىش. مەن ئۇ دەرەخنى ناھايىتى كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئىزدىمىگەن بۇلۇڭ پۇشقاق قالمىدى. ئەمما، ئۇنداق بىر دەرەخنى ھېچ يەردىن تاپالمىدىم.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان شەيخ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە ئۇ ئادەمگە بۇنداق خىتاب قىلىپتۇ:
— ئەي ئاق كۆڭۈل ئادەم! ئۇ دەرەخ ئالىملارنىڭ ئىلمىدۇر. بۇنى پەقەت ئالىملار چۈشىنىدۇ. ئۇ شۇنداق ئۇلۇغ ھەم شۇنداق چوڭ، ھەر تەرەپكە يېيىلغان. ئۇ ئابىھاياتنىڭ بۇلۇقى ۋە شۇنداق بىپايان كەتكەن چوڭقۇر دېڭىزدۇر. سەن شەكىلگىلا قاراپسەن، ئەي ئەخمەق. مەنىسى ياپراقتىمۇ، مېۋىسىدىمۇ ئەمەس. ئۇنىڭ ئىسمى بەزىدە بىر دەرەخ، بەزىدە قۇياش، بەزىدە دېڭىز، بەزىدە بۇلۇت.ئەمما، مىڭ ئەسىرلەردىن بېرى ئۇ بىردۇر. ئەڭ قىممەتلىك ئەسىرى مەڭگۈلۈك ھاياتتۇر. ئۇ يالغۇز. ئەمما، ئەسەرلىرى كۆرمىڭ. ھەربىرىنىڭ ئۆزىگە لايىق ئىسىملىرى بار. بەزىدە ئۇ بىرلىرى ئۈچۈن قەھر ۋە زۇلۇم قىلسا يەنە بەزىلەر ئۈچۈن ياخشىلىق قىلىدۇ. سەن پەقەت دەرەخنىڭ ئىسمىگە باغلىنىپ قىلىپ مانا مۇشۇنداق چارىسىز، ئۈمىدسىز ھالغا چۈشۈپ قاپسەن. سەن ئىسمىنى ئويلىما، ئۇنىڭ ماھىيىتىگە قارا. ئۇ سۈپەتلەر سېنى سىرلارنىڭ ھېكمىتىگە ئېرىشتۈرسۇن، — دەپتۇ.

**ھېكمەتلىك سۆزلەر:**

ئەي ئوغۇل! پەكمەز (ئۈزۈمدىن ياسالغان شىرنە) توڭلاپ قالغان ھالەتتىمۇ ئۈنى يېگەننىڭ جىگىرى قىزىيدۇ.

بىلىملىكنىڭ سۆزلىرى ئىنسانلارنى بىرلەشتۈرىدۇ. ئەخمەقنىڭ سۆزلىرى ئىنسانلارنى بۆلۈشكە سەۋەب بولىدۇ.

تىل بىلگەن ئادەم جەرەن بىلەن قاپلاننىمۇ ئىتتىپاقلاشتۇرالايدۇ.

ھەر دەۋردە تىنچلىقنى سۆيىدىغان، زۇلۇمغا قارشى تۇرىدىغان بىر سۇلايمان چىقىدۇ.

ياخشى ئىنسانلارنىڭ نەپسى بىردۇر.

ئۈزۈم ھەر خىل بولسىمۇ،مەجلىسا ھەممىسى ئوخشاش قىيام بولىدۇ.

بىلىمسىز ۋە ئەسكى ئىنسانلارنىڭ كۆپلىكىدىن بىلىملىك ئەزىز كىشىلەر زۇلۇمغا ئۇچرايدۇ.

تۈركچىدىن ھەبىبۇللا ئابلىمىت تەرجىمىسى



# ئىككى شېئىر

مۇقەددەس نۇر (ياپونىيە)

مۇقەددەس نۇر ئۈرۈمچىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ياپونىيىنىڭ ياپونىيە كاناگاۋا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ياپونىيە دۆلەتلىك مەدەنىيەت ئىلىم-پەن مىنىستىرلىكى ئوقۇش مۇكاپاتى ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، ياپونىيە تارىخى فولكلور ماتېرىياللىشۇناسلىقى ئىلمىدە ماستېر ۋە دوكتورلۇقتا ئوقۇغان. ھازىر ياپونىيە چىبا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. ئاساسلىق ئەسەرلىرىدىن: «كارافۇتو زېمىنىدىكى ياپونىيە ئىمپېرىيەسى پادىشاھلىق ئىدىيولوگىيەسى قالدۇرغان ماددىي ئاسارە-ئەتىقىلەر»، «كارافۇتو زېمىنىدىكى ياپونىيە بۇززۇكخانىلىرى» قاتارلىقلار بار. تەرجىمە ئەسەرلەردىن: «ئەي ئۇيغۇر تۇپرىقى»، «ئۇيغۇر شائىرى ئەخمەتجان ئوسمان تاللانما شېئىرلىرى»، «ئۇيغۇر ئاۋانگارت ياش شائىرلىرى تاللانما شېئىرلىرى» قاتارلىقلار بار.

## «سەن ئۆزۈڭ ئۇچۇن يىغلا» دېگەن ئادەمگە

ئەگەر ھەسرەتتە قالساڭ
تەنھالىقتىن زېرىكسەڭ
ئۈمىدسىزلەنسەڭ
چېچىمدىن بىر تالنى
ئوچاقتىكى ئوتقا تاشلىغىن
شۇ زامان
كۆز ئالدىڭدا پەيدا بولىمەن
ئازاپلىرىڭنىڭ يېرىمى مېنىڭ!

2019-يىلى 3-ئاينىڭ 25-كۈنى

## دەپ بېرە

ماڭا دەپ بېرە
ئۆلۈم دېگەن نېمە ئىكەن
ئۇچۇپ كەتتىڭمۇ
نۇر كۆرۈندىمۇ
ئازابلاندىڭمۇ
قورقتۇڭمۇ
ماڭا نېمە دەپ تەسەللى بېرەلەيدىڭ
ئالدىدا كېتىش دېگەن بەختنى بىزدىن تارتىۋالدىڭ
مەن
سەن سۆيگەن ئادەملەرنىڭ بىرى بولۇپ
كىتابلىرىڭ بىلەن بىللە
قەۋرەڭنىڭ ئالدىدا
بۇ ياقتا قېلىپ قالدىم.

2019-يىلى 8-ئاينىڭ 1-كۈنى

ياپونچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: مۇقەددەس نۇر (ياپونىيە)

# ئاخسكا داستانى

(18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ـ 19 ـ ئەسىرنىڭ بېشى)

ئاشىق گۆلئالى (تۈركىيە)

قېرىنداشلار، سىزگە بايان ئەيلەيمەن،
قان ياش تۆكەر دەردىم نېمە قىلايمەن،
چۈۋۈلدى ئۈۋۈمىز، ياتنى بويلايمەن،
ۋايكى، خاراب بولدى گۈزەل ئاخسكا.

بەختى قارىدۇر، بىرەر كۈن كۈلمەس،
كاپىر موسكۇ تاجاۋۇزدا ئالالماس،
ئەرزۇرۇم ئۇزاقمۇ، دادقا كېلەلمەس،
ۋايكى خاراب بولدى گۈزەل ئاخسكا.

ئازگۇر بوغىزىدا سوقۇش باشلىدى،
تالاي خائىن بەگلەرگە ئالتۇن بېرىلدى،
شەھەر تالان بولدى، ئۆيلەر يېرىلدى،
ۋايكى خاراب بولدى گۈزەل ئاخسكا.

يەتتىدىن يەتمىشقا قەسەم قىلىشتى،
يۇرت، نومۇس شەرىپىگە جاندىن كېچىشتى،
ساتقۇنلار، سەپلەردىن قېچىپ كېتىشتى،
ۋايكى خاراب بولدى گۈزەل ئاخسكا.

بۇرج بىلىپ، ئۈستىگە بايراق قۇرۇشتى،
يەتتە كۈن روزىدا قىلىچ ئۇرۇشتى،
ئاخسكا يايلىقىدا چېدىر قۇرۇشتى،
ۋايكى خاراب بولدى گۈزەل ئاخسكا.

موسكوۋ، دىگەردە ئۇرۇش باشلاتتى،
مەلئۇن پۇرسەت بىلدى، ئوتنى چاچتى،
بۇزۇلدى قەلئەسى، كۆمپەيكۈم تاشى،
ۋايكى خاراب بولدى گۈزەل ئاخسكا.

شەھەرنىڭ يارىسى ئوت ئىچرە ياندى،
ئاھۇ ـ پىغان ئاسمان ـ پەلەك يېپىلدى،
شېھىتلەر قېنىدا يەرلەر بويالدى،
ۋايكى خاراب بولدى گۈزەل ئاخسكا.

ئاخسكادىن چىقتى بىر يۇكسەك تۇمان،
زۇلۇم تاك ئەتتى، بەرمەيدۇ ئامان،
مەۋلام ئاخىرەتتە نېسىپ قىل ئىمان،
ۋايكى خاراب بولدى گۈزەل ئاخسكا.

پاشالار تەسلىم بوپ چىقتى قەلئەدىن،
نەچچە ئەۋلاد ئايرىم قالدى ئانادىن،
كۆرسەتمىگەي بالا ـ قازا، تىلەر ئالالادىن،
ۋايكى خاراب بولدى گۈزەل ئاخسكا.

سەرئەسكەرنىڭ ئۆمرى كۈنى كەسىلسۇن،
كوسا پاشا ساقالىدىن ئېسىلسۇن،
بەگ مۇستافا قارا يەرگە بېسىلسۇن،
ۋايكى خاراب بولدى گۈزەل ئاخسكا.

ئاخسكالىق چۈشتى دادۇ ـ پەريادقا،
سەرئەسكىرى يېتەلمسۇن مۇرادقا،
ئەسكىرى خائىندۇر، كەلمەز ئىمداتقا،
ۋايكى خاراب بولدى گۈزەل ئاخسكا.

سەرئەسكىرى قايتىپ چۈشسۇن تۇپراققا،
ئاخسكانى ساتتى ئازغىن شارابقا ،
مەسچىتى، مەدرىسى بولدى خارابا،
ۋايكى خاراب بولدى گۈزەل ئاخسكا.

پالتىلىق ئانىلار جەڭگە قوشۇلدى،
ھال قىنىدا ئۈستەڭ يۈزى تۇتۇلدى،
سەبى سۈبىيان ئاتەشلەرگە ئېتىلدى،
ۋايكى خاراب بولدى گۈزەل ئاخسكا.

توپلار تارقاق بولدى، تۇمان قاپلىدى،
تالاي جانلار پارچە بولدى، چۈرىدى،
ئورۇس كىردى، ئىچكىرىگە يۈرىدى،
ۋايكى خاراب بولدى گۈزەل ئاخسكا.

يىقىلدى سارايلار، قالمىدى ھاشا،
سەرساندۇر ئىنسانلىرى تاغۇ تاشا،
لايىقمىدۇر سىزگە بەگلىكى پاشا،
ۋايكى خاراب بولدى گۈزەل ئاخسكا.

بۇ ئەسەر «ئاخسكا خەلق شېئىرلىرىدىن تاللانما» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.

ئاخسكانىڭ ئالدى، گۈزەلدۇر يازى،
پەرىشان بولۇشتى كېلىنى، قىزى،
تەقدىر ھەق ئىدى، بۇ قارا يازى،
ۋايكى خاراب بولدى گۈزەل ئاخسكا.

ئاخسكا ئەتراپى چۆرىدەپ تاغدۇر،
ئىچىدە يېتىشكەن ،مور، سۆمبۈل، باغدۇر،
ئامان ئاللاھ بۇ بۈگۈن نە يامان چاغدۇر،
ۋايكى خاراب بولدى گۈزەل ئاخسكا.

مەسچىتى مېھرابىغا زىللار ئېسىلدى،
جامىغا ھاقارات ئاياق بېسىلدى،
ملك بەرىكەت بۇ يەرلەردىن كېسىلدى،
ۋايكى خاراب بولدى گۈزەل ئاخسكا.

كۆندە ئوقۇنۇردى بەش ۋاقىت ئەزان،
مىڭلارچە ئىدىغۇ ئوقۇغان، يازغان،
مەرھەمەت، مۇرۇۋۋەت ياراتقان يازغان،
ۋايكى خاراب بولدى گۈزەل ئاخسكا.

ئېچىلدى باغلىرى ھال، يېشىل، سېرىق،
چېقىلدى قالمىدى، بۇلاندى بارلىق،
شۇنداقمىش بىزلەرگە تەقدىرى بارلىق،
ۋايكى خاراب بولدى گۈزەل ئاخسكا.

بىزگە ھارام ئاخسكانىڭ ئوۋاسى،
كۆم بولسۇن ئورۇسنىڭ يۇرتى، ئوۋسى،
يېتىشكەي ئەرىشتە مەلەك دۇئاسى،
ۋايكى خاراب بولدى گۈزەل ئاخسكا.

قازاقلار ئولتۇرۇپ قىلىچ ياغلايدۇ،
ئاخسكا ئىچىدە قول قان چاغلايدۇ،
يەردە ئىنسان، كۆكتە مەلەك يىغلايدۇ،
ۋايكى خاراب بولدى گۈزەل ئاخسكا.

جەننەت مىسلى كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ،
ۋەيران بولدى باغلار بۇلبۇل ئۆتمەيدۇ،
قولىمىز ئۇزانماس، قۇۋۋەت يەتمەيدۇ،
ۋايكى خاراپ بولدى گۈزەل ئاخسكا.

قۇربان بايرىمىنىڭ ئەتىسى كۈنى،
قۇرۇلدى ئاخسكا قارا تۈگىنى،
ئۇيقۇدا ئىدىغۇ پۇخراسى، بېيى،
ۋايكى خاراپ بولدى گۈزەل ئاخسكا.

بۇنى شۇنداق بايان ئەيلەر گۈلەلى خوجا،
توپ، گۈلدۈر ياغدۇردى ھەر كۈن، ھەر كېچە،
ئىكى يۈز قىرىخ تۆت، قىرىق بەشىنچى كېچە،
ۋايكى خاراپ بولدى گۈزەل ئاخسكا.

ئاخسكاچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: نۇرزۇگۇم قۇتلۇق (تۈركىيە)

# ئەي گۈزەل قىرىم

(شېئىر)

ئاشىق گۈلئالى (تۈركىيە)

ئالۇشتادىن ئەسكەن شامال يۈزۈمگە ئۇردى،
باللىقتىن ئۆسكەن ئۆيگە كۆز يېشىم چۈشتى،
مەن بۇ يەردە ياشالمىدىم، ياشلىقىمغا تويالمىدىم،
ۋەتىنىمگە ھەسرەت قالدىم، ئەي گۈزەل قىرىم.

باغچىلارنىڭ مېۋىلىرى بال بىلەن شەربەت،
سۇلىرىنى ئىچىپ-ئىچىپ تويالمىدىم مەن،
مەن بۇ يەردە ياشالمىدىم، ياشلىقىمغا تويالمىدىم،
ۋەتىنىمگە ھەسرەت قالدىم، ئەي گۈزەل قىرىم.

بالا-چاقا ۋەتىنىم دەپ كۆز يېشى تۆكەر،
ياشانغانلار قول كۆتۈرۈپ دۇئالار قىلار،
مەن بۇ يەردە ياشالمىدىم، ياشلىقىمغا تويالمىدىم،
ۋەتىنىمگە ھەسرەت قالدىم، ئەي گۈزەل قىرىم.

قىرىمچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: نۇرزۇگۇم قۇتلۇق (تۈركىيە)



# سەۋەبكارىم

فاتىمە ئابدۇلغەفۇر سەيياھ (ئاۋستىرالىيە)

شائىرە فاتىمە ئابدۇلغەفۇر سەيياھ قەشقەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. ئۇ ئانا تىلى ئۇيغۇرچىدا شېئىر يېزىشنى ئۆزىنىڭ ئىنسانى كىملىكىنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر قىسمى دەپ قارايدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ شېئىرلىرى شائىرەنىڭ پەردەزلەنمىگەن ھېسلىرىنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن ئوقۇرمەنلەرگە سىزىپ بېرىدۇ. گىئوپەنلىرى تەتقىقاتچىسى فاتىمە تەبئىي پەنلەرنىڭ لوگىكىسىنى شېئىرنىڭ نەپىسلىكىدە ئىپادىلەشكە تىرىشىدۇ ۋە بىزگە سەنئەت بىلەن ئىلىم ـ پەننىڭ كېسىشمىسىنى گارمونىك ھالدا شېئىردا نامايان قىلىدۇ. فاتىمە سەيياھ ياۋروپا ۋە ئامېرىكىلاردا ماگىستىر ۋە دوكتورلۇقتا ئوقۇپ، ئاخىرىدا ئاۋستىرالىيەنىڭ سىدنىي شەھرىدە يەرلىشىپ قالغان. ئۇ ئۇيغۇرچە، ئىنگلىزچە ۋە خىتاي تىلىدا شېئىر ئىجاد قىلىدۇ. فاتىمە سەيياھ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە جەمئىيەتنى كۆزەتكۈچى ئۆتكۈر كۆزلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ يازغان تىلى يىنىك، چۈشىنىشلىك ئەمما مەزمۇنى چوڭقۇر ماقالىلىرى ئەمەلىي قوللىنىشچانلىقى بىلەن داڭلىق. شائىرەنىڭ «ناتونۇش شەھەر» ناملىق شېئىرلار توپلىمى 2018 ـ يىلى ئامېرىكىدا نەشر قىلىنغان.

سۆيەتتىم يامغۇرنى ھېچبىر سەۋەبسىز،
ۋەلېكىن سەن بىلەن ئۇچراشقان چېغىم
قولۇمدىن ئاجرىدى ئىختىيار، تىزگىن،
يامغۇرغا مەن ئاشىق بولدۇم قايتىدىن.
ئوخشىماس ئەمدى ھېچ بۇرۇنقىسىغا،
ساپ تۇيغۇ، روھلاردىن چاقنىغان چېقىن،
سەۋەبكارىم بولۇپ قالدىڭ سەن ئۆزۈڭ
گۈزەللىكلەرنى سۆيمەككە قايتىدىن.

ئاڭلايتتىم مۇھەببەت ھېكايىسىنى،
روماندىن ۋەياكى داستان ـ شېئىردىن.
ۋەلېكىن سەن بىلەن ئۇچراشقان چېغىم

ئۆزۈمنى تارتىنىش ئىچىدە سەزدىم،
ناتىۋان قەلبىمنىڭ ئېچىلغىنىنى،
كۆزلىرىم كۆرمىدى، لېكىن ئاڭلىدىم.
يورۇتتۇڭ ئۇنى سەن رەڭلىك نۇر بىلەن،
ئوخشىماس ئەمدى ھېچ بۇرۇنقىسىغا
سەۋەبكارىم بولۇپ قالدىڭ سەن ئۆزۈڭ،
گۈزەللىكنى سۆيمەككە ھەق ـ چىن مەنىدىن.

سۆيىمەن سېنى ئۇ ئۈچۈن، بۇ ئۈچۈن
چۈنكى سەن سەۋەبسەن ھېس قىلىشىمغا
سۆيگۈنى قايتىدىن، يەنە قايتىدىن.

ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: دىلمۇرات ئابدۇقەييۇم (تۈركىيە)

# شېئىرلىرىم

مۇتەللىپ ئىقبال (ئامېرىكا)

مۇتەللىپ ئىقبال ئوتتۇرا تېخنىكومدا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدىلا دوستلىرىنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن شېئىر دېگىنىزغا سەۋدالارچە غەرق بولىدۇ. ئۇنىڭ دەرس ۋاقتىدىلا ئوغۇرلۇقچە شېئىر ئوقۇشلىرى قىزلارغا ئەمەس، شېئىرنىڭ گۈزەللىكىگە بولغان سەۋدالىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە خېلى كۆپ شېئىرلىرى ئېلان قىلىنىدۇ.

ئۇ تەكلىماكانلىقلارنىڭ غېرىپلىقلىرى، سىقىلىشلىرى ۋە روھىي زىددىيەتلىرى ئىچىدە چوڭ بولغاچقا شېئىرلىرىدىمۇ بۇ خىل كەيپىيات ھۆكۈمران ئىدى. گەرچە نەچچە ئون يىل شېئىرغا ئاسىيلىق قىلغان بولسىمۇ، ھاياتنىڭ ئاچچىق قىسمەتلىرى ئالدىدا شېئىرنىڭ گۈزەللىكى ئۇنى يەنە قايتا تېپىۋالىدۇ.

شېئىرغا نىسپەتەن ئېيتقاندا ئۇنىڭ ھازىرغا قەدەر ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرى، كىتاپلىرى ۋە يىغىنلارنى ساناپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. قېنى ئۇنداق بولسا شېئىرغا ئۆزىمىزنى ئوقۇتايلى.

## خوتەن شېۋىسى

خوتەن
ئەرلەرگە ۋەتەن
مەلىكىسى تاش بوراندا ئېزىلىپ يۈرگەن.
يۈتۈپ كەتكەن مەرۋايىتى قۇمنىڭ ئاستىدا
ئېيتماقتا قوشاق،
ئېيتماقتا ئۆلەن

خوتەنلىكلەر بىرنى بىر دەيدۇ
ياڭاق تۈۋىدە مىڭ جىن بار دەيدۇ
يالغۇز قالار ئېتىزلىقلار سەھەر ۋە كەچتە
بىر تال گۈلدەك ۋاقىت سولۇپ، ئۆلۈپ كېتىدۇ

خوتەندە ئادەم يوق،
بىراق
نۇپۇس قانۇنىنى كۆزگە ئىلماس نۇرغۇن ئاياللار
مىڭ ئايال
ھەتتا چۆمۈلىدەك مىغىلدىغان ئايال
بالا تۇغۇپ ئۆلۈپ كىتەر ھەتتا چۈشىدە
يوقتۇر ھېچ ئامال

خوتەن سۆيۈملۈك شەھەر
سۆيگۈدەك شەھەر
كۆكلەپ چىقار مۇھەببىتى توغراق يىلىدا
قۇرۇپ كېتەر سەمىمىيىتى تەنھا ئارالدا
قالار بۇ شەھەر
دۇنيا ئالدىدا

خوتەن ئادىمى
ئەڭ چىڭ ئادەم
ئەڭ چىن ئادەم
چۈنكى بۇ خوتەندە
ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم يوق
مەن، مەن خوتەن ئادىمى دېگەن

خوتەن
خەرىتىلەر ئارقىلىق قەشقەرگە تۇتىشىدۇ
قەشقەر خوتەن ئەمەستۇر
خوتەن قەشقەر ئەمەستۇر
بۇندا ئىككى سايە ئۆز ـ ئارا
بىر ـ بىرىگە تۇتاشقان بىلەن.

خوتەن ئادىمى
بىر تۆگىنى بوغۇزلىدى
بۇ تۆگە
قىرىق جان ئىدى
قىرىق نەۋرە كەلدى قېشىغا
بۇ شەھەرنىڭ ئىسمى يوق ئىدى
بۇ شەھەردە ئادەم بار ئىدى
خوتەن
ئادەملەرگە لىق تولغان شەھەر،
قۇلاق سالار مەسجىت گۈمبىزى
كۆك قەرىدە ياڭرىسا ئەزان.

خوتەن
ئادەملەرگە لىق تولغان شەھەر
خوتەن ئادىمى
يەر تېرىيدۇ خۇدانىڭ كۈنى
ئايغا ئوخشار پۇچۇق كەتمىنى
ئەمما،
بىرمۇ ئادەم يوق
ئېتىز بېشىدا

## بۆگۈن

بۆگۈن بولدۇم غېرىپقا ئۆلپەت ،
كەزدىم سەندە يالغۇز ئاياقسىز.
بۆگۈن دېدىم ئىچەي ھەم سېنى
زەمزەم كەبى، گۈللۈك قەدەھسىز.

بۆگۈن بولدۇم كەچمىشكە ئاشنا ،
دېدىم سېنى تاپاي ئۆزۈمدىن.
بۆگۈن بولدى دۇنيا غېرىبان
ئايرىغاچقا مىنى سىنىڭدىن.

بۆگۈن ھەممە يوللار سەن ئىدىڭ ،
مەن كارۋانسىز، نىشانسىز سەيياھ.
بۆگۈن جاننى قىيىندىم سەنسىز
جانىڭ بولغاچ ماڭا ئارامگاھ.

ئىستانبۇلنى سېغىندىم دەھشەت ،
چۈنكى ئۇنىڭ گۈزەللىكى سەن.
بىر ناخشا قىپ ئېيتسام مەن سېنى
مىڭ يىلغىچە تۈگىمەيدىكەن.

بۆگۈن ئىچەي سېنى قەدەھسىز ،
بۆگۈن كېزەي سەندە پايانسىز ،
بۆگۈن كېتەي ئۆزۈمدىن ساڭا
يالغۇز قالسۇن ھايات ئاشىقسىز.

## يۈرەك رىۋايىتى

ئۇ قوشاق ئەمەس تۇقۇپ باققۇدەك ،
ئاشىقلار شۇڭلاشقا ئۇندىن يارالدى .
ئۇ ئىشىق، نەۋ باھار ئىدى تەنلەرگە،
بۇ سەۋەپ ئۇ بىزگە ئەسلى زات ئىدى.

ئۇ ۋۇجۇد ئىچىگە ئېچىلغان كۆزنەك ،
بەلكى ھەرجان ئۇنىڭ ئۆپۈشلىرىدە .
ئۇ نۇرلۇق تاڭلارنىڭ ئىچىدە ياشار
سەگىدۇ رىئاللىق كەۋسەرلىرىدە .

ئۇ بارچە ئالەمنى سىغدۇرالىغان ،
بۇ يەردە چاقنايدۇ مەڭگۈلۈك سۆيۈش .
ئۇ پەرھاد غېرىبنىڭ ھەسرەتلىرىدە،
مەۋجۇتتۇر شۇڭلاشقا سۆيۈش، سۆيۈلۈش.

ئۇ يارقىن دىللارنى باغلىغان ئىستەك،
كەلمەكتە ئۈمىدنىڭ خۇش ساباللىرى.
ئۇ دەرىس بۇ دۇنيا ئۆتمەكچى بولغان ،
كۆلدە يۈقالغان تۇنجى بابلىرى .

ئۇ تەنگە مىخلانغان گۈل سېۋىتىدۇر ،
پۈرىقى روھلارنى سەگىتكەن، سۆيگەن.
ئۇ سېنىڭ باھارىڭ، تەبەسسۇمىڭدۇر ،
ئۆمۈرنىڭ ھەممىسى ئۇندا كۆكلىگەن.

## رەناغا

مارمارا دېڭىزى گۈزەل ئىدى،
بىلىق ۋە سۇدىكى ۋەسۋەسە بىلەن
ئىستانبۇلدا ھاياتنى خۇدا ياراتقان ئىدى،
رەنانىڭ مىڭ يىللىق سەۋداسى بىلەن.

بۇ يەردىمۇ دېڭىز بار ئىدى،
خۇدا دېڭىزنى دېڭىزغا تۇتاشتۇرغان ئىدى.
شۇڭلاشقا مەن
مارمارا دەپ
ئۆزۈمنى
ئاتتىم دېڭىزغا.
ئۇچرىتارمەن دەپ سېنى قىرغاقتا
بارلىق دېڭىز سىنىڭ ئىدى،
بارلىق بىلىقلار سەن تەرەپكە يول باشلايتتى ،
بارلىق قۇملاردا ئىزىڭ بار ئىدى ،
بارلىق قولۇلىلەر ئىككىمىزگە ئۆي سالاتتى...

قۇياش يارالمىغان قىش پەسلىمدە
سېنىڭ باھارىڭغا بولدۇم قەلەندەر.
ئاسمىنىڭدىن بىر قۇش
دەرەخلىرىڭدىن بىر نوتا
ياز پەسلىڭدىن ئەركە شامال
چىمەنىڭدىن بىر قۇش
كۈز پەسلىڭدىن بىر تال يوپۇرماق
ئىستىگەنچە كىردىم ئۆزۈمگە.

بۇ چاڭقاق كۆنلىرىم،
ۋاشىڭگىتوندىن
ئىچىمگە سىڭگەنچە مىنى تەكلىماكانغا
شۇ مەزلۇم ئانامنىڭ قاداق قوللىرىغا
ئىشىك ئالدىدىكى ئۈجمە دەرىخنىڭ قوۋزاقلىرىغا
دەرۋازا ئالدىدا ئۆمىلەپ كىتىۋاتقان چۈمۈلىنىڭ
خىياللىرىغا
پالاندى قىلغاندا،
سەۋدا ۋە ساددا قاسراقلىرىڭنى كىيىپ
ئۈمىد پەسلىمدە بولىسەن پەيدا.

كىم بىزنى ئايرىغان؟
بەڭباش خىياللار چوقانلىرىمۇ
ئاشىقسىز مەجنۇننىڭ بىخاراملىقىمۇ
ۋەياكى مۇھەببەتنىڭ ئوقياسىز جەڭ مەيدانىمۇ
مەن بۇ كۈنلەردە ھاياتنىڭ مەنىسىزلىكىدىن خۇدا
ياراتقان بارلىق مەنىلەرنى ئۆلتۈردۈم.
مەن بۇ كۈنلەردە ئۆزۈمنىڭ يالغۇزلىقىدا ئولتۇرۇپ،
دۇنيادىكى بارلىق ئاشىقلارنى دار ئالدىدا
كەزگۈزدۈم.

كۆكسۈمدىكى خەنجەرسەن،
تارتساڭمۇ تارتمىساڭمۇ بەربىر ئۆلمەن.
ئاشىقنىڭ بىپايان چۆلىدە
تۈگىمەس خەزىنە ئىزدەپ
ئىككى قۇتۇپقا كىتىۋاتقان كارۋاننىڭ
گۈلخانلىرىدا يېقىلغان ئوتتەك
كۆيۈۋاتىمەن، كۆيۈۋاتىمەن...

# گۈلدۈرماما ئاۋازى

(ئىلمىي فانتازىيەلىك ھېكايە)

رەي برەدبېرى (ئامېرىكا)

تامدىكى ئېلان تاختىسى بىر قەۋەت سۇ پەردىسىنىڭ ئاستىدا تىترەۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئېكىلىز تىكىلىپ تۇرىۋەرگەنلىكى تۈپەيلىدىن قاپىقىنىڭ تارتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى، ئېلان تاختىسى مۇشۇ پەيتتىكى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كۆيۈۋاتقاندەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى:

*ۋاقىت ساپارى[1] شىركىتى*

*سىزنى ئۆتمۈشتىكى ھەر قانداق يىلغا سافارىغا ئېلىپ بارىدۇ.*

*سىز ھايۋاننىڭ ئىسمىنى ئاتايسىز.*

*بىز سىزنى شۇ يەرگە ئېلىپ بارىمىز.*

*سىز ئۇنى ئاتىسىز.*

ئىسسىق بەلغەم ئېكىلىزنىڭ بوغۇزىغا كەپلىشىپ قالدى؛ ئۇ بەلغەمنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى. قوللىرى ھاۋا بوشلۇقىغا سوزۇلۇپ، ئېغىزىنىڭ ئەتراپىدىكى مۇسكۇللىرى كۈلۈمسىرەش ھالىتىگە كىردى، ئۇنىڭ قولى ئۇنىمىڭ دوللارلىق چەكنى ئۈستەل ئارقىسىدىكى ئادەمگە پۇلاڭلاتتى.

— بۇ سافارى تىرىك قايتىپ كېلەلىشىمگە كاپالەتلىك قىلالامدۇ؟

— بىز ھېچنېمىگە كاپالەتلىك قىلمايمىز، — دەپ جاۋاب بەردى خادىم، — پەقەت دىنوزاۋۇرلاردىن باشقا. ئۇ بۇرۇلدى:

— بۇياق تىرەۋىس ئەپەندى بولىدۇ، سىزنىڭ ئۆتمۈش زاماندىكى سافارى يېتەكچىڭىز. ئۇ ساڭا نېمىگە، ھەمدە قەيەردە ئوق چىقىرىشىڭ كېرەكلىكىنى دەپ بېرىدۇ. ئۇ ئەگەر ئوق چىقارما دېسە، ئوق چىقىرىشقا بولمايدۇ. ئەگەر بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلساڭ، سېنى قاتتىق بىر جازا تەدبىرى كۈتۈپ تۇرىدۇ: ئۇنىمىڭ دوللارلىق جەرىمانە تۆلەيسەن، شۇنداقلا ھۆكۈمەت تەرەپ ساڭا ھەرىكەت قوللىنىدۇ.

ئېكىلىز كەڭرى كەتكەن ئىشخانىغا، ئىنتايىن يوغان ھەمدە چىگىلىشىپ كەتكەن، سېلىكىنىپ ئاۋاز چىقىرىۋاتقان سىملارغا ۋە مېتال ساندۇقلارغا، دەم ئاپپېلسىن رەڭلىك، دەم كۈمۈش رەڭلىك، دەم كۆك رەڭدە تاۋلىنىۋاتقان نۇر شولىسىغا نەزەر تاشلىدى. گويا بارلىق ۋاقىت، بارلىق يىللار، بارلىق قەدىم زامانىدىكى كالېندار ۋاراقلىرى، بارلىق سائەتلەر ئېگىز دۆۋىلىنىپ گىگانت بىر گۈلخاندا كۆيۈۋاتقاندەك، يالقۇنلاۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

ئەگەر قول تېگىپلا كەتسىلا، بۇ گۈلخان، شۇ ھامانلا ئىنتايىن گۈزەل ھالەتتە كەينىگە قايتىپ كېتەتتى. ئېكىلىز ئېلاندىكى تەسۋىرلەرنى ھەرپلىرىگىچە يادىغا ئالالايتتى. ئۆتمۈشتىكى يىللار، يېشىل يىللار، قارا چۈچۈلا ۋە كۆل ئىچىدىن، تۇزۇندىلار ۋە كۆمۈر ئىچىدىن، ئالتۇن رەڭلىك سالاماندىرغا[2] ئوخشاش، ئاتلاپ - سەكرەپ ئۆتىدۇ؛ ئەتىرگۈللەر ھاۋانى تاتلىق خۇشپۇراقلار بىلەن تولدۇرىدۇ، ئاق چاچلار قۇندۇزدەك قارىغا ئۆزگىرىدۇ، قورۇقلار كۆزدىن غايىب بولىدۇ؛ ھەممە، ھەرقانداق نەرسە ئۇرۇق ھالىتىگە ئۇچۇپ بارىدۇ، ئۆلۈمدىن قېچىپ، ئۆزلىرىنىڭ دەسلەپكى ھالىتىگە قايتىشقا ئالدىراپ ماڭىدۇ، قوياش مەغرىبتىن كۆتىرىلىپ، نۇرلۇق شەرقتە پاتىدۇ، ئايلار بولسا ئادىتىنىڭ ئەكسىچە قارشىسىغا قاراپ يېگىلەيدۇ، ھەممە نەرسە ھەمدە ھەرقانداق نەرسە يېڭى ئۆلۈم ھالىتىگە، ئۇرۇقنىڭ ئۆلۈم ھالىتىگە، يېشىل ئۆلۈم ھالىتىگە، ئەڭ دەسلەپكى باشلىنىشتىن بۇرۇنقى ھالىتىگە قايتىدۇ. قولىڭىزنىڭ تېگىپ كېتىشى شۇنداق قىلالىشى مۇمكىن، پەقەتلا قولىڭىز كىچىككىنە تېگىپ كەتسىلا كۇپايە.

— ئىشەنگۈسىز، - ئېكىلىز شۇنداق دەۋەتتى، ماشىنىنىڭ نۇرى ئۇنىڭ ئورۇق يۈزلىرىدە ئوينايتتى.

— ھەقىقىي ۋاقىت ماشىنىسى، — ئۇ بېشىنى چايقىدى، — سېنى ئويلاندۇرىدۇ، ئەگەر تۈنۈگۈنكى سايلام يامان تەرەپكە مېڭىپ كەتكەن بولسا، مەن بەلكىم ھازىر سايلام نەتىجىسىدىن خاپا بولۇپ يۈرگەن بولاتتىم. خۇداغا شۈكرى كېيىس يەڭدى. ئۇ ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ ياخشى پرېزىدېنتى بولالايدۇ.

— ھەئە، — دېدى ئۈستەلنىڭ كەينىدە ئولتۇرغان ئادەم، — بىز تەلەيلىك ئىكەنمىز. ئەگەر دويچېر ئۇتىۋالغان بولسا، بىز ئەڭ يامان دىكتاتورنىڭ قولىغا قالغان بولاتتۇق. سەن بىلەن ماڭا مىلىتارىست، دەججال[3]، ئىنسانىيەتكە قارشى، بىلىم ئىگىلىرىگە قارشى يەنى ھەممىگە قارشى بىر ئادەم ھۆكۈمران بولغان بولاتتى. كىشىلەر بىزگە

تېلېفون قىلىشتى، بىلىسەنغۇ، چاخچاقتەك، لېكىن چاقچاق ئەمەس. ئەگەر دويچىر پىرېزىدېنت بولۇپ قالسا، ئۆزلىرىنىڭ 1492ـ يىلىغا قايتىپ ياشاشنى خالايدىغانلىقلىرىنى بىزگە ئېيتىشتى. ئەلۋەتتە، بىزنىڭ سودىمىز بۇنداق قىچىپ كېتىش تۈرىنى ئېلىپ بارمايدۇ، پەقەتلا سافارى تۈرىنى ئېلىپ ماڭىمىز. ئىشقىلىپ، كېيىس هازىر پىرېزىدېنت. سەن ئەنسىرەشكە تېگىشلىك ئىش يەقەت.

— دېنوزاۋۇرىمنى ئېيتىش،— ئېكىلىز ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى چۈشۈرۈۋەتتى.

— بىر تىرەنسور-رىكىس . ۋەھشىي ھۆكۈمران كەسلەنچۈك، تارىختىكى ئەڭ ئاجايىپ مەخلۇقات. بۇ توختامغا قول قويۇۋەتكىن. بىرەر ئىش يۈز بېرىپ قالسا، بىز مەسئۇل ئەمەس. دىنازاۋۇرلار ئېچىرقاپ تۇرىدۇ.

— مېنى قورقۇتاي دەمسەن،— دېدى ئاچچىقتىن قىزىرىپ كەتكەن ئېكىلىز.

— توغرىسىنى ئېيتسام، ھەئە. بىز تۇنجى ئېتىشتا قورقۇپ كېتىدىغان ھەرقانداق بىرىنىڭ بېرىشىنى خالىمايمىز. ئۆتكەن يىلى ئالتە نەپەر سافارى باشلامچىسى ھەمدە ئون نەچچە ئوۋچى ئۆلۈپ كەتتى. بىز ساڭا ھەر قانداق بىر ھەقىقىي ئوۋچى ئېرىشىشنى خالايدىغان ئەڭ يۇقىرى چەكتىكى قورقۇنچنى باشتىن كەچۈرۈش پۇرسىتىنى ئاتا قىلىشنى خالايمىز. سېنى ئاتمىش مىليون يىل بۇرۇنقى ۋاقىتقا سەپەر قىلدۇرۇپ تارىختىكى ئەڭ بۈيۈك ئوۋ پۇرسىتى بىلەن تەمىن ئېتىمىز. سېنىڭ شەخسىي پۇل چېكىڭ هازىرمۇ بۇ يەردە. ئۇنى يىرتىۋەتكىن. ئېكىلىز ئەپەندى چەككە قارىدى. ئۇنىڭ بارماقلىرى قوۋلاشقاندەك بولدى.

— ساڭا ئامەت تىلەيمەن، دېدى ئۈستەلنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرغان ئادەم،— تىرەۋىس ئەپەندى، ئۇ ئەمدى سېنىڭ ئىلكىڭدە بولدى.

ئۇلار جىمجىت هالدا ئۆي ئىچىنى كېسىپ ئۆتۈپ، مىلتىقلىرىنى ئېلىپ، ماشىنىغا، كۈمۈش رەڭلىك مېتالغا ھەمدە ھۆكىرىۋاتقان يورۇقلۇققا قاراپ ماڭدى.

دەسلەپ بىر كۈندۈز، ئۇنىڭدىن كېيىن بىر كېچە. ئۇنىڭدىن كېيىن بىر كۈندۈز ۋە كېچە. ئۇنىڭدىن كېيىن كۈندۈز-كېچە-كۈندۈز-كېچە. بىر ھەپتە، بىر ئاي، بىر يىل، ئون يىل مىلادى ! ، 2055 مىلادى 2019 .1099 ! 1957 ! كەتتى! ماشىنا ھۆكىرىدى. ئۇلار ئوكسىگېن قالپىقىنى بېشىغا كىيىپ، سۆزلىشىش ئاپپاراتىنى سىنىدى. ئېكىلىز ئورۇندۇقىدا سىلكىنەتتى. يۈزلىرى ئاقىرىپ كەتكەن بولۇپ، جاغ سۆڭەكلىرى قېتىپ قالغاندەك بوپ كەتكەن ئىدى. ئۇ بىلەكلىرىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. نەزىرىنى تۆۋەنگە ئاغدۇرغىنىدا ئۆزىنىڭ قوللىرىنىڭ يېڭى مىلتىقنى چىڭگىدە تۇتۇۋالغانلىقىنى كۆردى. ماشىنىدا ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تۆت ئادەم بار ئىدى. تىرەۋىس يەنى سافارى يېتەكچىسى، ئۇنىڭ ياردەمچىسى-لېسپېرىنس، ۋە ئۆزىدىن باشقا ئىككى ئوۋچى بىللىگىز ۋە كىرەمىر. ئۇلار بىر-بىرىگە قاراپ ئولتۇرۇشاتتى، يىللار ئوتتەك تاۋلىنىپ ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئۇچۇپ يۈرەتتى.

— بۇ مىلتىقلار دىنازاۋۇرنىڭ تېنىنى مۇزلۇتالامدۇ؟ — ئېكىلىز ئۆزىنىڭ ئېغىزىنىڭ شۇنداق دەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

— ئەگەر ئۇلارنى كېلىشتۈرۈپ ئاتالىساڭلا،— دېدى تىرەۋىس قالپىقىدىكى رادىيو ئارقىلىق،— بەزى دىنازاۋۇرلارنىڭ ئىككى مېڭىسى بار، بىرى بېشىدا، بىرى ئومۇرتقا تۈۋرۈكىدە. بىز ئۇلاردىن يىراق تۇرۇشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلساڭ ئامەتىڭنى ئۇزارتقان بولىسەن. دەسلەپكى ئىككى پاي ئوقنى كۆزىگە ئات، ئەگەر قولۇڭدىن كەلسە ئۇلارنى قارىغۇ قىلىۋەت، ئاندىن مېڭىسىگە قارىتىپ ئوق چىقار.

ماشىنا ھۆكىرىدى. ۋاقىت كەينىگە قايتۇرۇلغان بىر فىلىم بولۇپ قالدى. قۇياشلار قاچتى، ئون مىليون ئايلار ئۇلارنىڭ كەينىدىن قاچتى.

— ئويلاپ بېقىڭلار،— دېدى ئېكىلىز،— بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن ھەر بىر ئوۋچى بىزگە بۈگۈن ھەسەت قىلىدىغان بولدى.بۇنىڭ بىلەن ئافرىقا بىزگە خۇددى ئىلىنويىزدەك كۆرۈنىدىغان بولدى.

ماشىنا ئاستىلىدى؛ چىرقىراق ئاۋازى غۇدۇڭشىغان ئاۋازغا ئۆزگەردى. ماشىنا توختىدى. قوياش ئاسماندا توختىدى. ماشىنىنى ئورىۋالغان تۇمانلار تارقىلىپ كەتتى ھەمدە بۇ ئۈچ ئوۋچى ۋە ئىككى سافارى يېتەكچىسى تىزلىرىنىڭ ئۈستىگە كۆك رەڭلىك مىلتىقنى قويغان هالەتتە بۇرۇنقى بىر ۋاقىتتا، ھەقىقەتەنمۇ بەكمۇ بۇرۇنقى بىر ۋاقىتقا قايتىپ قالغان ئىدى.

— ئەيسا پەيغەمبەر تېخى تۇغۇلمىدى،— دېدى تىرەۋىس،— مۇسا پەيغەمبەر تېخى تاغقا قايتىپ خۇداغا سۆزلىمىدى. پىرامىدا تېخى تۇپراق ئىچىدە، كىشىلەرنىڭ كېسىپ، تىكلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ . ئېسىڭلاردا بولسۇن، ئالىكساندىر، قەيسەر، ناپولېئون، گېتلىر، ئۇلارنىڭ ھېچقايسى تېخى مەۋجۇت ئەمەس.

بۇ ئادەم بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئاۋۇ،— تىرەۋىس كۆرسەتتى،— بولسا

پىرىزىدېنت كېيىستىن ئاتمىش مىليون ئىككى مىڭ ئەللىك بەش يىل بۇرۇنقى جاڭگاللىق.

ئۇ ئېرىقچە بولۇۋالغان پاتقاقلىق ئۈستىدىن ئۆتكەن، گىگانت يىگنە يوپۇرماقلىق دەرەخلەر ۋە پالما دەرەخلىرى ئارىسىدىن شۇڭغۇپ، يېشىللىققا سوزۇلغان بىر مېتال كۆۋرۈك يولنى ئىشارەتلىدى.

— يەنە ئاۋۇ،— دېدى ئۇ،— ۋاقىت سافارىسى سىلەرنىڭ ئىشلىتىشىڭلارغا ياتقۇزۇپ بەرگەن يول بولىدۇ، ئۇ يەر يۈزىدىن ئالتە ئىنچ ئېگىزلىكتە لەيلەپ تۇرىدۇ. بىرەر تال ئوت - چۆپ ياپرىقى ، گۈل ياكى دەرەخكە تېگىپ قالمايدۇ. ئۇ ئېغىرلىق كۈچىگە قارشى ماتېرىيالدىن ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەقسىتى بولسا سىلەرنىڭ ئۆتمۈشتىكى دۇنياغا ھەرقانداق بىر تېگىش قىلىپ قىلىشىڭلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىن ئىبارەت. مۇشۇ يولدىلا تۇرۇڭلار. ئۇنىڭدىن چۈشۈپ كەتمەڭلار. قايتىلايمەن: ئۇنىڭدىن چۈشمەڭلار. ھەرقانداق سەۋەب بىلەن! ئەگەر چۈشۈپ كەتسەڭلار، جازاغا ئۇچرايسىلەر. ھەمدە بىز تەستىقلىمىغان ھەرقانداق ھايۋاننى ئېتىشقا بولمايدۇ.

— نېمىشقا،— دەپ سورىدى ئېكىلىز.

ئۇلار قەدىمى ياۋايى تۇپراقتا ئولتۇرۇشتى. شامال يىراقلاردىن قۇشلارنىڭ ئۈنىنى، تارنىڭ پۇرىقىنى[4]، قەدىمى تۇزلۇق دېڭىزنىڭ پۇراقلىرىنى، نەم ئوت-چۆپ ھىدى، ۋە قانىدەك قىزىل گۈللەرنىڭ ھىدىنى ئېلىپ كېلەتتى.

— كەلگۈسىنى ئۆزگەرتكۈمىز يوق. بىز ئۆتمۈشتىكى بۇ يەرگە تەۋە ئەمەس. ھۆكۈمەت بىزنىڭ بۇ يەردە بولۇشىمىزنى خالىمايدۇ. بىز سودىمىزنى داۋاملاشتۇرىشىمىز ئۈچۈن ئۇلارغا پۇل سۇڭگۇتمىسەك بولمايدۇ. ۋاقىت ماشىنىسى سودىسى ئىنتايىن ئالاھىدە سودا. بايقىمايلا، مۇھىم بىر ھايۋاننى، كىچىك بىر قۇشنى، بىرەر تال سۇۋەرەك، بىرەر تال گۈلنى ئۆلتۈرۈپ قويۇپ، جانلىقلارنىڭ مۇھىم بىر ئۇلىنىشىنى بۇزۇۋېتىپ قېلىشىمىز مۇمكىن .

— ئانچە ئېنىق بولمىدى،— دېدى ئېكىلىز.

— بولىدۇ،— دەپ سۆزنى داۋام قىلدى تىرەۋىس،— بىز بۇ يەردە تاسادىپىي بىر تال چاشقاننى ئۆلتۈرۈۋېتىپ قالدۇق دەيلى. ئۇنداقتا بۇ چاشقاننىڭ بارلىق كەلگۈسى ئائىلىلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ، توغرىمۇ؟

— توغرا.

— شۇنداقلا شۇ بىر تال چاشقاننىڭ ئائىلىسىنىڭ ئائىلىسىدىن پەيدا بولىدىغان ئائىلىلەرمۇ شۇنداق بولىدۇ. پۈتۈگدا بىر دەسسىگىنىڭ بىلەنلا، بىرىنچىسىنى قەتلىئام قىلىسەن، ئاندىن، ئون نەچچىنى، ئاندىن مىڭنى، بىر مىليوننى، بىر بىليوننى،شۇ ئېھتىماللىق ئىچىدىكى بارلىق چاشقانلارنى قەتلىئام قىلىسەن!

— شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئۆلىدۇ،— دېدى ئېكىلىز،— ئاندىن نېمە بولىدۇ؟

— نېمە بولىدۇ؟ — تىرەۋىس دىمىقىنى ئاستا قېقىپ قويدى،— ئوبدان، ئاشۇ چاشقانلارنى يەپ جان ساقلايدىغان تۈلكىلەرچۇ؟ ئون چاشقان بولمىسا، بىر تۈلكە ئۆلىدۇ. ئون تۈلكە بولمىسا بىر شىر ئۆلىدۇ. ئاشۇ بىر تال شىر ئۈچۈن، نۇرغۇنلىغان ھاشارەتلەر، تاپ يەيدىغان قۇشلار، سانىنىڭ چېكى يوق بىليونلىغان ھاياتلىق تۈرلىرى قالايمىقانچىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىق ئىچىگە چۈشۈپ كېتىدۇ. ئاخىرى، قايىنىغان قازانغا ئوخشاش بوپ قالىدۇ؛ ئەللىك توققۇز مىليون يىلدىن كېيىن، بىر ئۆڭكۈر ئادىمى يەنى دۇنيانىڭ ئون نەچچە يېرىدىلا مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن بولغان شۇ ئادەم، ياۋا چوشقا ياكى ئەگمە قىلىچ چىشلىق يولۋاسنى ئوۋلىغىلى چىقىدۇ. بىراق سەن، دوستۇم سەن بۇ رايوندىكى ھەممە يولۋاسلارنى دەسسىۋەتتىڭ. بىر تال چاشقاننى دەسسىۋەتتىڭ. شۇنىڭ بىلەن ئۆڭكۈر ئادىمى ئېچىرقاپ كەتتى. دەل ئاشۇ ئۆڭكۈر ئادىمى، شۇنىڭغا دىققەت قىلغىنىكى، ھەرگىزمۇ قىممىتى يوق شۇنداقلا ئۆلۈپ تۈگىسە بولىدىغان ئۆڭكۈر ئادىمى ئەمەس ھە، ياق ھەرگىزمۇ ئەمەس! ئۇ بولسا كەلگۈسىدىكى بىر پۈتۈن مىللەت. ئۇنىڭ پۇشتىدىن ئون ئوغۇل تاماتتى، شۇنداق قىلىپ سەن بىر پۈتۈن ئېرىقنى، بىر پۈتۈن خەلقنى، بىر پۈتۈن ھاياتلىقنىڭ تارىخىنى ۋەيران قىلدىڭ. بۇنى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىلىرىنىڭ بىر قىسمىنى قەتلى قىلىش دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. سېنىڭ يىلتىزىڭنىڭ كۆتىكى، بىر چاشقان بىلەن بىر قېتىملىق يەر تەۋرەشنى باشلىشى مۇمكىن ، بۇ يەر تەۋرەشنىڭ تەسىرى يەر شارىمىزنى تەۋرىتىشى ۋە ۋاقىت ئېقىمىغا ئەگىشىپ قىسمەتلەرنى يارىتىشى، ئۇلارنىڭ ئاساسىغا تەسىر قىلىشى مۇمكىن . ئاشۇ بىر ئۆڭكۈر ئادىمىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن بىر مىليون تۇغۇلمىغان ئادەملەر ئانىسىنىڭ قورسىقىدىلا تۇنجۇقىدۇ. بەلكىم، رىم ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ يەتتە تېغىنىڭ ئۈستىدە قەد كۆتۈرمەس. بەلكىم، ياۋروپا مەڭگۈ قاراڭغۇ ئورمانلىق ھالەتتە تۇرۇشى، پەقەت ئاسىيا قۇرۇقلۇقىلا ساغلام ھەمدە ئىتتىپاق بولۇشى مۇمكىن . بىر چاشقانغا دەسسەپ سېلىش بىلەن سەن پىرامىدالارنى ئېزىۋەتتىڭ دېگەن گەپ. بىر چاشقانغا دەسسىۋەتكەن بىلەن سەن ئۆزۈڭنىڭ

گىرەند كەنيەنچىلىك چوڭقۇرلۇقتىكى[5] ئىزنىڭنى تۇپراققا بېسىپ مەڭگۈلۈك ئىز قالدۇرۇپ قويىدۇڭ دېگەن گەپ. خانىش ئېلىزابىت بەلكى مەڭگۈ تۇغۇلماي قالار، ۋاشىنگتون دەلۋېرنى مەڭگۈ كېسىپ ئۆتمەس، بەلكى ھەرگىزمۇ ئامېرىكا قوشما ئىشتاتلىرى مەۋجۇت بولماي قالار. شۇڭا ئاۋايلىغىن. مېتال يولدا تۇرغىن، ھەرگىزمۇ چۈشۈپ كېتىپ قالما!

— توغرا. مەلۇم ئۆسۈملۈكلەرنى سۇندۇرۇپ قويۇش ئىنتايىن كىچىك ئۆزگىرىش قوشۇپ قويىدۇ. بۇ يەردىكى كىچىك بىر خاتالىق ئاتمىش مىليون يىلدا كۆپىيىپ كېتىدۇ، ھەممە نەرسە نىسبەتتىن چىقىپ كېتىدۇ. ئەلۋەتتە، بەلكىم بىزنىڭ نەزەرىيىمىز خاتا بولۇشى مۇمكىن . بەلكىم ۋاقىت ھەرگىزمۇ بىز تەرەپتىن ئۆزگەرتىلىدىغان نەرسە ئەمەستۇ. ياكى بەلكىم ئۇ پەقەت ئىنتايىن نازۇك بىر ھالەتتە ئۆزگەرتىلىشى مۇمكىندۇر. بۇ يەردىكى بىر ئۆلۈك چاشقان ھاشاراتلار دۇنياسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى بۇزىدۇ، ئۇلارنىڭ نوپۇس نىسبىتىنى بۇزىدۇ، شۇنىڭ بىلەن زىرائەتلەردىن مول ھوسۇل يىغىلمايدۇ، ئاشلىق يېتىشمەيدۇ، ئاچارچىلىق ئەۋج ئالىدۇ، ئاقىۋەتتە ئارقىدا قالغان دۆلەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ھاۋاسىدا ئۆزگىرىش بولىدۇ. بەلكىم، ئاشۇنىڭغا ئوخشاش، تېخىمۇ نازۇكراق ئىشلار يۈز بېرىشى مۇمكىن . بەلكىم، بىر يەڭگىل تىنىغان تىنىق، بىر پىچىرلاش، بىر تال چاچ، ھاۋادىكى بىر تال گۈل چېڭى، ئاشۇنداق كىچىككىنە، ئەرزىمەس ئۆزگىرىشلەرنى سەن دىققەت قىلىپ قارىمىساڭ كۆرەلمەيدىغان ئۆزگىرىشلەر دېمەكچى. كىم بىلىدۇ؟ كىممۇ نېمە بولىدىغانلىقىنى بىلىمەن دېيەلەيدۇ ؟ بىز بىلمەيمىز. بىز پەرەز قىلىمىز. تاكى ۋاقىتنى قالايمىقان قىلىپ يۈرىشىمىز تارىختىكى ئىنتايىن چوڭ گۈلدۈرماما ياكى كىچىككىنە بىر شىۋىرلاش بولۇپ قالىدىغانلىقىنى بىلمىگۈچە، بىز چوقۇم ئىنتايىن ئاۋايلىشىمىز لازىم. سەپەرنىڭ ئالدىدىلا بىلگىنىڭلاردەك، بۇ ماشىنا، بۇ يول، سېنىڭ كىيىمىڭ ۋە بەدىنىڭ مىكروپسىزلاندۇرۇلغان. بىزنىڭ بۇ ئوكسىگېنلىق باش كىيىمنى كىيىۋېلىشىمىزدىكى مەقسەت بۇ قەدىمى ھاۋاغا مىكروپلىرىمىزنى ئۇچراشتۇرۇپ قويماسلىقىمىز ئۈچۈن.

— قايسى ھايۋاننى ئاتىدىغانلىقىمىزنى قانداق بىلىمىز ؟

— ئۇلارغا قىزىل بوياق بىلەن بەلگە قويۇلغان بولىدۇ،— دېدى تىرەۋىس،— بۈگۈن سەپىرىمىز باشلىنىشتىن بۇرۇن، بىز لېسپېرىنىسنى ماشىنا بىلەن بۇ يەرگە ئەۋەتتۇق. ئۇ بۇ ئىراغا كېلىپ مەلۇم ھايۋانلارنىڭ ئىزىنى قوغلىدى.

— توغرا، دېدى،— لىسپېرىنىس،— مەن ئۇلارنىڭ پۈتۈن ھاياتلىق جەريانىنىڭ ئىزىنى قوغلىدىم، قايسىسىنىڭ ئەڭ ئۇزۇن ياشىيالايدىغانلىقىغا دىققەت قىلدىم. بەكلا ئاز. قانچە قېتىم جۈپلىشىدۇ. دائىم ئەمەس. ھاياتلىق بەكمۇ قىسقا، مەن دەرەخ بېسىۋېلىپ ئۆلىدىغان ياكى تار[6] ئورىكىگە چۈشۈپ كېتىپ ئۆلىدىغانلىرىنى بايقىغاندا، دەل ئاشۇ سائەتنى، مىنۇتنى، سېكۇنتنى خاتىرىلەپ قويىدۇم. مەن بوياق بومبىسى ئاتتىم. بۇ بوياق ئۇلارنىڭ بەدىنىدە قىزىل رەڭلىك بەلگە قالدۇرىدۇ. بۇ رەڭنى كۆزۈڭ ھەرگىزمۇ قاچۇرۇپ قويمايدۇ. ئاندىن مەن ئۆتمۈشكە قايتىش ۋاقتىمىزنى شۇنىڭغا ئۇدۇللاپ قويىمەن،-دە، شۇنىڭ بىلەن بىز بۇ مەخلۇقاتنى ئۇنىڭ بېشىغا بەربىر كېلىدىغان ئاشۇ ئۆلۈم ۋاقتىدىن ئىككى مىنۇت بۇرۇنلا ئۇچرىتىمىز. بۇنداق بولغاندا، بىز پەقەت كەلگۈسى مەۋجۇت بولمىغان، ئەۋلاد قالدۇرۇش مۇمكىنچىلىكى ئاخىرلاشقان ھايۋاناتلارنىلا ئۆلتۈرىمىز. قانچىلىك ئاۋايلاۋاتقانلىقىمىزنى كۆردۈڭمۇ؟

— بىراق، ئەگەر سەن بۈگۈن ئەتىگەن بۇ ۋاقىتقا قايتىپ كەلگەن بولساڭ،— دېدى ئېكىلىز قىزىشىپ تۇرۇپ،— ئۇنداقتا سەن بىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالسەن، يەنى بىزنىڭ سافارى بىلەن! ئوۋ ئوۋلىشىمىز قانداق بولدى؟ غەلىبىلىك بولدىمۇ؟ ھەممىمىز تىرىك قالدۇقمۇ؟

— ئۇ بىر قارىمۇ-قارشىلىق،— دېدى، يەنە بىرى،— ۋاقىت ئۇ خىل قالايمىقانچىلىق چىقارغان ئادەمنىڭ ئۆزىنى كۆرۈشكە يول قويمايدۇ.مۇشۇنداق ئەھۋاللارنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىغاندا، ۋاقىت قىرغا چىقىپ تۇرۇۋالىدۇ. خۇددى ئايروپىلان ئۇچۇش يولىدا تۆۋرۈك شەكىللىك ھاۋا ئېقىمىنىڭ دەخلىسىگە ئۇچرىغاندىكىگە ئوخشاش. بىز توختاشتىن بۇرۇن ماشىنىنىڭ سەكرەپ كەتكەنلىكىنى تۇيغانسەن؟ بۇ ۋاقىت دەل ئۆزىمىزنىڭ كەلگۈسىگە قايتقان سەپىرىدىن ئۆتۈشكەن ۋاقتىمىز. بىز ھېچنېمىنى كۆرمىدۇق. شۇڭلاشقا، بۇ قېتىملىق سەپىرىمىزنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدىغان بولمايدىغانلىقىغا، مەخلۇقلىرىمىزنى ئاتالايدىغان ياكى ئاتالمايدىغانلىقىمىزغا ياكى ھەممىمىز، سېنىمۇ دېمەكچى ئېكىلىز ئەپەندى، تىرىك قايتالايدىغانلىقىمىزغا ھازىر بىر نېمە دېيىشىمىز مۇمكىن ئەمەس،— ئېكىلىز سۇس كۈلۈپ قويدى.

— بولدى قىل،— دېدى تىرەۋىس ئىتتىكلا،— كۆپچىلىك ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار.

ئۇلار ماشىنىدىن ئايرىلىشقا تەييار بولدى.

جاڭگاللىق ئىگىز، ھەمدە ناھايىتى كەڭرى بولۇپ، خۇددى پۈتۈن دۇنيا چەكسىز سوزۇلغان جاڭگاللىقتەكلا تۇيۇلاتتى. مۇزىكا ئاڭلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇچار چىبىنلارنىڭ ئاۋازىغا ئوخشايدىغان ئاۋازلار ئاسماننى بىر ئالغان ئىدى. غايەت زور قاناتلىرىنى كېرىپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئۇچار ئۆمىلىگۈچىلەرنىڭ ئاۋازى، تەلۋىلەشكەن گىگانت شەپەرەڭلەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئېكىلىز، تار مېتال يولدا تەڭپۇڭ تۇرۇۋالدى ھەمدە مىلتىقنى ئوينىشىپ قارىغا ئالدى.

— بۇ قىلىقىڭنى توختات! — دېدى تىرەۋىس، — ھەرگىزمۇ ئوينىشىپ قارىغا ئالما، ئوبدان ئاڭلىۋال! ئەگەر مىلتىقىڭدىن ئوق چىقىپ كېتىدىغان بولسا...

— بىزنىڭ تىرەنسور نەدە؟ — دېدى ئېكىلىز قىزىرىپ تۇرۇپ.

لېسپېرىنس قول سائىتىگە قارىدى، — يۇقىرىغا قارا، بىز ئۇنىڭ يولىنى ئاتمىش سېكۇنت ئىچىدە ئىككىگە كېسىمىز. قىزىل رەڭلىك بوياق بەلگىگە قارا، بىز بۇيرۇق بەرمىگۈچە ئوق چىقارما. يولدا تۇرۇڭلار، يولدا تۇرۇڭلار!

ئۇلار سەھەر شامىلىدا ئالدىغا قاراپ ماڭدى.

— غەيرى ئىش، — دەپ غۇدۇڭشىدى ئېكىلىز، — ئالدىمىزدا، ئاتمىش مىليون يىل بار، براق سايلام كۈنى ئاخىرلىشىپ بولدى. كېيىس پىرېزىدېنت بولدى. ھەممە ئادەم تەبرىكلەۋاتىدۇ. بۇ يەردە بولسا، مىليونلارچە يىل يوقاپ كەتتى ھەمدە مەۋجۇت ئەمەس. بىز ئايلارچە، ئۆمرىمىزچە ئەنسىرىگەن ئىشلار تېخى تۇغۇلمىدى ۋە ياكى ھېچكىمنىڭ خىيالىدىمۇ يوق. — بىخەتەرلىك تېرىكى چۈشۈرۈلسۇن، ھەممەيلەن دىققەت! — دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى تىرەۋىس، — سەن تۇنجى بولۇپ ئاتىسەن، ئېكىلىز. ئىككىنچى بولۇپ بىللىڭىز ئاتىدۇ، ئۈچىنچى بولۇپ كىرەمىر ئاتىدۇ.

مەن يولۋاس، ياۋا چوشقا، قوتاز، پىللارنى ئوۋلاپ باققان، براق بۇ قېتىمقىسى ئەڭ يامانىكەن، — دېدى ئېكىلىز، — مەن كىچىك بالىدەك تىترەۋاتىمەن.

— ئاھ، — دېدى تىرەۋىس.

ھەممەيلەن توختاپ قالدى.

تىرەۋىس قولىنى كۆتۈردى: — يۇقۇرىدا، — پىچىرلىدى، — تۇمان ئىچىدە، ئەنە ئۇ. شاھ ئالىيلىرى كەلدى، مانا ھازىر.

جاڭگاللىق كەڭ كەتكەن بولۇپ، چۇرۇقلىغان ئاۋازلار، شاراق-شۇرۇقلار، غۇدۇڭشىشلار ھەمدە ئۇلۇغ كىچىك تىنىشلار ئاڭلىناتتى.

ئاخىرى ھەممە ئاۋازلار توختاپ قالدى، خۇددى بىراۋ ئىشىكنى تاقىۋەتكەندەكلا.

جىمجىتلىق.

گۈلدۈرماما ئاۋازى.

تۇمان ئىچىدىن، يۈز يارد يىراقلىقتا، تىرەنسور-رېكىس چىقىپ كەلدى.

— ئۇ، — پىچىرلىدى ئېكىلىز، - ئۇ...

— ئۈش!

ئۇ مايلىشاڭغۇ، چىدامچان، قاۋۇل زور پۇتلىرى بىلەن مېڭىپ كەلدى. ئۇ دەرەخنىڭ يېرىمىدىن ئوتتۇز فۇت ئېگىزلىكتە مۇناردەك تۇراتتى. گويا غايەت زور رەزىل ئىلاھتەك تىرناقلىق قوللىرىنى كەسلەنچۈكنىڭكىدەك ھەمدە مايلىشاڭغۇ كەلگەن كۆكرىكىنىڭ ئالدىدا قوۋۇشتۇرۇپ تۇراتتى. ھەر بىر پاچىقى گويا غايەت زور سېلىندىرغا ئوخشايتتى. مىڭ پاتمان ئېغىرلىقتىكى سۆڭەك، قېلىن-تومۇسكۇللارنىڭ ئىچىگە چۆككەن بولۇپ، ئۇدۇر-بۇدۇر تېرىسىنىڭ تېشىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. بۇ ھالەت خۇددى ياۋۇز جەۋەندازنىڭ ئۇرۇشقا چىللىغان مەكتۇبىدەك تەسىر بېرەتتى. ھەر بىر يوتىسىدا تونىلاپ گۆش ۋە سۆڭەكلەر پولات سىمدا توقۇلۇپ چىققاندەك كۆرۈنەتتى. بەدىنىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى كۆكرەك قەپىزىگە جايلاشقان ئاشۇ قاملاشقان بىلەكلىرى ئالدى تەرەپكە ساڭگىلاپ تۇراتتى. بۇ بىلەكلەرگە نەرسىلەرنى ئوچۇملاپ ئېلىپ ئويۇنچۇققا ئوخشاش كۆزىتىشكە ماسلاشقان قوللار سەپلەنگەن ئىدى. يىلاننىڭكىدەك بويۇنلىرى بولسا تولغىنىشىپ تۇراتتى. بېشى بولسا بىر تونىنا تاراشلانغان تاشقا ئوخشايتتى، ھاۋاغا ئاسانلا كۆتۈرۈلەتتى. كالچىيىپ ئېچىلىپ تۇرغان ئېغىزىدىن خەنجەرگە ئوخشايدىغان قاشا چىشلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. تۈرلىنىپ تۇرغان كۆزلىرى تۆگە قۇشنىڭ تۇخۇمىغا ئوخشايتتى. بۇ كۆزلەر پەقەتلا ئاچلىقتىن باشقا ھەرقانداق بىر ئىپادىدىن خالى ئىدى. ئۇ ئېغىزىنى ئۆلۈكنىڭ كۈلگىنىگە ئوخشاش بىر ھالەتتە يۇمۇۋالدى. ئۇ يۈگۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ داس سۆڭىكى ئەتراپتىكى دەرەخ ۋە چاتقاللارنى سۇندۇرۇپ ماڭدى. تىرناقلىق پۇتلىرى دەسسىگەنلا يېرىدە نەم تۇپراققا ئالتە ئىنچ چوڭقۇرلۇقتىكى ئىز قالدۇرۇپ قويدى. ئۇ بالىتچىلاردەك ئۇچما قەدەم ئالاتتى، بۇ ئۇنىڭ ئون تونىنا بەدىنىگە نىسبەتەن تەسۋىرلىگۈسىز دەرىجىدە تەڭپۇڭ ھەمدە ئۇچۇچان قەدەم ئىدى. ئۇ قوياش نۇرى يورۇتۇپ تۇرغان بىر يەرگە كېلىپ توختىدى، ئۇنىڭ ئۆمىلىگۈچىلەرگە خاس چىرايلىق قوللىرى ئارىسىدىن ھاۋا ئېقىمى

ئۆتۈشۈپ تۇراتتى.

— ئۇنى ئۆلتۈرگىلى بولمايدۇ، — ئىكىلىز بۇ ھۆكۈمنامىنى گويا ھېچقانداق مۇنازىرىنىڭ ھاجىتى يوقتەكلا تەلەپپۇز قىلىشقانىدى. ئۇ كۆرگەن ئىسپاتلارنى دەگسەپ، بۇ ھۆكۈمنى ئۆزىنىڭ پىكرى سۈپىتىدە قوبۇل قىلغان ئىدى. قولىدىكى مىلتىق گويا ئويۇنچۇق تاپانچىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇ شۇنداق دەۋەتتى: بىز بۇ يەرگە ئەخمەق بولۇپ كەپتىمىز. بۇ مۇمكىن ئەمەس.

— ئاغزىڭنى يۇم! — دەپ يىلاندەك كۈشۈلداپ ئىبىتتى تىرەۋىس.

— قارا بىسىپتۇ.

— بۇرۇل، — دەپ بۇيرۇق بەردى تىرەۋىس، — ماشىنىغا ئاۋاز چىقارماي قايتىپ كىرىڭلار. سىلەرنىڭ تۆلىگەن پۇلۇڭلارنىڭ يېرىمىنى قايتۇرۇپ بېرىمىز.

— ئۇنىڭ بۇنچىۋالا چوڭ ئىكەنلىكىنى بىلمەپتىمەن، — دېدى ئىكىلىز.

— ۋاقتىنى خاتا ھېسابلاپ قويۇپتىمەن، شۇ. ھازىر كېتەيلى.

— ئۇ بىزنى كۆرەلەيدۇ.

— ئۇنىڭ كۆكسىدە قىزىل بوياق بار ئىكەن.

بۇ مۇشتۇمزور كەسلەنچۈك بەدىنىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ قالقانلانغان بەدىنى مىڭلارچە يېشىل تەڭگىدەك پارقىرايتتى. يېپىشقاق سۈيۈقلۇق بىلەن قاپلانغان بۇ تەڭگىلەردىن ھور ئۆرلەپ تۇراتتى. يېپىشقاق سۈيۈقلۇقلار ئىچىدە كىچىك ھاشاراتلار لۆمۈلدەپ تۇراتتى. شۇڭلاشقىمكىن، بۇ مەخلۇقات قىمىر قىلىپ قويمىسىمۇ پۈتۈن بەدىنى مىدىرلاۋاتقاندەك، گەۋدىسىدىن ئاجراپ چىقىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ سىرتقا تىنىپ ئىچىدىكى ھاۋانى چىقاردى. خام گۆشنىڭ پۇرىقى ياۋايى تۇپراقنىڭ ھەممە يېرىگە تارقىدى.

— مېنى بۇ يەردىن ئېلىپ كەت، — دېدى ئىكىلىز، — بۇرۇن پەقەتلا بۇنداق بوپ باقمىغان. مەن داۋاملىق ئۇۋدىن تىرىك يانىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ياخشى يېتەكچىلىرىم بار بولغان بولاتتى، ياخشى سافارى بولاتتى ھەم بىخەتەر ئىدى. بۇ قېتىم مەن خاتا پەرەز قىلىپتىمەن. مەن رەقىبىگە يولۇقۇپتىمەن، مەن تەن بەردىم. بۇ مېنىڭ تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىمدىن بەكلا ئېشىپ كەتتى.

— يۈگۈرمە، — دېدى لېسپېرىنىس، — ئارقاڭغا بۇرۇلۇپ ماشىنىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋال.

— خوپ، — دېدى ئىكىلىز. ئۇ خۇددى سېزىمنى يوقاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ پۇتلىرىغا خۇددى پۇتلىرىنى جايىدىن يۆتكىمەكچى بولغاندەك نەزەر سالدى. ئۇ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئىڭرىۋەتتى.

— ئىكىلىز!

ئۇ كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، پۇتلىرىنى سۆرەپ نەچچە قەدەم ئالدى.

— ئۇ تەرەپكە ئەمەس!

— بۇ مەخلۇق ئالدى تەرەپكە قورقۇنچلۇق چىرقىراپ ئېتىلدى. ئۇ ئالتە سېكۇنت ئىچىدە يۈز يارد ئارىلىقنى بېسىپ بولدى. مىلتىقلار ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ ئوت چېچىشقا باشلىدى. ئۇلار بۇ مەخلۇقنىڭ ئېغىزدىن چىققان يېپىشقاق سۈيۈقلۇق ۋە كونا قان بورىنىنىڭ ئاستىدا قالدى. بۇ مەخلۇق ھۆكۈرەپ كەتتى، چىشلىرى ئاپتاپتا يالتىرايتتى. مىلتىق ئاۋازى يەنە ياڭرىدى، ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى بۇ گىگانت كەسلەنچۈكنىڭ چىرقىرىشى ۋە ھۆركىرەشلىرى بېسىپ كەتتى. بۇ ئۆمىلىگۈچىنىڭ قۇيرۇقى ھاۋاغا كۆتىرىلەتتى ھەمدە ئىككى يانغا ئىغاڭلايتتى. دەرەخلەر يوپۇرماق ۋە شاخ بۇلۇتلىرىنى پەيدا قىلىپ پارتلاپ كەتتى. بۇ مەخلۇق ئۈنچە ـ مارجانلىق قوللىرىنى تۆۋەنگە سوزۇپ ئۇلارنى ئوينىماقچى، ئىككى قىلىپ ئوشتۇپ تاشلىماقچى، ئۇلارنى ئۈجمىنى ئەزگەندەك ئېزىۋەتمەكچى، چىشلىرىنىڭ ئارىسىغا ۋە ياكى چىقىراۋاتقان گېلىغا تىقىۋەتمەكچى بولدى. ئۇلار بۇ مەخلۇقنىڭ مېتالغا ئوخشاش قاپىقىغا ھەمدە يالقۇنلاۋاتقاندەك كۆرۈنۈۋاتقان قارىچۇقىغا ئوق چىقاردى.

خۇددى تاش ھەيكەلگە ئوخشاش، تاغ كۆچكەنگە ئوخشاش، تىرەنىسور يىقىلدى.

گۈلدۈرلىگەن پېتى، دەرەخلەرنى سىقىمداپ، قومۇرغىنىچە يىقىلدى. ئۇ مېتال يولنى ئىتتىرىپ ئاجرىتىۋەتتى. بۇ كىشىلەر ئۆزلىرىنى ئارقا تەرەپكە ئاتتى. ئون تونىنا كېلىدىغان بۇ سوغۇق گۆش ۋە تاش بەدەن يەرگە يېقىلدى. مىلتىقلار سايرىدى. بۇ مەخلۇق قالقانلانغان قۇيرۇقىنى پۇلاڭلىتىپ، يىلانىڭكىدەك جاغىنى قىمىرلىتىپ، ئاخىرى جىمجىت بولۇپ قالدى. گېلىدىن قان فونتاندەك ئېتىلىپ چىقتى. بەدىنىنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ مەلۇم يېرىدە، بىرەر سۈيۈقلۇق خالتىسى ئېتىلىپ كەتتى بولغاي، ئۇۋچىلارنىڭ يۈزىگە كۆڭلىنى ئېلىشتۇرىدىغان سۈيۈقلۇق ئېتىلىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ يۈزلىرى قىزىپ پارقىراپ كەتكەن بولۇپ جايىدا جىم ـ جىت تۇرۇپ قېلىشتى.

گۈلدۈرماما پەسەيدى.

جاڭگاللىق جىمىپ كەتتى. تاغ كۆچۈشتىن كېيىنكى، يېشىل جىملىق ھۆكۈم سۈرەتتى. قارا باسقان يامان چۈشتىن كېيىنكى سەھەر. بىللىگىز ۋە كىرەمىر مېتال يولنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ قۇسۇۋەتتى. تىرەۋىس ۋە لېسپېرىنىس

ئىس چىقىۋاتقان مىلتىقلىرىنى كۆتۈرگەنچە تۇراتتى، ئېغىزىنى بۇزۇپ تىللىۋەتتى. ۋاقىت ماشىنىسىنىڭ ئىچىدە، ئېكىلىس ئوڭدىسىغا تېترىگەنچە ياتاتتى. ئۇ ماشىنىغا يامىشىپ ماشىنىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغان ئىدى.

تىرەۋىس كىرىپ كەلدى، ئېكىلىزغا قاراپ قويدى-دە، مېتال ساندۇقنىڭ ئىچىدىن پاختا داكا ئېلىپ مېتال يولدا ئولتۇرغانلارنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى.

— تازىلىۋەت.

ئۇلار قالپىقنىڭ ئۈستىدىكى قاننى تازلىۋەتتى. ئۇلارمۇ تىللاشقا باشلىدى. بۇ مەخلۇق، تاغدەك بىر دۆۋە گۆش بولۇپ ياتاتتى. ئىچىدىن ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ مەركىزىدىن يىراقراق پارچىلىرىنىڭ ئۆلىۋاتقان، ئورگانلىرىنىڭ مەغلۇپ بولۇۋاتقان، سۇيۇقلۇقنىڭ ئاخىرقى قېتىم پۇۋەكچىلەردىن چىقىپ خالتىلارغا، ئۇنىڭدىن كېيىن تالغا قۇيۇلۇۋاتقان، ھەممە نەرسىنىڭ مەڭگۈلۈك توختاشقا باشلىغان ۋاقتىتا چىقارغان غودۇڭشۇشقا ۋە ياكى ئېغىر تىنىق ئالغانغا ئوخشايدىغان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇ خۇددى بۇزۇلغان پويىزبېشىنىڭ ۋە ياكى ھور ماشىنىسى توختىغان چاغدىكى زاپچاسلىرى بوشاپ كەتكەن ۋە ياكى چىڭ كىرىشىپ كەتكەن ۋاقتىتا چىقارغان ئاۋازىنى ئاڭلىغانغا ئوخشايتتى. سۆڭەكلىرى سۇنغان ئىدى؛ تونىنلىغان گۆشى تەڭپۇڭسىز ھالەتتە يىقىلىپ ،نازۇك ئالدى قول بىلىكىنى ئاستىغا باسۇرۇپ سۇندۇرۇۋەتكەن ئىدى. بېلىكىنىڭ گۆشى ئېچىلىپ چىقىپ قالغان بولۇپ تېخىچە تىترەۋاتاتتى.

يەنە بىر سۇنغان ئاۋاز. باش تەرەپتە، بىر گىگانت دەرەخ شېخى ئېغىرلىقىنى كۆتۈرەلمەي غولىدىن ئاجراپ چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ئۆلۈك مەخلۇقنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ ھەممىنى ئاخىرلاشتۇردى.

— مانا، لېسپېرىنس سائىتىگە قاراپ ۋاقىتنى تەكشۈردى، — دەل ۋاقتىدا. بۇ ھايۋاننىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويىشى كېرەك بولغان گىگانت دەرەخ ئەسلى مۇشۇ ئىدى. ئۇ ئىككى ئوۋچىغا نەزەر سالدى، — مۇكاپات لوڭقىسى ئېلىشنى خالامسىلەر؟

— رەسىم؟

— نېمە؟

— بىز كەلگۈسىگە مۇكاپات لوڭقىسى ئېلىپ قايتالمايمىز. بۇ گەۋدە ئەسلىدە ئۆز ئۆلۈمى بىلەن ئۆلگەن ھالىتىگە ئوخشاش مۇشۇ يەردە يېتىپ قېلىشى كېرەك، شۇندىلا ھاشاراتلار، قۇشلار، ۋە باكتېرىيەلەر ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلالايدۇ.ھەممە نەرسە مۇۋازىنەت ئىچىدە بولىدۇ. بۇ گەۋدە بۇ يەردە قالىدۇ. بىراق بىز سىلەرنىڭ ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان سۈرەتلىرىڭلارنى تارتىپ قويساق بولىدۇ. بۇ ئىككى ئادەم ئازراق ئويلاپ بېقىپ، بۇنىڭدىن ۋازكەچتى، باشلىرىنى چايقىدى.

ئۇلار ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېتال يولدىن ئۆتتى. ئۇلار ماشىنىنىڭ ئىچىدىكى يۇمشاق ئورۇندۇققا چۆكتى. ئۇلار تۈگەشكەن مەخلۇققا، ئاللىقاچان كەسلەنچۈككە ئوخشايدىغان غەيرى قۇشلار ۋە ئالتۇنرەڭ قۇرۇتلار ھور چىقىپ تۇرغان قالقانسىمان تېرىسىگە ئولىشىۋالغان بۇ چوقچىيىپ تۇرغان بۇ ئۆلۈك دۆۋىسىگە قاراپ تىكىلىپ قالغان ئىدى. ۋاقىت ماشىنىسىدىن چىققان بىر ئاۋاز ئۇلارنىڭ بەدىنىنى قاتۇرۇپ قويغاندەك بولدى. ئېكىلىز تىترىگىنىچە ئولتۇراتتى.

— كەچۈرگىن، — دېدى ئۇ ئاخىرى.

— ئورنۇڭدىن تۇر، — دەپ ۋارقىرىدى تىرەۋىس.

ئېكىلىز ئورنىدىن تۇردى.

— ئاۋۇ مېتال يولغا چىقە، ئۆزۈڭ يالغۇز، — دېدى تىرەۋىس. ئۇ مىلتىقىنى توغرىلىدى، — سەن ماشىنىغا قايتىپ كىرمەيسەن. بىز سېنى بۇ يەرگە قالدۇرۇپ قويماقچى.

لېسپېرىنس تىرەۋىسنىڭ بىلىكىدىن تارتىپ توختىتىۋالدى، — توختا

— بۇنىڭدىن نېرى تۇر! — تىرەۋىس قولىنى سىلكىپ تارتىۋالدى، — بۇ ئەخمەق ھەممىمىزنى ئۆلتۈرگىلى تاس قالدى. ئاشۇنچىلىكلا بولسا مەيلىتتىغۇ، ياق. ئۇنىڭ ئايىقى! قاراپ باقە! ئۇ يۈگۈرگىنىچە مېتال يولدىن چۈشۈپ كەتتى. بۇ ئىش ھەممىمىزنى تۈگەشتۈردى! بىز بۇنىڭ جازاسىنى تارتىدىغان بولدۇق! نەچچە مىڭ دوللارلىق سۇغۇرتا! بىز ھېچكىمنىڭ مېتال يولدىن ئايرىلماسلىقىغا كاپالەتلىك بەرگەن. ئۇ بۇ يولدىن ئايرىلدى. ئاھ، بۇ ئەخمەقنى! مەن ئەمدى ھۆكۈمەتكە خەۋەر قىلىشىم كېرەك. ئۇلار بىزنىڭ ۋاقىت سەپىرى قىلىدىغان سالاھىيەت كىنىشكىمىزنى ئەمەلدىن قالدۇرىۋېتىشى مۇمكىن . كىم بىلىدۇ، ئۇ ۋاقىتتا، تارىختا نېمىلەرنى قىلدى!

— بولدى قىل، ئۇ ناھايىتى كەلسە ئازراق توپىغا دەسسەپ ساپتىغۇ شۇ.

— بىز نېمە بىلىمىز؟ — ۋارقىرىدى تىرەۋىس، — بىز ھېچنېمىنى بىلمەيمىز! بۇنىڭ ھەممىسى تېخى بىر سىر! چىقە بۇ يەردىن ئېكىلىز! ئېكىلىز كۆينىكىنىڭ يانچۇقىنى گالۋاڭلارچە

ئاختۇرۇپ: — مەن نېمە دېسەڭلار شۇنى تۆلەي. يۈزمىڭ دوللار تۆلەي! — دېدى.

تىرەۋىس ئېكىلىزنىڭ چەك دەپتىرىگە چەكچىيىپ قارىدى ۋە ئۇنىڭغا تۈكۈرىۋەتتى،— ئاۋۇ يەرگە چىقە. مېتال يولغا چىقىپ مەخلۇقنىڭ يېنىدا تۇر. قولۇڭنى جەينىكىڭگىچە ئۇنىڭ ئاغزىغا تىق. شۇنداق قىلساڭ ئاندىن بىز بىلەن قايتالايسەن.

— بۇ دېگەن يولسىزلىق.

بۇ مەخلۇق ئۆلدى، ھۇ دۆت. ھېلىقى ئوقلار! ھېلىقى ئوقلار بۇ يەردە قالسا بولمايدۇ. ئۇلار بۇ ئۆتمۈشكە تەۋە ئەمەس؛ئۇلار ھەرقانداق نەرسىنى ئۆزگەرتىۋېتىشى مۇمكىن . مانا بۇ مېنىڭ پىچىقىم. ئۇلارنى كولاپ چىقىرىۋەت.

جاڭگاللىقتا يەنە جان كىردى، شاۋقۇن-سۈرەن ۋە قۇشلارنىڭ ئاۋازى بىلەن تولدى. ئېكىلىز يامان چۈش ۋە ياكى قورقۇنچ دەھشىتى بىلەن تولغان بۇ ئىپتىدائىي ئەخلەت دۆۋىسىگە قاراپ بۇرۇلدى. ئۇنىڭغا ئۇزاق بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، خۇددى تۈن سەيلىسى قىلىۋاتقان ئادەمگە ئوخشاش مېتال يولدا مېڭىشقا باشلىدى.

ئۇ بەش مىنۇتتىن كېيىن بىلەكلىرىنى جەينەكلىرىگىچە قىزىل رەڭگە چىلاپ، جالاقلاپ تىترىگىنىچە قايتىپ كەلدى.ئۇ قوللىرىنى سۇندى. ھەر ئىككى ئالىقىنىدا بىر قانچە پولات ئوق تۇراتتى. ئاندىن كېيىن ئۇ يىقىلىپ چۈشتى. ئۇ يىقىلغان يېرىدە مىدىر-سىدىر قىلماي يېتىپ قالدى.

— سەن ئۇنىڭغا بۇ ئىشنى قىلغۇزمىساڭ بولاتتى،— دېدى لېسپېرىنىس.

— شۇنداق قىلدىمۇ؟ بۇنداق دېيىشكە تېخى بالدۇرلۇق قىلىدۇ،-تىرەۋىس قىمىرلىماي ياتقان بۇ بەدەننى نوقۇپ قويدى،— ئۇ ياشايدۇ. كېلەر قېتىم ئۇ بۇنداق ئوۋ سەپىرىگە ئەمدى چىقمايدۇ، ماقۇلمۇ؟ ئۇ كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى لېسپېرىنىسقا قاراپ شىلتىدى،— ماشىنىنى ماڭدۇر. ئۆيگە قايتايلى.

1812. 1776. 1492

ئۇلار قوللىرىنى ۋە يۈزلىرىنى پاكىزلىدى. ئۇلار مەينەتلىشىپ كەتكەن كۆڭلەك ۋە ئىشتانلىرىنى يەڭگۈشلىدى. ئېكىلىز ئورنىدىن تۇرۇۋالغان بولۇپ، ئۇياق-بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى، بىراق گەپ قىلمايتتى. تىرەۋىس ئۇنىڭغا ئون مىنۇتتەك تىكىلىپ تۇردى.

— ماڭا بۇنداق تىكىلىپ قارىما ئەمدى،— دەپ ۋارقىراپ كەتتى ئېكىلىز،-مەن ھېچنېمە قىلمىدىم.

— بۇنىڭغا كىممۇ بىر نېمە دېيەلىسۇن؟

— پەقەت يۈگۈرۈپ مېتال يولدىن پەسكە چۈشۈپ كەتتىم شۇ، ئايىغىمىزغا پەقەت بىر ئاز لاي چاپلىشىپ قاپتۇ خالاس. مېنى نېمە قىپ بەرسۇن دەيسەن. تىزلىنىپ دۇئا قىپ بېرەيمۇ يە؟

— بەلكىم شۇنىڭغا ئېھتىياجىمىز باردۇر. سېنى ئاگاھلاندۇرۇپ قوياي، ئېكىلىز، سېنى تېخى ئۆلتۈرىۋېتىشىم مۇمكىن . قولۇمدا مىلتىقىم تەييار.

— مەن گۇناھسىز. مەن ھېچنېمە قىلمىدىم.!

2055. 2000. 1999

ماشىنا توختىدى.

— يوقال،— دېدى تىرەۋىس.

ئۆي ئۇلار چىقىپ كەتكەن جايىدا تۇراتتى. بىراق شۇ ۋاقىتتىكى ھالىتىگە ئانچە ئوخشاپ كەتمەيتتى. ئوخشاش ئۈستەلنىڭ كەينىدە ئوخشاش شۇ ئادەم ئولتۇراتتى. بىراق ئوخشاش شۇ ئادەمنى ئوخشاش شۇ ئۈستەلنىڭ كەينىدە ئولتۇردى دېگىلىمۇ بولمايتتى. تىرەۋىس ئەتراپقا تېزلا نەزەر تاشلاپ چىقتى،— ھەممە نەرسە جايىدىدۇ؟ — دېدى ئۇ.

— جايىدا. ئۆيۈڭلارغا قايتىپ كەلگىنىڭلارنى قارشى ئالىمىز!

تىرەۋىس زادىلا جىددىيلىكتىن قۇتۇلالمىدى. ئۇ ئېگىز بىر ئەينەكتىن سىرتقا قاراۋاتاتتى.

— بولدۇ، ئېكىلىز، يوقال ئەمدى. ھەرگىزمۇ قايتىپ كەلمە.ئېكىلىز جايىدىن قىمىرلاپمۇ قويمىدى.

— سۆزۈمنى ئاڭلاۋاتامسەن،— دېدى تىرەۋىس،— نېمىگە تىكىلىپ قاراپ قالدىڭ؟

ئېكىلىز ھاۋانى پۇرىغىنىچە ئۆرە تۇراتتى، ھاۋاغا بىر نەرسە ئارىلىشىپ قالغاندەك تۇراتتى، بىر خىل خىمىيەلىك پۇراق، شۇنچىلىك ئاجىز، شۇنچىلىك ئاز مىقداردا باردەك قىلاتتى. پەقەت ئاجايىپ سۇس كەلگەن بىر سەزگۈ بىلىنەر-بىلىنمەس ئاۋازدا بۇ خىل پۇراقنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئاگاھلاندۇرۇۋاتاتتى. رەڭلەر، ئاق، كۆلرەڭ، كۆك، ئاپېلسىن رەڭگى، تاملاردا، ئۆي جاھازلىرىدا، دېرىزىنىڭ سىرتىدىكى ئاسماندا، بار.... بار. شۇنداقلا بىر تۇيغۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ مۇسكۇللىرى چىمىلدىغاندەك بولدى. قوللىرى تارتىشتى. ئۇ بۇ غەيرىلىكلەرنى بەدىنىدىكى تېرە تۆشۈكچىلىرى بىلەن سۈمۈرىۋاتاتتى. قانداقتۇر بىر يەردە، قانداقتۇر بىرى پەقەت ئىتلارلا ئاڭلىيالايدىغان بىر خىل ئاۋازنى ئىسقىرتىپ چىقىرىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ بەدىنى بۇنىڭغا جاۋابەن جىمجىت تۇراتتى. بۇ ئۆينىڭ سىرتىدا، بۇ تامنىڭ سىرتىدا، بۇرۇنقىغا ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدىغان ئۈستەلنىڭ كەينىدە ئولتۇرغان بۇرۇنقىغا ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدىغان بۇ ئادەمنىڭ نېرىسىدا ... كوچىلار ۋە ئادەملەردىن

تەشكىل تاپقان پۈتۈن بىر دۇنيا سوزۇلۇپ ياتاتتى. قانداق بىر خىل دۇنيادۇر بۇ ئەمدى، بۇنىڭغا بىر نىمە دېمەك تەس ئىدى. ئۇ ئۇلارنىڭ بۇ تاملارنىڭ نېرىسىدا گويا قۇرغاق شامال ئۇچۇرغان شاھمات ئۇرۇقچىلىرىدەك قىمىرلاپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى....

بىراق شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە ئۇ ئىلغا قىلالىغان نەرسە ئىشخانا تېمىدىكى ئېلان تاختىسى ـ بۈگۈن ئۇ دەسلەپ ئىشخانىغا كىرگەندە ئوقۇغان دەل ئاشۇ ئېلان تاختىسى ئىدى. ئەيتاۋۇر، ھازىر بۇ تاختا ئۆزگىرىپ كەتكەن ئىدى.

*ۋاققىت سافارى شىركىتى*

*سىزنى ئۆتمۈشتىكى ھەرقانداق يىلغا سافارىغا ئېلىپ بارىدۇ.*

*سىز ھايۋان نامىنى ئاتايسىز.*

*بىز سىزنى شۇ يەرگە ئېلىپ بارىمىز.*

*سىز ئۇنى ئاتىسىز.*

ئېكىلىز بەدىنىنىڭ ئورۇندۇقتا لاسىدە ئولتۇرۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ تەلۋىلەرچە ئايىغىنىڭ ئاستىدىكى قېلىن چاپلاشقاق لاي بىلەن ھەپىلىشىۋاتاتتى. ئۇ قولىدىكى لاي پارچىسىغا قاراپ:

— ياق، مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭدەك كىچىككىنە نەرسە ھەرگىزمۇ. ياق! — دەۋەتتى.

لاينىڭ ئىچىدە يېشىل، ئالتۇنرەڭ ھەمدە قارا رەڭدە نۇر چىقىرىپ چاقناۋاتقان نەرسە بولسا بىر كېپىنەك ئىدى، ئىنتايىن گۈزەل ھەمدە بەكلا ئۆلۈك.

— ئۇنىڭدەك كىچىككىنە نەرسە ھەرگىزمۇ! كېپىنەك ھەرگىزمۇ ئۇنداق — دەپ ۋارقىرىۋەتتى ئېكىلىز.

ئۇ پولغا چۈشۈپ كەتتى، نازۇك بىر نەرسە، شۇنچىلىك كىچىككىنە بىر نەرسە تەبىئەتنىڭ مۇۋازىنىتىنى بۇزالايدۇ، ھەمدە كىچىك دومىنو قاتارىنى يىقىتىدۇ، ئاندىن چوڭ دومىنو قاتارىنى يىقىتىدۇ، ئاندىن گىگانت دومىنو قاتارىنى يىقىتىدۇ، ۋاقىت بويلىغان ئاشۇ يىللار ئېقىمىدا ئەنە شۇنداق بولىدۇ. ئېكىلىزنىڭ خىياللىرى قايناام كۆزىگە ئوخشاپ قالدى. ئۇ ئىشلارنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. بىر تال كېپىنەكنى ئۆلتۈرۈپ قويۇش ئۇنچىۋالا مۇھىم ئىش بولالمايدۇ! بولالىشى مۇمكىنمۇ؟

ئۇنىڭ چىرايى سوغۇق تۈس ئالدى. ئېغىز تىترىگەن ھالەتتە سورىدى:

— كىم، كىم تۈنۈگۈنكى پىرېزىدېنت سايلىمىدا غەلىبە قىلدى؟

ئۈستەلنىڭ كەينىدە ئولتۇرغان ئادەم قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— چاقچاق قىلىۋاتامسەن. سەن ئوبدان بىلىسەن. ئەلۋەتتە دويچېر يەڭدى ـ دە! يەنە كىم بولاتتى؟ ھەرگىزمۇ ئاشۇ ئەخمەق بىچارە كېيس ئەمەس. بىزگە بىر پولاتتەك كۈچلۈك ئادەم، جىگىرى بار بىر ئادەم باش بولدى! باشلىق سۆزىدىن توختاپ قالدى:

— بىرەر ئىشتىن چاتاق چىقمىغاندۇ؟

ئېكىلىز ئىڭرىۋەتتى. ئۇ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ ئالتۇنرەڭ كېپىنەكنى بارماقلىرى ئارىسىغا ئالدى:

— كەينىمىزگە،— ئۇ شۇ تاپتا دۇنياغا، ئۆزىگە، باشلىققا، ماشىنىغا يالۋۇرۇۋاتقان ئىدى،— كەينىمىزگە قايتىپ، ئۇنى تىرىلدۈرەلمەسىمىزمۇ؟ باشقىدىن بىر قېتىم باشلاپ باقساق بولارمۇ؟ شۇنداق قىلساق بولارمۇ....

ئۇ جايىدىن مىدىرلىمىدى. كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ، تىترىگەن ھالدا ساقلاۋاتاتتى. ئۇ تىرەۋىسىنىڭ ئۆيىنىڭ ئىچىدە پۇشقۇرۇپ تىنىشلىرىنى ئاڭلىدى؛ ئاندىن ئۇ تىرەۋىسىنىڭ مىلتىقىنى كۆتۈرگەنلىكىنى،مىلتىقنىڭ بىخەتەرلىك تىرىكىنى چۈشۈرگەنلىكىنى، ئاندىن قورالنى تەڭلىگەنلىكىنى ئاڭلىدى.

گۈلدۈرمامىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى

**ئاتالغۇلارغا ئىزاھات**

(1) سافارى: تەبىئەتتە ئەركىن ئوۋ ئوۋلاش، ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاش
(2) سالاماندىر: رىۋايەتلەردىكى ئوت ئىچىدە ياشيالايدىغان كەسلەنچۈك ۋە ياكى ئۆملىگۈچى ھايۋان.
(3) دەججال: ئەيساغا قارشى، ياراتقۇچىغا قارشى
(4) تار: قارا ماي ۋە قۇمنىڭ ئارىلاشمىسى
(5) گىرەند كەنيەن: ئامېرىكىنىڭ ئارىزونا شتاتىغا جايلاشقان بىر جىلغا

رەي بىرەدبىرىنىڭ « ر ھەرىپى راكېتا ئۇچۇن» دېگەن كىتابىدىكى «گۈلدۈرماما ئاۋازى» ( نىيويورك: دابىل دەي، 1952) دىن تەرجىمە قىلىندى.

2019 ـ يىلى، 6 ـ ئاۋغۇست

ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: سەرۋى (ئامېرىكا)

# خوجىلارنىڭ ۋەزىپىسى




بۇ كىتاب تونۇلغان ئالىم، تالانتلىق يازغۇچى، مان، ئەدەبىياتشۇناس، سىياسەتشۇناس پەنلەر دوكتورى خەمىت ھەمرايېۋنىڭ ئەسىرى بولۇپ، كىتاب جەمئىي تۆت توم بولۇپ رۇس تىلىدا يېزىلىپ نەشىردىن چىققاندىن كېيىن، ئۇيغۇر ئامىسىنىڭ جىددىي تەلىپىگە ئاساسەن، ئالمۇتىدىكى ياش مان مالىك مەھمەتوۋ ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ 2017-يىل 6-ئايدا، قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھىرىدىكى «مىر» نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۇيغۇر سلاۋيان يېزىقىدا نەشر قىلىنغان. كىتابنىڭ يېزىلىش ئۇسۇلى ۋە تارىخى ۋەقەلىكنىڭ بايان قىلىنىشى جەھەتتىن ۋەتەنىدە يېزىلغان تارىخى رومانلارغا نىسبەتەن ، بىر قەدەر تەپسىلىي يېزىلغان. تارىخىي شەخسلەرنىڭ شۇ دەۋردىكى سەرگۈزەشتلىرىنىڭ ئەينەن بايان قىلىنغانلىقى، تۇغلۇق تېمۇر « موغۇلىستان» ئىمپېراتورلۇقىنىڭ قۇرۇلۇشى، ئۇنىڭ ئاخىرقى خاندانلىقى بولغان «سەئىدىيە ئۇيغۇر خانلىقى» نىڭ تۇرپان، قاراشەھەر، كۇچا، ئاقسۇ، قەشقەر ۋە ياركەنتتىكى تەخت ۋارىسلىرىنىڭ خانلىق تالىشىپ، ئۆز - ئارا رەھىمسىزلەرچە قىرغىنچىلىق قىلىشى، «ئاقتاغلىق» ۋە « قاراتاغلىق» غوجا ئىشانلارنىڭ تەخت تالىششى ۋە بۇ جېدەللەرنىڭ ۋارىسلىرىغا بولغان تەسىرى قاتارلىق تارىخى ۋەقەلەر بىر قەدەر ئەتراپلىق يورۇتۇلۇپ بېرىلگەن.

ۋەتىنىمىزدە، بىر قانچە تارىخى رومانلار يېزىلغان بولسىمۇ، سىياسىي چەكلىمە تۈپەيلىدىن، يازغۇچىلىرىمىز ئۇيغۇر تارىخىنى ئەينەن يېزىشقا پېتىنالمىغان ئىدى. ئاپتور خەمىت ھەمرايېۋ بۇ بوشلۇقنى تولدۇرۇپ كىتابخانلارنى خېلى دەرىجىدە مەمنۇن قىلدۇ.

كىتابتىكى بايان قىلىنغان « سەئىدىيە خانلىقى» نىڭ ئاخىرقى ۋارىسلىرى بولغان بەش خاننىڭ ئۆز- ئارا تەخت تالىشىش كۈرىشى ۋە خانلارنىڭ تەخت تالىشىپ ئۆزلىرىگە يات بولغان جۇڭغار قالماقلىرىنى باشلاپ كېلىپ ئۇلارنىڭ قانلىق قولى بىلەن بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەن ئۇيغۇر يىگىتلىرىنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى كىتابخانلارنى ئېچىندۇرۇپ چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ...

بۇ كىتاب ئاپتورنىڭ بىرىنچى توم كىتابى بولۇپ، ئاپتورنىڭ تەستىقلىشى بىلەن سلاۋيان يېزىقىدىن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان يېزىقىغا ئايلاندۇرۇپ نەشرگە تاپشۇرۇش ئۈچۈن مۇشۇ ھالەتكە كەلتۈردۈم. كىتابنىڭ قالدى ئۈچ تومنى ئىنشائاللاھ داۋاملىق ئىشلەپ كىتابخانىنىڭ ئوقۇشىغا تەييارلىماقچىمەن.

ئابدۇرېشىتهاجى كېرىمى (شىۋېتسىيە)

# بوستانۇل ئارىفىن




بوستانۇلئارىفىن ناملىق مەزكۇر ئەسەر ئۇيغۇر قاراخانىيلار زامانىدا ياشىغان سەمەرقەندلىك ئەبۇللەيس سەمەرقەندىي دېگەن كىشى تەرىپىدىن يېزىلغان دىداكتىك ئەسەر بولۇپ، ئەسەر ئەدەپ - ئەخلاق، ئىبادەت ۋە پىقھىي مەسىلىلەرگە بېغىشلانغان.

مەزكۇر كىتاب ئەينى زامانىنىڭ ئىلمىي تىلى ھېسابلانغان ئەرەب تىلى بىلەن يېزىلغان بولۇپ، ئەرەب ۋە ئىسلام دۇنياسىنىڭ داڭلىق كۇتۇپخانىلاردا ھەرخىل قول يازما نۇسخىلىرى ساقلانغانىنىڭ سىرتىدا، ئەرەب ۋە ئىسلام ئەللىرىدە خىلمۇ خىل باسما نۇسخىلىرى مەيدانغا كەلگەن، نۇرغۇن تىللارغا تەرجىمە قىلىنغان ۋە كەڭ تارقالغان.

مەزكۇر كىتاب 156 بابقا بۆلۈنگەن بولۇپ، كىتابنىڭ ھەر بىر بابىغا مۇناسىۋەتلىك قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرى دەلىل كەلتۈرۈلگەنىنىڭ سىرتىدا، قەدىمكى مۇسۇلمان ھېكىم ۋە ئالىملارنىڭ پەندى - نەسىھەتلىرى ۋە ھېكمەتلىك سۆزلىرى نەقىل كەلتۈرۈلگەن.

كىتابتا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ھەدىسلەرنىڭ ئىچىدە سەھىھ ھەدىسلەر بولغىنىدەك، سەھىھلىق دەرىجىسىگە يەتمىگەن زەئىپ ھەدىسلەرمۇ بار.

كىتاب ئىنسانلارنى ئىلىم - مەرىپەتكە، ئېسىل ئەخلاققا، ئالىي پەزىلەتكە، رىياكارلىقتىن خالىي بولۇشقا، ھالال ياشاشقا، ئىخلاسمەنلىككە، راستچىللىققا، سەممىيلىككە، تەقۋادارلىققا، ئىنسانلارنىڭ قەلبىنى ئاللاھقا يېقىن قىلىشقا دالالەت قىلىدۇ.

كىتاب مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان تەسەۋۋۇپ، ئەخلاق، ۋەز - نەسىھەت بابىدا كىتاب يازماقچى بولغان مۇئەللىپلەر ئۈچۈن بىرىنچى قول پايدىلىنىش مەنبەئى بولۇپ، كەلمەكتە.

كىتابنى بۇ قېتىم ئۇيغۇر تىلىغا ئاغدۇرۇشتا قاھىرەدە «مانار» نەشرىياتى تەرىپىدىن يىلنامىسىز بېسىلغان ئەرەبچە نۇسخىسى بىلەن 2010 - يىلى بەيرۇتتا بېسىلغان ئەرەبچە نۇسخىسى ۋە تۈركچە، ئۆزبېكچە ملىرى كۆز ئالدىمىزدا بولدى.

ئابدۇجېلىل تۇران (تۈركىيە)

# ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسى




جالالىددىن رۇمىنىڭ «مەسنەۋى» ناملىق ئەسىرى جەمئىي ئالتە جىلد، 25 مىڭ 6 يۈز 32 بېيىتتىن تەركىب تاپقان؛ كىلاسسىك شەرق ئەدەبىياتىدىكى شېئىر ئۇسلۇبىدا يېزىلغان بىر ئەسەردۇر. مەسنەۋىنىڭ تىلى پارسچە بولۇپ، مەۋلانە سۆزلىگەن ھېكايە ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەرنى شاگىرتى ھېسامىددىن چەلەبى خاتىرىلەپ، رەتلەپ كىتاب قىلغان. مەسنەۋىدە مەۋلانە بىر ھېكايىنى باشلايدۇ، ئەمما بۇ ھېكايىنى ئايغلاشتۇرماي ئارىسىدا بېيىت ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەرنى سۆزلەيدۇ ۋە ياكى باشقا بىر ھېكايىنى باشلايدۇ. ئەنە شۇ ھېكايىلەر ئارقىلىق تەسەۋۋۇپتىكى پىكىر ۋە ئىدىيەلەرنى شەرھلەيدۇ . بۇ يەردە بىزگە ئەڭ مۇھىم بولغىنى «مەسنەۋى» دە سۆزلەنگەن ھەر بىر ھېكايىنىڭ ئىنسانلارنى پاراسەتكە، گۈزەل ئەخلاققا يۈزلەندۈرىدىغان نەسىھەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىدۇر. جالالىددىن رۇمى ئۆزىمۇ بۇ ئەسىرى توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: «بۇ كىتاب مەسنەۋى كىتابىدۇر، مەسنەۋى ھاياتلىقنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىپ، پەزىلەت مەنزىلىگە يېتىشنى ئويلىغانلار ئۈچۈن بىر يولدۇر». «مەسنەۋى»دىكى ھېكايىلەرنىڭ بەزىلىرى قەھرىمانلار توغرىسىدا، بەزىلىرى ۋەلىلەر، بەزىلىرى سوپىلار، بەزىلىرى پادىشاھلار ۋە بەزىلىرى ھايۋانلار توغرىسىدا سۆزلىنىدۇ. بۇلار ئارتۇقچىلىقى ۋە كەمچىلىكلىرى بىلەن ئوبرازلاشتۇرۇلغان بولۇپ بۇلار ئارقىلىق كىشىلەرگە شەخسىيەتچىلىك، قىزغانچۇقلۇق، ھەسەتخورلۇق ۋە ئىنتىپاقسىزلىقنىڭ زىيىنىنى شەرھلەپ ، ئىنسانلارنى يامانلىقتىن ئىبرەت، ياخشىلىقتىن ئۈلگە ئېلىشقا چاقىرىدۇ ۋە ئىنسان قەلبىدە ئاللاھقا بولغان چەكسىز سۆيگۈنى ئۇرغۇتىدۇ.

«مەسنەۋىدىن دۇردانىلەر» ناملىق بۇ كىتاب، تۈركچە نەشر قىلىنغان «مەسنەۋى شېرىپ» ناملىق نەسرىي شەكىلدىكى ئەسەرگە ئاساسەن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان بولسىمۇ، «مەسنەۋى شېرىپ» ناملىق كىتابنىڭ بىرمۇ-بىر تەرجىمىسى ئەمەس. مىللىتىمىزنىڭ ھازىرقى شارائىتىغا، قىممەت قاراشلىرىغا بەكرەك ماس كېلىدىغان ۋە بىزگە مەنىۋى جەھەتتىن تۈۋرۈك بولىدىغان يەرلىرىنى تاللاپ تەرجىمە قىلىپ تۈزۈلگەن جەمئىي 119 ھېكايىدىن تەركىب تاپقان كىتابتۇر. مان ئوقۇرمەنلەرگە چۈشىنىشلىك بولۇشى ئۈچۈن «مەسنەۋى شېرىپ» تىكى باش-ئاخىرى چېچىلىپ كەتكەن ھېكايىلەرنى بىر تەرەپتىن تەرجىمە قىلىپ، بىر تەرەپتىن كىرىشتۈرۈپ بىر پۈتۈن ھېكايە ئايلاندۇرغان ۋە مۇناسىۋەتلىك ھېكمەتلەرنى ھېكايىنىڭ ئاخىرىغا، «ھېكمەتلىك سۆزلەر» دەپ قوشۇپ قويغان.

ئايشەم ئۇيغۇر قىزى (تۈركىيە)

# 1984




كىتاب بىر خىيال دۇنياسىنى ۋە ئۇ دۇنيادىكى ھاياتنى تەسۋىرلەيدۇ. بۇ يەردە پەقەت بىرلا پارتىيە بار ۋە تەپەككۇر قىلىش چەكلەنگەن. پارتىيەنىڭ دېگىنى ھېساب .ئەقىلگە ئۇيغۇن بولمىغان نەرسىلەرنىمۇ پارتىيە توغرا دېگەن بولسا خەلقمۇ توغرا دەپ قارىشى لازىم.

قارشى چىققانلار جازالىنىپ مېڭىسى يۇيۇلىدۇ. تەككۇر ساقچىلىرى ھەر ۋاقىت خەلقنى كۆزىتىپ كۈتۈلمىگەن بىر ئىشنىڭ يۈزبېرىپ قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالاتتى. رومانىنىڭ باش قەھرىمانى ۋىنسون ھەر كۈنكى نورمال ھاياتىنى ياشىغاچ تەپەككۇر قىلاتتى شۇنداقلا ئۆيىگە قايتقاندا ئويلىغانلىرىنى بىر يەرگە يېزىپ قوياتتى. ئۇنىڭ بۇ قىلغانلىرى جىنايەت ئىدى. چۈنكى تەپەككۇر قىلىش، ئويلاش قانۇنسىزلىق ئىدى. ئۇ پەقەت ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىلەرنىلا ئادا قىلىشى كېرەك ئىدى. ۋىنسون ئۆزىنى كونترول قىلالمايدۇ ۋە يېزىشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. جۇلىيا ئىسىملىك بىر قىز بىلەن تونۇشىدۇ. قىز ـ ئوغۇللارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشى چەكلەنگەن بولسىمۇ، ئۇلار مۇھەببىتىنى مەخپىي يوسۇندا داۋاملاشتۇرىدۇ. پۇرسەت تاپسىلا بىللە ۋاقىت ئۆتكۈزىدۇ. ئەپسۇس بىركۈنى تۇتۇلۇپ قالىدۇ. ئۆلۈم جازاسىنىڭ ئورنىغا مېڭە يۇيۇش جازاسى بېرىلىدۇ . ۋىنسونغا تۆرت بارماقنى كۆرسىتىپ «بۇ قانچە» دەپ سورايدۇ. ۋىنسون:« تۆرت » دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئەمما قىيىن قىستاقتىن قۇتۇلالمايدۇ. ھەر قېتىم بۇ شەكىلدە داۋام قىلىۋېرىدۇ. ۋىنسون بۇنى ئەقلىنىڭ ماڭا ئويناۋاتقان ئويۇنى دەپ ئويلاپ باشقا رەقەملەر بىلەن جاۋاب بېرىشكە باشلايدۇ. ئەپسۇس قىيىن قىستاقتىن يەنە قۇتۇلالمايدۇ. ئاخىرى ئۇ ھېچ نەرسە بىلمەيدىغانلىقىنى دېگەندە، كېيىنكى باسقۇچقا ئۆتىدۇ. ۋىنسون ئاخىرىدا مېڭىسى يۇيۇلۇپ ئەقلىنى يوقىتىدۇ. ئەمدى ئۇمۇ پارتىيە ئۈچۈن ئىشلەيدىغان بىر پارتىيە ئەزاسى. بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ھاياتىنى،ھېس ـ تۇيغۇلىرىنى،مۇھەببىتىنى،سېغىنىشىنى قىسقىچە پۈتۈن ئوي ـ پىكىرلىرىنى ئۇنۇتقان بىرى. بۇلار ئۇنىڭ مېڭىسىدىن يۇيۇۋېتىلىدى، ئەمما ھېلىمۇ ئوي ـ پىكىرلىرى قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا ساقلانماقتا...

ئالىمجان ئابدۇلقادىر (تۈركىيە)

# ئۆچار ئۇنىۋېرسىتېت




«ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى» تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان بۇ كىتابتا، پولشا خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەن مۇستەملىكە قىلىنىش، ئۆز كۈلتۈرىدىن، تىلىدىن ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىدىن قەستەن ياتلاشتۇرۇش، ھەتتا پولشا دېگەن دۆلەتنى خەرىتىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلاشقا قەدەر بىر ياۋۇز مۇستەملىكىچىنىڭ قولىدىن كېلىدىغان بىر يۈرۈش زۇلۇم ۋە قەبىھ سىياسەتلەر ئېچىپ تاشلانغان بولۇپ، ئاخىردا پولشا خەلقىنىڭ مۇستەقىل ئۆز دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقىشقىچە ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى پاكىت ۋە ئىسپاتلار بىلەن بايان قىلىنغان.

19- ئەسىردە پولشا دېگەن دۆلەت خەرىتىدىن ئۆچۈرۈۋېتىلگەن بولۇپ چار رۇسىيە، گېرمانىيە ۋە ئاۋۇستىرىيە قاتارلىق ئۈچ مۇستەملىكىچى دۆلەت تەرىپىدىن پارچىلىنىپ بۆلۈشۈۋېلىنغان ئىدى. بۇ مۇستەملىكىچى دۆلەتلەر پولشا خەلقىنىڭ ئۆز تىلىدا سۆزلىشىشىنى، يېزىشىنى، ئوقۇشىنى، ئۆز تارىخىنى، ئۆزىدىن چىققان ۋەتەنپەرۋەر يازغۇچىلارنىڭ، شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇشىنى قەتئىي مەنئى قىلغان ئىدى. خىلاپلىق قىلغانلارنى سىبىرىيەگە پالىغان ۋە قاتتىق تەن جازاسىغا تۇتقان بولسىمۇ، پولشا خەلقى ئون يىل ئەمەس، ئەللىك يىل ئەمەس، يۈز يىللارچە مۇستەملىكىچىلەر بىلەن كۈرەش قىلىپ، مۇستەقىللىقتىن ئۈمىدىنى قىلچە ئۈزمىگەن ۋە بۇ كۈرەشنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرغان ئىدى.

«ئۆچار ئۇنىۋېرسىتېت» مۇستەملىكە يىللىرىدا يوشۇرۇن ئۆيلەردە پولشالىق بالىلارغا ئۆز تارىخىنى، ئۆز تىلىنى ۋە ئۆز كۈلتۈرىنى ئۆگىتىش بىلەن بىللە، مۇستەملىكىگە قەتئىي باش ئەگمەسلىك ۋە مۇستەقىللىق غايىسىدىن قەتئىي ۋازكەچمەسلىك ھەققىدە دەرسلەر ئۆتۈلگەن، ھەتتا دۆلەتنىڭ مەكتەپلىرىدە ئوقۇتۇلىدىغان دەرسلىكلەرمۇ ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە ئۆگىتىلگەن دەرس ئۆگىنىش ئۆيلىرى بولۇپ، ئۇنىڭدىن دۇنياغا مەشھۇر ئەدىبلەر، شائىرلار ۋە ئالىملار چىققان ئىدى. بۇ مەكتەپ رۇسلارنىڭ ۋە گېرمانلارنىڭ كۈچلۈك تەقىب قىلىشى سەۋەبلىك، ئۆيدىن ئۆيگە يۆتكىلىپ تۇرغانلىقتىن ۋە ئوقۇغۇچىلارمۇ ئۆيدىن ئۆيگە ئۇچۇپ يۈرۈپ ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن «ئۆچار ئۇنىۋېرسىتېت» دەپ ئاتالغان ئىدى. ھەتتا دۇنيا تارىخىدا نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن تۇنجى ئايال مارىيا ئىسىملىك ئايالمۇ ئاشۇ «ئۆچار ئۇنىۋېرسىتېت» دە ئوقۇپ چىققان ئىكەن. بۇ ئايال 1903- يىلى بىر قېتىم، 1911- يىلى يەنە بىر قېتىم نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشىش ئارقىلىق ئەر ئەربابلىرىمۇ يېتەلمىگەن بىر رېكورتنى ياراتقان ئىدى.

«ئۆچار ئۇنىۋېرسىتېت» بۇنىڭدىن ئىككى يۈز يىل ئىلگىرى ئاددىيغىنا دەرس ئۆيى ھالىتى بىلەن باشلانغان بولۇپ، ھازىر دۇنياۋى كاتتا ئۇنىۋېرسىتېت بولۇپ قالغان.

مۇھەممەد يۈسۈپ (تۈركىيە)




# تۆنجى قېتىملىق «مەن ـ ناتىق» ئۇيغۇر غۇنچىلىرى نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزۈلدى

2019 ـ يىلى 28 ـ ئىيۇل ئايخان مائارىپى تەرپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان «مەن ـ ناتىق» ئۇيغۇر غۇنچىلىرى نۇتۇق سۆزلەش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلدى. «ئوقۇ ئۇيغۇر مەكتىپى» دىن ئۈچ ماھىر، «ئايبىلگە خانىم ـ قىزلار تەربىيەلەش مەركىزى» دىن تۆت ماھىر، «ئايخان ئانا تىل مەكتىپى» دىن تۆت ماھىر، قەيسەرىدىن بىر ماھىر مۇسابىقىگە قاتناشتى.

مۇسابىقە كىرىش سۆزىدىن كېيىن باھالىغۇچىلار ۋەكىلى مەھمۇدجان ياسىن ئۆز ئائىلە تەربىيەسىدىن مىسال ئېلىپ نۇتۇق قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ مۇھىملىقى ھەققىدە سۆز قىلدى.

بالا رىياسەتچىلەر سەھنىگە چىقىپ مۇسابىقىنىڭ باشلانغىنىنى ئېلان قىلىپ، «ئىستىقلال مارشى» ئېيتىلدى، لەۋلەردە مارش تېكىستى، كۆزلەردە ياش ئەگىدى. مۇسابىقىنى باھالاشقا ئاسان بولۇشى ئۈچۈن پەقەت نەسرىي ژانىرلار قوبۇل قىلىش ئوبيېكتى بولغانىدى، شۇڭا مۇسابىقىنى رەسمىي باشلاشتىن بۇرۇن ئوقۇغۇچىلار ئىككى پارچە شېئىر دېكلاماتسىيە قىلدى.

7 ـ 9 ياشلىقلار گۇرۇپپىسىدا يەتتە ياشلىق ئېھسان «مېنىڭ ئائىلەم» ناملىق نۇتۇقى ئىنتايىن جانلىق سۆزلەپ، مۇسابىقىنىڭ باشلىنىشىغىلا كەيپىياتنى كۆتۈردى. كەينىدىن يەتتە ياشلىق نەرگىزە مەمەتجان «مېنىڭ ئارزۇيۇم» ناملىق نۇتۇقى ئارقىلىق ۋەتەنىنىڭ ھەربىر شەھرىنى تاماشىبىنلارنىڭ كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۈچىنچى نومۇرلۇق ماھىر يەتتە ياشلىق زۇبەير ئارتىشنىڭ «ئېلىپبەنى تۈگەتتىم» ناملىق نۇتۇقى سۆزلىنىپ بولغاندا، تىلى تۈركچە چىقىپ، ئۇيغۇرچىنى كېيىن ئۆگەنگەن زۇبەيرنىڭ ئانا تىل سۆيگۈسى كۆپچىلىكنى تەسىرلەندۈرمەي قالمىدى. سەككىز ياشلىق نەجىبە ئابدۇزاھىر «خىيالىمدىكى

ۋەتەن» ناملىق نۇتۇقى بىلەن قەلبلەرنى لەرزىگە كەلتۈرگەن بولسا، سەككىز ياشلىق ئىھسان ئالىمنىڭ «چوڭ بولغۇم يوق» ناملىق نۇتۇقى چوڭلارنى ئويغا سالدى. ئارقىدىن توققۇز ياشلىق مۇخلىسە مۇھەممەدئەلى بىلەن ئەسما ھۆسەن «مېنىڭ ئانام» ۋە «مېنىڭ دادام» ناملىق نۇتۇقلىرى بىلەن ھەممەيلەننى رەسمىي يىغلاتتى.

كېيىنكى ياش گۇرۇپپىسىنىڭ مۇسابىقىسى باشلىنىشتىن بۇرۇن، «كىچىك بالا ئەمەسمەن»، «مەختۇمسۇلا» دېگەن ناخشىلار ئورۇندىلىپ، بەش ـ ئالتە ياشلىق بالىلار قوشاق ـ شېئىرلىرىنى سۇندى. نورۋېگىيەدىن كەلگەن توققۇز ياشلىق ئەقىدە ھەممەيلەندىن يوشۇرۇن تۇتقان سوۋغىتى ــ ئۆز قولى بىلەن تەييارلىغان «ئايخان ئانا تىل مەكتىپى» نىڭ رەسىمىنى تەقدىم قىلىش جەريانىدا بىر ئائىلىق تەسىراتىنى ھاياجانلىق كۆز ياشلىرى بىلەن ئىپادىلىدى.

10 ـ 13 ياشلىقلار گۇرۇپپىسىدا 10 ياشلىق شەھلا ئوبۇلقاسىم «بالىلىقىمىزنى ياشىغىلى قويۇڭلار» ناملىق نۇتۇقىدا خىتاب شەكلى، ئىنتوناتسىيەسى، سۆزلىرىنىڭ راۋانلىقى بىلەن باھالىغۇچىلارنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇردى. ئاندىن 12 ياشلىق مۇھەممەد مۇسا «ئۆز بۇرچۇمنى بىلدىم» ناملىق نۇتۇقى بىلەن ۋەتەن ـ مىللەتكە بولغان بۇرچ تۇيغۇسىنى ھېس قىلدۇردى. 12 ياشلىق مېھرىبان مۇھەممەدنىڭ «ھېيت كۈنى» ناملىق نۇتۇقى ۋە 13 ياشلىق سەلىمە ئەيسانىڭ «مېنىڭ دادام» ناملىق نۇتۇقى يەنە بىر قېتىم كۆزلەرنى ياشقا تولدۇردى. ئاخىرىدا 13 ياشلىق ئىخلاسە ئىليار ئۆز كىملىكى ھەققىدە ئىزدەنگەن «مەن كىم؟» ناملىق نۇتۇقى بىلەن مۇسابىقىنى ئاياغلاشتۇردى.

مۇسابىقىدىن كېيىن «بۆيۈكلەر بىر سورۇندا» ناملىق نومۇر ئورۇندىلىپ، ئەجدادلار ئەسكە سېلىندى، خور ئېيتىلدى، بالىلارنىڭ كەيپىياتى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ نومۇر ئورۇنداپ بەرگۈسى كەلگەن ئوماقلار ئۆزلۈكىدىن سەھنىگە چىقتى.

باھالاش نەتىجىسىدە، ئەسما ھۆسەن ۋە سەلىمە ئەيسا «ئەڭ تەمكىن ناتىق» مۇكاپاتىغا، مۇخلىسە مۇھەممەد ۋە مۇھەممەد مۇسا «ئەڭ جەسۇر ناتىق» مۇكاپاتىغا، ئىھسان مەخمۇتجان «ئەڭ جانلىق ناتىق» مۇكاپاتىغا، زۇبەير ئارتىش «ئەڭ كىچىك ناتىق» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. نەجىبە ئابدۇزاھىر ۋە ئىخلاسە ئىليار 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، ئىھسان ئالىم ۋە مېھرىبان مۇھەممەد 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا لايىق كۆرۈلدى. نەرگىزە مەمەتجان بىلەن شەھلا ئوبۇلقاسىم ئايرىم ھالدا ئىككى ياش گۇرۇپپىسىدىكى 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ماھىرلار بولدى. 1 ـ ، 2 ـ ، 3 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ماھىرلارغا لوڭقا، تەقدىرنامە ۋە «ئۇيغۇر ئۆرپ ئادەتلىرى» ناملىق كىتاب، قالغان ماھىرلارغا بىرزەك تاختا، تەقدىرنامە ۋە «كۆرەشچان ئەجدادلار» ناملىق كىتاب ھەدىيە قىلىندى.

«ئايخان ئانا تىل مەكتىپى» نىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىمۇ مۇشۇ پائالىيەتتە ئۆتكۈزۈش پىلانلانغانىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن 2018 ـ 2019 ـ يىللىق «ئېلىپبە سىنىپى» ۋە «ئەدەبىيات سىنىپى» دا ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارغا دىپلوم ۋە ئەسما ئۆزەر مۇئەللىم نەشر قىلغان «بويىما كىتابى»، «يازلىق تەتىللىك مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش سىنىپلىرى» نى پۈتتۈرگەن ھەربىر ئوقۇغۇچىغا ئىسمى يېزىلغان، «ئايخان مائارىپى» نىڭ لوگوسى چۈشۈرۈلگەن مېدال سوۋغا قىلىندى.

ۋەتەن قايغۇسىنى يۈرەكلىرىمىزگە بېسىپ تۇرۇۋاتقان كۈنلەردە بەس ـ بەستە ئېچىلىۋاتقان ئانا تىل مەكتەپلىرى ھەممىمىزنى سۆيۈندۈردى. لېكىن بالىلار ساۋاتلىق بولۇپ بولغاندىن كېيىن نېمىلەرنى قىلىشى كېرەك؟ بالىلارنىڭ ئاددىي كىتابلارنى ئوقۇيالىشى، «ئاپا، دادا» دېيەلىشى يېتەرلىكمۇ؟ ئەلۋەتتە، ياق. ئىشىنىمىزكى، تىرىشچانلىقىمىزلا بولىدىكەن، چەتئەلدىمۇ ئۆزىمىزنى بېسىپ چۈشىدىغان ناتىقلارنى، يازغۇچى ـ شائىرلارنى، دىلى، تىلى، تەپەككۇرى ئۇيغۇرلۇقىنى ئۇنتۇمىغان سۆيۈملۈك ئەۋلادلارنى تەربىيەلەپ چىقالايمىز. بۇ سەھنە دەل مۇشۇ ئۈمىدتە بالىلارنى چاقىرغانىدى، بالىلار كۈتكەنلەردىن ئارتۇقنى ئېلىپ كەلدى.

خەندان (تۈركىيە)

# دوست بولايلى

ئابلىكىم باقى ئىلتەبىر (ئامېرىكا)

كېلىڭ، كېلىڭ باللار،
دوست بولايلى.
بىللە ئويناپ كۈلۈشۈپ،
خۇش بولايلى.

كېلىڭ، كېلىڭ باللار،
دوست بولايلى.
بىلىم ئېلىپ باغچىدا،
خۇش بولايلى.



فوتوسۈرەتنى ئەخمەتجان ئىسمائىل (تۈركىيە) تارتقان



گۈزەل ۋەتىنىمىز

فوتوسۈرەتنى يۇلغۇن (ئامېرىكا) تارتقان